مەملىكەت بويىچە 100 نۇقتىلىق ژۇرنال
مەملىكەتلىك سەرخىل ژۇرناللار سېپىگە كىرگەن ژۇرنال
شىنجاڭ بويىچە ئىجتىمائىي پەن تۈردىكى مۇنەۋۋەر ژۇرنال

# MIRAS (HERITAGE) UYGHUR FOLK CULTURE



5
2013

# ميراس

美拉斯

ISSN 1004-3829
10>
9 771004 382027

www.uyghurkitap.com



# ئەجدادلار مىراسى —

# ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى كىيىم-كېچەكلىرىدىن ئۈرنەكلەر



تۇردى ئىمىن سىزغان

# مىراس

قوش ئايلىق ژۇرنال 2013 - يىل 5 - سان

(ئومۇمي 139 - سان)


## دەۋر ۋە ئەنئەنە

زامانىۋى مەدەنىيەتنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ مۇنەۋ-
ۋەر مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىنى جارى قىلدۇرايلى .......... ئازاد سۇلتان (1)
مەدەنىيەت تارىخىنىڭ ئۈزۈلمەس ئېقىمى ........... مۇختار مۇھەممەد (8)
خەلقنى زامانىۋى مەدەنىيەت بىلەن تەربىيەلەپ، ئىلغارلىققا يېتەكلەيلى ...
............................... نۇرنىسا باقى (12)
ئەنئەنىۋى ئىلغار مەدەنىيەت بىزنىڭ قىممەتلىك مىراسىمىز .............
............................... خۇرسەنئاي مەمتىمىن (14)
ئىلغار مىللىي ئەنئەنە ئامىللىرى قوغداشقا مۇھتاج ... ئەزىزەم تۇيغۇن (16)
تەرەققىياتنىڭ پۇرسەتلىك چاغلىرىنى چىڭ تۇتۇپ، ئىلغار مىللىي مەدەنىيەت
ئەنئەنىمىزنى راۋاجلاندۇرايلى ........... ماھنۇر ھاجى ياقۇپ ئانات (18)
كىيىم- كېچەك مەدەنىيىتىمىز ھەققىدە ئويلىغانلىرىم ...... ئايگۈل ئابلىز (25)

## ئادەت قېرىماس

ئۇيغۇرلارنىڭ ئاشلىق، مېۋە، سەي- كۆكتاتلارنى ساقلاشتىكى ئەنئەنىۋى
ئۇسۇللىرى ........................ ئابدۇرۇسۇل مۇھەممەد ئەلتۇغ (28)
كوسىراپىلىقلارنىڭ ئۆزگىچە ئۆرپ- ئادەتلىرى ... ئابدۇقەييۇم مۇھەممەد (50)
ئۇيغۇرلاردا ياماقچىلىق ........................ ئابدۇكېرىم تۇردى (68)

## بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا

ئاتىنىڭ قىلدىغان ھۈنىرى ........... تەييارلىغۇچى: مۇختار مۇھەممەد (32)

## ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى

«دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» تىكى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىنگە ئائىت بايانلار ......
............................... روبېرت دانكوف (40)





نەشرىيات باشلىقى، باش مۇھەررىر:
**ئازاد سۇلتان** (پروفېسسور، دوكتور يېتەكچىسى)
مۇئاۋىن نەشرىيات باشلىقى، مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
**مۇختار مۇھەممەد**
(ئالىي مۇھەررىر)
جاۋابكار مۇھەررىر: **خۇرسەنئاي مەمتىمىن** (مۇھەررىر)
مۇھەررىرلەر: **نۇرنىسا باقى**
**خۇرسەنئاي مەمتىمىن**
**ئەزىزەم تۇيغۇن**

**باشقۇرغۇچى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
**نەشر قىلغۇچى:** «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى
ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق جەنۇبىي يولى 716 - نومۇر، 14 - قەۋەت
Tel: (0991) 4554017
«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى باسما ئىشلىرى مەركىزىدە بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى:
CN65 - 1130 / I
خەلقئارالىق نومۇرى:
ISSN1004 - 3829
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 60 - 58
پوچتا نومۇرى: 830001
E_mail: mirasuyghur@126.com
چەت ئەلگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: 1130BM
ئېلان ئىجازەت نومۇرى: 6500006000040
باھاسى 6.00 يۈەن
جۈپ ئاينىڭ 1 - كۈنى نەشر قىلىنىدۇ

www.uyghurkitap.com

# مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنى قوغداپ، مەنىۋىيىتىمىزنى ساپلاشتۇرايلى!

ئۇيغۇرلارنىڭ تۇغقاندارچىلىق تۈزۈمىدىكى ئىملداشلىق مۇناسىۋەت توغ-
رىسىدا ........................................ ئابدۇقەييۇم مىجىت (62)

## دۇنيا مىراسى

خاتۇشا (خىتىم شەھىرى) ............... مېھرىگۈل قادىر تەرجىمىسى (48)

## ئايدىڭ كېچىلەر

شېرىن سۆزلۈك قەلەمقاش ...... تەييارلىغۇچى: خۇرسەنئاي مەمتىمىن (60)

## ۋەسىقىلەر

قەشقەر تېكىستلىرى .......... تەييارلىغۇچى: ئابلىمىت قۇدرەت ھەمراھ (71)

## ژۇرنال ۋە مۇھەررىر

ئىلمىي ژۇرنال تەھرىرلىرىنىڭ ئارگىنال بېكىتىش ئۇسۇللىرى ............
........................................ غالىپ مۇھەممەد قارلۇق (76)

بۇ يىل «مىراس» ژۇرنىلى نەشر قىلىنغانلىقىغا 30 يىل بولدى. بۇ مۇبارەك ژۇرنال ئۆزىنىڭ 30 يىللىق شانلىق تارىخىدا 139 سان نەشر قىلىندى، «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ ھەر بىر سانى، ھەر بىر پارچىسى مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ شانلىق تا-رىخىدىن، ئەنئەنىلىرىمىزدىن، ئېسىل ئۆرپ-ئادەتلىرىمىزدىن دەۋرىمىزگە مول ۋە قىممەتلىك ئۇچۇرلارنى تەقدىم قىلدى. «مىراس» ژۇرنىلى مىللىي مەدەنىيىت-مىزنىڭ شانلىق نامايەندىلىرىدىن تۈزۈلگەن گۈزەل مەنىۋى گۈلىستان!

بىز ژۇرنىلىمىز نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ 30 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ژۇرنىلىمىز-نى سۆيۈپ ئوقۇپ كېلىۋاتقان كەڭ ئوقۇرمەنلىرىمىزگە قىزغىن سالام يوللايمىز!

ژۇرنىلىمىزنى ئېسىل ئەمگەك نەتىجىلىرى بىلەن تەمىنلەپ كېلىۋاتقان ئاپتورلىرىمىزغا چىن قەلبىمىزدىن تەشەككۈر ئېيتىمىز!

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ئەزىزەم تۇيغۇن
تەكلىپلىك كوررېكتور: مۇنىرە مۆمىن
كومپيۇتېر مەشغۇلاتىدا: ئەنۋەر تىلىۋالدى، مەريەمگۈل ئىدرىس

مۇقاۋىنىڭ 1-بېتىدە: «ناۋا» ئەسقەر تۇردى سىزغان
ئىچ بەتتىكى سۈرەتلەرنى ئىليار ئابلىمىت تەمىنلىگەن

Chief editor: Azad Sultan
Deputy chief editor: Muhtar Muhammed
Responsible editor: Hursanay Mamtimin

# 保护文化遗产
# 捍卫精神家园

社长，总编：
阿扎提·苏里坦
教授，博导
副社长，副总编：
木合塔尔·买买提
(编审，法人代表)
本期责任编辑：
胡尔仙阿依·买买提明(编辑)
编辑：
努尔尼沙·巴克
胡尔仙阿依·买买提明
艾孜再木·吐依洪

主管：新疆维吾尔自治区文学艺术界联合会
出版：《美拉斯》杂志社(乌市友好南路716号文联14层)
电话：(0991)4554017
印刷：新疆日报社印务中心
发行：乌鲁木齐邮局
订阅：全国各地邮局
国内统一刊号：CN65—1130/I 国外统一刊号：ISSN1004—3829 邮政代号：58—60
E-mail: mirasuyghur@126.com
海外发行代号：1130BM
广告许可证号：6500006000040
邮编：830001
定价：6.00元

Responsible Commission: Xinjiang Uyghur Autonomous Regional Federation of Literary and Art Circles
Editor: "Miras" (Heritages) editorial department
716 # 14 floor southern frendship road Urumqi Xinjiang China
Printer: xinjiang newspaper press center
Distributioner : Urumqi post officePost offices of the whole country
Print number at home: CN65-1130/I
Print number abroad: ISSN1004-3829
PostCode : 58-60
International Standart Book Number: 1130BM
Post Number: 830001
Tel: (0991 4554017
Price: 6¥



# زامانىۋى مەدەنىيەتنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ مۇنەۋۋەر مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىنى جارى قىلدۇرايلى

ئازاد سۇلتان

**تەھرىر ئىلاۋىسى:**

ئەۋلادلارنىڭ سۇنامدۇ كۆڭلى،
ئەجدادلاردىن مىراس قالمىسا.
قورۇنامدۇ ئەجدادلار روھى
مىراسىغا ۋارىس بولمىسا.
شۈكرى،
بىزگە ئەجدادلىرىمىز،
كەتتى تالاي مىراس قالدۇرۇپ،
كەتتى ئۇلار ھاياتىمىزغا،
ئۆچمەيدىغان ئۇدۇم قوندۇرۇپ.
قالدى بىزگە مەنىۋى مىراس،
مەنگە باي.
ھۆسنى چىرايلىق.
گەر ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالساق،
باسار بىزنى روھى گادايلىق
ئۇ بىباھا ئەڭگۈشتىرىمىز،

www.uyghurkitap.com





ئەلا جىمى جابدۇق ئىچىدە.
ساقلىنىدۇ،
جىلۋىلىنىدۇ كۆكۈل ئاتلىق ساندۇق ئىچىدە.

تېيىپجان ئېلىيېف

شۇنداق، ئەجدادلار مىراسى بىزنىڭ بىباھا ئەگگۈشتىرىمىز! ئەلا جىمى جابدۇق ئىچىدە! ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80-يىللىرى مەشھۇر شائىرىمىز تېيىپجان ئېلىيېف قەلىمىدە ئىجاد قىلىنغان بۇ شېئىر خەلقىمىز قەلبىدىكى ئەجداد مىراسىغا بولغان يۈكسەك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى ئىپادىلىگەنىدى. ئەجدادلار مىراسى بىزنىڭ مەنىۋى تۈۋرۈكىمىز، ئەجدادلار مىراسى بىزنىڭ روھىمىز ھەم يىلتىزىمىز!

«مىراس» ژۇرنىلى روياپقا چىققان كۈندىن باشلاپلا ئەجدادلاردىن قالغان مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنى قوغداش، تەشۋىق قىلىش، ئەۋلادلارغا يەتكۈزۈشتەك مۇشكۈل ھەم شەرەپلىك بۇرچنى زىممىسىگە ئالغانىدى. مەلۇمكى، خەلق مەدەنىيىتى بىر مىللەتنىڭ تەرەققىيات تارىخىنىڭ غول ئېقىمى. مىللىي روھنىڭ تۈۋرۈكى، ئەجدادلىرىمىزدىن بىزگە تالاي مىراسلار قالدى. ئۇنى ئەۋلادلارغا خىيانەتسىز تاپشۇرۇشنى ئۆزىگە يۈكسەك بۇرچ دەپ بىلگەن «مىراس» ژۇرنىلى مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزدىكى ئىلغار مىللىي مەدەنىيىتىمىزنى ھەر ۋاقىت قوغداش ئوبيېكتى قىلغان ۋە ئىلغار مىللىي مەدەنىيىتىمىزنى كۈچەپ تەشۋىق قىلىپ كەلگەنىدى. «مىراس» ژۇرنىلى مەدەنىيىتىمىزدىكى ئىلغار تەركىبلەرنى، بولۇپمۇ ئىلغار مەدەنىيەت جەۋھەرلىرىنى قوغداش، تەشۋىق قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەنىدى.

ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇنلىرىنىڭ مولluقى، رەڭدارلىقى بىلەن جاھان ئەھلىگە مەلۇم. ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىمىزدە باشقا مىللەتلەر ئۆرنەك ئالغۇدەك، ئۇنى بۈگۈن ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرسىمۇ بولىدىغان، دەۋر روھىغا ماس كېلىدىغان ئىلغار ئېلېمېنتلار بار. مەيلى يېمەك-ئىچمەك مەدەنىيىتىمىزدىكى ئىلمىي، ساغلام ئوزۇقلىنىش تەرەپلەر بولسۇن ياكى كىيىم-كېچەك مەدەنىيىتىمىزدىكى ئەنئەنىۋى كىيىم-كېچەك ئادەتلىرىنى زامان قېلىپىغا سېلىپ، زاماننىڭ تامغىسىنى ھەر ۋاقىت باسىدىغان ئىلغار ئەنئەنىلىرىمىز بولسۇن، تارىختىن بېرى نۇرغۇن مىللەتلەرنىڭ ئۆگىنىش، دوراش، تەقاسلاش قىزغىنلىقىنى، دولقۇنىنى قوزغاپ كەلگەنىدى.

«مىراس» ژۇرنىلى قوغداش، قېزىش، تەشۋىق قىلىش ئوبيېكت قىلغان ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت دائىرىسىدە كىيىم-كېچەك مەدەنىيىتىمىزگە مەخسۇس «گۈزەللىك ئۇندۇر، توققۇزى توندۇر» سەھىپىسىنى ئاجرىتىپ ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى دەۋرلەردە ئەجدادلارنىڭ كىيىنىش مەدەنىيىتى بويىچە مەخسۇس تېمىدىكى نەچچە ئون پارچە ئىلمىيلىكى يۇقىرى مەخسۇس تەتقىق قىلىنغان ئىلمىي ماقالىلەرنى ئېلان قىلغانىدى. شۇ ئارقىلىق خەلق ئاممىسىنى ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىمىزدىكى ئىلغار كىيىنىش ئادەتلىرىدىن ۋاقىپلاندۇرۇپ، ئەنئەنىۋى كىيىنىش ئادەتلىرىمىزگە بولغان ۋارىسچانلىقنى داۋام ئەتتۈرۈشنى ئاۋامنىڭ ئۆز مىللىي مەدەنىيىتىدىن ئىپتىخارلىنىش ھېسسىياتىنى ئۇرغۇتۇپ، ئۆز مىللىي مەدەنىيىتىنى ھۆرمەتلەيدىغان، قەدىرلەيدىغان ۋە ئۇنىڭغا ئاڭلىق ۋارىسلىق قىلىش كەيپىياتىنى داۋام ئەتتۈرۈشنى مەقسەت قىلغانىدى. ئەلۋەتتە، «مىراس» ژۇرنىلى مەدەنىيىتىمىزدىكى قالاق، شاللاق، خۇنۇك نەرسىلەرنى ئەمەس، بەلكى مەدەنىيىتىمىزدىكى ھەر زامان كىشىلەر تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنالايدىغان ئىلغار تەركىبلەرنى، يەنى «شاكىلى»نى ئەمەس، «مېغىزى»نى ئايرىپ ئاۋامغا سۇنۇپ كەلگەن ۋە بۇ ئىلغار مەدەنىيىتىمىزنى كۈچەپ تەشۋىق قىلىدىغان ئاۋانگارتلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ كەلگەنىدى.

ھالبۇكى ئىنسانىيەت 21-ئەسىرگە قەدەم قويغان بۈگۈنكى كۈندە، بولۇپمۇ ئېلىمىزنىڭ مەدەنىيەت، ئىقتىساد قاتارلىق جەھەتلەردە يۈكسىلىپ ھەممە ساھەلەردە كىشىنى تاڭ قالدۇرىدىغان يېڭى-يېڭى نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلۈۋاتقان، ئېلىمىزنىڭ خەلقارادىكى تەسىرى كۈچىيىۋاتقان، پۈتۈن خەلق زامانىۋى تېخنىكا ۋە بىلىم بىلەن قوراللىنىپ يۈكسىلىۋاتقان، ھەممە نەرسە قولايلىشىپ، خەلق ئاممىسى پەن-تېخنىكا كەلتۈرگەن قولايلىقلارغا قايىل ياشاۋاتقان مۇھىتتا، خەلقىمىز ئارىسىدىكى ئاز ساندىكى بىر قىسىم خوتۇن-قىزلىرىمىزدا «غەيرىي» كىيىنىش ئادىتى كۆرۈلۈشكە باشلىدى. گەرچە بۇ بىر كىيىنىش ھادىسىسى بولسىمۇ، ئەمما بۇ كىيىنىشتە ئىپادىلىنىۋاتقان روھىي كەيپىيات، يەنى مەدەنىيەتنى تەرك ئېتىش، زامانىۋىلىقتىن ياتلىشىش ياكى قارشى تۇرۇش، تەركىي دۇنيالىق

خاھىشى قاتارلىقلار مۇشۇ كۈنىمىزدە كۆرۈلۈۋاتقاچقا، كىشنى چۆچـۈتمەي قـويمايدۇ. كىيىنىش ھەر كىشىنىڭ ئەر-
كىنلىكى، بىراق ئۇ بىر شەخس بىلەن بىر نەچچە ئادەم بىلەن چەكلەنمەي، بەلكى بىر خىل ئىجتىمائىي كەيپىياتقا ئايلان-
سا، ئۇنداقتا ئۇ بىر مەسىلىگە ئايلىنىدۇ، يەنە كېلىپ بۇ خىل ئادەتلەر دىنىي ئەسەبىيلىككە چېتىلىپ قالسا تېخىمۇ بولماي-
دۇ. شۇڭا ھازىرقى بىر قىسىم خوتۇن- قىزلىرىمىزنىڭ كىيىنىشىدىكى «غەيرىيلىك» كىشىنى ئويغا سالىدۇ.

ئۇيغۇر كىيىم- كېچەكلىرى ھېچ زامان خەلقىمىز ئېتىقادىغا پۇتلاشمىغان، تارىختىن بېرى خەلقىمىز ئۆز مىل-
لىتىنىڭ تاشقى تامغىسى بولمىش مىللىي كىيىم- كېچەكلىرىنى قەدىرلەپ كىيىپ كەلگەن. ئىسلام دىنىنى ئـۇيغۇرلار
قوبۇل قىلىپ بۈگۈنگە قەدەر بولغان ئەسىرلەر داۋامىدا ئۇيغۇرلار مىللىي كىيىم- كېچەكلىرىنى ئـوخشاشلا قەدىر-
لەپ كىيگەن ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىپ كەلگەن. ھالبۇكى بۈگۈنىمىزدە كۆرۈلگەن «غەيرىي» كىيىنىش ئادەتلە-
رى كۆچىيىپ كەتسە، كىيىم - كېچەك مەدەنىيىتىمىزگە تەسىر كـۆرسەتمەيدۇ دېيەلمەيمىز، دۇنيـادىكى نـۇرغۇنلە-
غان ئىسلام ئەللىرى ئۆز مىللىتىنىڭ ئەنئەنىۋى كىيىملىرىنى كىيىشنى داۋام قىلىپ كـەلمەكتە، ئـۆز كـىيىملىرىنى قە-
دىرلەپ كەلمەكتە. مەلۇم مىللەتنىڭ كىيىنىش ئادىتىگە بېقىنىش ئەمەلىيەتتە روھىي گادايلىق! خـەلقىمىزنىڭ بـاشقا
مىللەتلەر ئۆلگە ئالغۇدەك كىيىم- كېچەك مەدەنىيىتى تۇرۇقلۇق، باشقا ئـەللەرنىڭ كـىيىم- كېچىكىگە قـارىغۇلارچە
تەۋىنىش، ئۇلۇغلاش ئەمەلىيەتتە نادانلىق! تارىختا نۇرغۇن مىللەتلەر ئۇيغۇرچە كىيىنىشنى مودا قـىلغان، ئـۇيغۇر-
چە كىيىنىشكە ئىنتىلگەن، كىيگەن. بۇنىڭغا تارىخ بەتلىرى گۇۋاھ. ھالا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە بىر قىسىم ئـۇيغۇر
خوتۇن - قىزلىرىمىز ئۆزىنىڭ كىملىكىنى ئۇنتۇپ، باشقا ئەللەرنىڭ كىيىنىش ئادەتلىرىنى مودا قىلىۋالسا، بۇ مەسى-
لىلەر بىزنى ئويلاندۇرىدۇ، ئەلۋەتتە!

ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىمىزنى قوغداشنى نىشانلىغان «مىراس» ژۇرنىلىدىكى بارلىق خادىملار جەمئىيىتىمىزدى-
كى نوپۇزلۇق مەدەنىيەت تەتقىقاتچىلىرى ۋە ئالىم، مـۇتەخەسسىسلەر بـىلەن ئـەنئەنىۋى مـەدەنىيىتىمىز ۋە نـۆۋەتتە
كۆرۈۋاتقان مەسىلىلەر بويىچە مەخسۇس سۆھبەت يـىغىنى ئـۇيۇشتۇرۇپ، يـۇقىرىقى تـېمىلار ئـۈستىدە مـەخسۇس
توختالدى. كۆپچىلىك بىردەك زامانىۋى ئىلغار مەدەنىيەتنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئىلغار مىللىي مەدەنىيەتنى قوغداش-
نىڭ زۆرۈرلۈكىنى مۇئەييەنلەشتۈردى. تۆۋەندە شۇ قېتىمقى سۆھبەت يـىغىنىدا ئـوتتۇرىغا قـويۇلغان مـەسىلىلەرنى
ئوقۇرمەنلەرگە سۇندۇق.

ئېلىمىزنىڭ باشقا قېرىنداش مـىللەتلەرگە ئـوخشاشلا
پارلاق بىر مەدەنىيەتنىڭ ساھىبى بولغان ئۇيغۇرلار ئۇزاق
تارىخقا، مول مەدەنىي مىراسلارغا ئىگە قەدىمىي بىر مىل-
لەتتۇر. جۇڭخۇا مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى دۇردانىلاردىن
بـولغان ئـۇيغۇر كـلاسسىك ئـەدەبىياتى، «ئـۇيغۇر ئـون
ئـىككى مۇقامى» ۋە نـاخشا- ئـۇسسۇللىرى... ھـەممىسى
ئۇزاق تارىخىي ئاساسقا ئىگە. ئۇيغۇرلارنىڭ چوڭقۇر يىل-
تىزلىق رەسىم ۋە نەققاشچىلىقى، ھەر خـىل ئـويمىچىلىق-
بېزەكچىلىكى، مـىس ۋە تـۇرلۇك مېتـال قـۇيمىچىلىقى،
ساپال- كۇلالچىلىقى، گىلەمچىلىك ۋە كـەشتىچىلىكى قـاتار-
لىقلارنىڭ ھەممىسىدە خېلى يۇقىرى ئـېستېتىك سـەۋىيە ۋە
كۆچلۈك سەنئەتلىك قىممەت بالقىپ تۇرىدۇ. يۇرتىمىزنىڭ
تارىخىي ئىزنالىرىغا دىققىتىمىزنى ئاغدۇرغىنىمىزدا، يـىپەك-
چىلىك مەھسۇلاتى بولمىش خوتەن ئەتلەسلىرىنىڭ تـارىختا
«خوتەننىڭ يەرلىك يىپەكلىرى» دەپمۇ ئاتالغانلىقىنى ئەس-
كەرتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. ساپ يـىپەكتىن تـوقۇلغان
ئەتلەسنىڭ نۇسخا ۋە گۈللىرى رەڭدار، ئويناق ھەم تەبى-
ئىي بـولغاچقا، يـىپەك ئـۇيغۇر خوتۇن- قىزلىرىنىڭ ئـەڭ
ئېسىل مۇراسىم كىيىملىرى سۈپىتىدە ئەتىۋارلىنىپ كەلگەن
ۋە تۇرمۇش كىيىملىرى قاتارىدا كـەڭ ئـىستېمال قىلىنغان
ھەم ھازىرمۇ شۇنداق قىلىنماقتا. ئەتلەسنىڭ ئۇيغۇر كىيىم-
كېچەك مەدەنىيىتىدىكى ئەتىۋارلىق ئورنىنى ئۇيغۇر خەلقى-
نىڭ ئىجادكارلىقىغا، شۇنداقلا خېلىلا يۇقىرى سەۋىيەدىكى
ئـېستېتىك ئـېڭىغا بـاغلاپ چۈشىنىشكە بـولىدۇ. ئـادەمنى
قايىل، شۇنداقلا مايىل قىلىدىغىنى، بولۇپمۇ تەئەججۈپتە قال-
دۇرىدىغىنى، ئەتلەستىن ئـىبارەت بـۇنداق نـەپىس، ئېسىل
يىپەك رەختىنىڭ زامانىسىدىلا چۆل- قۇملۇقلار ئا-
رىسىدىكى بوستانلىقلاردا ئاپىرىدە بولۇپ، گۈزەللىك بـابى-
دىكى يېگانە ئـورنىنى ساقلاپ كـەلگەنلىكى، شۇنداقلا
نۇرغۇن تۈر ۋە شەكىللەر بىلەن جۇلالىنىپ ئۇيغۇر توقۇم-
چىلىقى ۋە كىيىم- كېچەك مەدەنىيىتى بەرپا قىلغانلىقىدۇر.

ئۇيغۇرلار يەنە تىل ئـۆگىنىشكە ھېرىسمەن خـەلق.
ئۇيغۇرلاردا «تىل بىلگەن، دىل بىلىدۇ» دېگـەن ھېكمەتمۇ
بار. شۇڭا ئۇيغۇرلار ئـۆز تـىلىنى دادامىنىڭ تـىلى، ئـانامنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com





تىلى دەپ پۇختا بىلگەندىن سىرت، ئېلىمىزدە ئورتاق ئىشلىتىدىغان خەنزۇ تىلىنىمۇ پىششىق ئۆگىنىدۇ. ھازىر بىزدە، ھەتتا ئۈچ، تۆت خىل تىلنى بىر-بىرىگە ئارىلاشتۇرۇۋەتمەي تولۇق بىلىدىغانلار ئاز ئەمەس. تىل ئۆگىنىش قىزغىنلىقى زامانىمىزدىلا ئەمەس، يىراق ئۆتتۈرا ئەسىردىمۇ ئۇيغۇرلارغا ئۇدۇم ئىدى. خېلى كۆپ ئەدىبلىرىمىز شۇ زامانلاردىلا قوش تىلدا، كۆپ تىلدا ئەسەر يېزىشنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن. ئۇلار قەدىمي ئۇيغۇرچە، تۈركچە، خەنزۇچە، سانسكرىتچە، ئەرەبچە، پارسچە قاتارلىق تىللار بىلەن يازغان ۋە تەرجىمە قىلىشقانىدى. «ئەرەب تىلى ئىلمىي تىل، پارس تىلى بەدىئىي تىل» دەپ تۈركىي تىللار كەمسۇندۇرۇلۇۋاتقان ئاشۇ زامانلاردا، ئۆز تىلىنىڭ ئاڭلىق پەرۋىشكارلىرىنىڭ تىرىشچانلىقلىرى، بولۇپمۇ تۈركىي تىللارنىڭ غايەت زور ھاياتىي كۈچى تۈپەيلى، شۇ زامانلاردىكى تىل بەيگىسىدە تۈركىي تىللار پارس تىلى بىلەن بىرلىكتە خۇددى بىر جۈپ تۇلپارلاردەك ئەلڭ ئالدىدا ئۈزۈپ ماڭغانىدى.

يۇقىرىقى تارىخىي بايانلىرىمىزدىن، بىزدە ئەجدادلىرىمىز قانداق قىلىپ مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى ھەممە تەرەپلەردىن ئىلگىرى سۈرۈپ كېلەلىگەندۇ؟ دېگەن سوئالنىڭ تۇغۇلۇشى تەبىئىي.

دەرھەقىقەت، ئىلغار مەدەنىيەتنى ئۆگىنىش، ئىلغار مەدەنىيەتنى كۆزلەش ۋە ئۇنى تەشەببۇس قىلىش — قەدىمدىن تارتىپ بىزنىڭ تاللىشىمىز، ئىزدىنىشىمىز، شۇنداقلا بىزنىڭ شەرەپلىك ئەنئەنىمىز بولۇپ كەلگەندى. ھالبۇكى، مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىيات يولى ئەزەلدىن شۇنداق تەكشى، شۇنداق راۋان ۋە ئوڭۇشلۇق بولغان ئەمەس. چېكىدىن ئاشقان پىكىر ئېقىملىرى، قالاق، جاھىل ۋە مۇتەئەسسىپ كۈچلەر ھەمىشە گاھ ئوڭدىن، گاھ سولدىن چىقىپ توسقۇنلۇق قىلىپلا كەلگەن، بولۇپمۇ دىنىي ئۇقۇملارنى چۈشىنىشتە، چۈشەندۈرۈشتە، تەپسىرلەشتە بىر قىسىم دىنىي رادىكاللار كىشىلەرنىڭ سەۋىيە-چۈشەنچىلىرىدىكى پەرقلەردىن، بولۇپمۇ كىشىلەرنىڭ نادانلىقىدىن پايدىلىنىپ تۇرۇپ، تارىخ چاقىنى كەينىگە بۇراپ كەلگەندى.

ئەمدى بىز نەزەرىمىزنى يىراق تارىخنىڭ مەلۇم بىر كونكرېت نۇقتىسىغا — يەكەن خانلىقى دەۋرىگە قارىتايلى: خانىش ئامانىنساخان «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى»نى رەتلەش، خاتىرىلەش ئىشىنى باشلىغاندا، ئەينى دەۋردىكى بىر قىسىم ئەسەبىي سوپى-ئىشانلار غوۋغا كۆتۈرۈپ، بۇ ئىشنىڭ بېشىغا توپا چېچىشقانىدى، ئەمما خەلقنىڭ سەنئەتكە بولغان مۇھەببىتى، چىنلىق، ياخشىلىق ۋە گۈزەللىككە بولغان ئىنتىلىشى بۇ قاراقويۇننى تىنچىتقانلىقى ئۈچۈن، ھازىر بىز جاھان سەھنىلىرىدە مەيدىمىزنى كېرىپ تۇرۇپ ئېيتىۋاتقان، ئورۇنلاۋاتقان «ئون ئىككى مۇقامى»مىز ھاياتىي كۈچكە ئېرىشكەندى. يەنە شۇ دەۋردە قاباھەتلىك كۈچلەرگە ۋەكىللىك قىلىدىغان هارام نىيەت ئاپپاق غوجا جۇڭغاردىكى غالدانىنىڭ تۇپىلاڭچىلىرىنى باشلاپ كېلىپ، يەكەن خانلىقىنىڭ يۇلتۇزىنى ئۆچۈرگەندى. بۇ قۇترۇغان تەلۋىلەر مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ تەرەققىياتىنى بوغقان، مىللىي مەدەنىيەتنى دەپسەندە قىلغانىدى. ئۇلار ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى داۋام ئەتمەك ئۈچۈن خەلق ئاممىسىنىڭ ئاڭسىز، تەلۋە، قاششاق ھالەتتە

تۇرۇشنى كۆزلەپ، خەلقنى نادان تۇتۇش سىياستىنى يۈرگۈزگەندى. نەتىجىدە، تۈگمەس جەڭگى-جېدەل، دىنىي نىزالار سەۋەبىدىن پۈتۈن بىر ئۇيغۇر خەلقى ئاق تاغلىق، قارا تاغلىق دېگەندەك گۇرۇھ-توپلارغا بۆلۈنۈپ، بىر-بىرى بىلەن بوغۇشقان، بىر-بىرىنى قىرىشقاندى. بىچارە ئاۋام خەلق جۇڭغار توپىلاڭچىلىرى ۋە قارا نىيەت غوجىلارنىڭ دەھشەتلىك زۇلۇمى ئاستىدا دەپسەندە قىلىنىپ، دوزاخ ئازابىنى تارتىشقاندى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئەزىز دىيارىمىز جاھانگىرلارنىڭ، توپىلاڭدىن توغاچ ئوغرىلايدىغان هارام نىيەتلەرنىڭ جەننىتىگە ئايلاندى. مانا بۇ شىنجاڭ تارىخىدىكى ئەڭ زۇلمەتلىك زاماندۇر. تارىخنىڭ بۇ ئاچچىق قىسمەتلىرى پۈتۈلگەن سەھىپىلەردە خەلقنىڭ نىداسى، چۇقان سادالىرى نۇرغۇن ئەدىبلەر تەرىپىدىن مۇنداق خۇلاسىلەنگەن: بۇ قارا يىللار، جەڭگى-جېدەللەر قايتىلانمىغاي، بىز يەنە شۇنداق جەڭگى-جېدەل، دىنىي نىزالار پاتقىقىغا قايتا پېتىشنى زىنھار-زىنھار خالىمايمىز!

ھەرقانداق بىر مىللىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىغا ئىگە كىشى، ھەرقانداق بىر ئەقىل ۋە ۋىجدان ئىگىسى تارىخنىڭ بۇ ئاچچىق ساۋاقلىرىدىن ئىبرەت ئالالايدۇ، ئەلۋەتتە!

ئابدۇقادىر داموللام (1870-1924) 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا شىنجاڭدا قوزغالغان ئاقارتىش مەرىپەتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ پېشۋاسىدۇر، ئۇ جەمئىيەتنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن دانا بىر زات ئىدى. ئۇنىڭ تۇغۇلغان يېرى ئاتۇش بولۇپ، ئىلىم ئۆگىنىش ۋە يول تېپىش ئۈچۈن قەشقەر، بۇخارا، سەمەرقەنت قاتارلىق جايلارغا بارغان. بىر قىسىم ئىسلام دۇنياسىغا مەشھۇر مەدرىسىلەردە مۇدەررىسلىك قىلغان، ئىلىم مۇتالىئە قىلغان بولۇپ، دىنىي ۋە پەننى ئىلىمدە توشقان ئالىم كىشى ئىدى. ئابدۇقادىر داموللام ئۆز ۋەتىنىنى چوڭقۇر سۆيەتتى، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە غەربىي ئاسىيا ۋەزىيىتىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى دۇنياۋى نەزەر كۆزى بىلەن كۆزىتىپ، يۇرتى شىنجاڭنىڭ يەنىلا شۇ بېكىنمە، نادان، قالاق ھالەتتە تۇرۇۋاتقانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ مەردانىلىك بىلەن ئوتتۇرىغا قويغان: «بىزنىڭ دىنىمىز ھەرگىزمۇ نادانلىقنىڭ ۋەكىلى ئەمەس» دېگەن خىتابى ئەينى دەۋردە نۇرغۇنلارنى چۆچۈتۈپ، نۇرغۇنلارنىڭ دىلىنى يايرىتىۋەتكەنىدى. ئۇ دىيالوگ شەكلىدە يازغان «ئاقايىت زۆرۈرىيە (زۆرۈر ئەقىدىلەر)» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دېگەنىدى.

سوئال: ئىلىم ئۆگىنىشنىڭ ھۆكۈمى نېمىدۇر؟

جاۋاب: ئىلىم ئۆگىنىش ئەر ۋە ئايالغا ئوخشاش پەرزدۇر، ئىلىم بۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە سائادەتكە ئېرىشىدىغان سەۋەبتۇر.

سوئال: مىللەتنىڭ خار ۋە زەبۇن بولۇشىغا سەۋەب نېمىدۇر؟

جاۋاب: سەۋەب ئىككى، بىرى بىلىمسىزلىك ۋە نادانلىق؛ ئىككىنچىسى، تەپرىقچىلىك ۋە ئىختىلاپتۇر.

سوئال: ئىززەت-ئابرۇي نېمە بىلەن بولۇر؟



www.uyghurkitap.com



جاۋاب: ئىلىم ـ مەرىپەت ۋە ئىتتىپاقلىق بىلەن بولۇر.

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، بۇ دانا زات ئۆزىنىڭ ئەقىل-پاراستى ۋە زامانىسىدىكى بىتەكرار تەپەككۇر كۈچى بىلەن شۇ زامان ئەقىل-پاراستىنىڭ يۈكسەكلىكىدە تۇرالىغان ئىكەن. بىراق، ئەپسۇس دىنىي ئەسەبىي كۈچلەر ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ كۆزلىرىگە قادالغان مىخ بىلىپ، ئۇنى ئۆز ئۆيىدە ئۆلتۈرۈۋەتكەنىدى.

ھېلىمۇ ئېسىمىزدە، «شەپقەت ھەمشىرىسى» دەپ ئاتالغان سانىتاركا رىزۋانگۈل سەپداشلىرىغا ئوخشاش بېشىغا قۇلاقچە، پۇتىغا ئۆتۈك كىيىپ، قولىغا قورال ئېلىپ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىلەن باتۇرلارچە ئېلىشقان ۋە جەڭدە مەردلەرچە قۇربان بولغانىدى. ئۇ ھەرگىزمۇ «ئايال كىشى، مەزلۇم كىشى، ئايال كىشى دېگەن بىر ئەرنىڭ شەخسىي مۈلكى، ئۇنىڭ بەخت ـ تەلىيى بىر ئەرنىڭ پېشىدا» دەپ قاراپ تۇرمىغان. بىزنىڭ مەرھۇم رىزۋانگۈلگە ئوخشاش تالاي قىزلىرىمىز، ئاياللىرىمىز بار. ئەلۋەتتە، ئۇلار مىللەتتىن ئۈدۈم بولۇپ كېلىۋاتقان گۈزەل ئەخلاق، شەرم ـ ھايانىڭ ۋارىسلىرى، لېكىن ئۇلار ئۇنداق پەتىۋالار بىلەن چۈشۈلۈپ، بەنت بولۇپ قېلىشنى خالىماي، ئۆز تەقدىرىنى، ئۆز بەختىنى يارىتىش ئۈچۈن تىرىشىپ كەلمەكتە. ئۇلار ئۆز پەرزەنتلىرىنى يارامىلىق تەربىيەلەپ، ئۆيىنى گۈلدەك تۇتۇپ، ئائىلىسى، جەمئىيەت، ئەل ـ ۋەتەن ئالدىدىكى بۇرچىنى، مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىپ كەلمەكتە. ئۇلار ۋەتەننى سۆيۈشنى شەرەپ دەپ بىلىدۇ، كۈرەشچانلىق ئارقىلىق ئۆز تەقدىرىنى ئۆزگەرتىپ، ئۆز ھاياتىنىڭ قىممىتىنى يارىتىدۇ، ئۇلار نادانلىقتا پاتقاندا مەڭگۈ ھەسرەتتە ئۆرتىنىدىغانلىقىنىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلالايدۇ.

ئەمدى ھازىر بىزنىڭ مىللىي مەدەنىيىتىمىز يەنە بىر قېتىم تەھدىتكە دۇچ كېلىۋاتىدۇ. جەمئىيەتتە ئېقىپ يۈرگەن بەزى گەپ-سۆزلەر، ھەر خىل پەتىۋالار كىشىنى ئەجەبلەندۈرىدۇ، كۆرۈلۈۋاتقان ئايرىم ئەھۋاللار بىزنى ئويلاندۇرىدۇ، ئەنسىرىتىدۇ: تويلاردا ناخشا ئېيتىشقا، ئۇسسۇل ئويناشقا بولماسمىش، ھەممە توي مەسچىتلەردە ئۆتكۈزۈلۈشى لازىممىش... شۇنىڭ بىلەن ئايرىم جايلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەسىر-ئەسىرلەردىن بېرى شەكىللەنگەن، داۋاملاشقان «توي نەغمىسى بىلەن، ئۆلۈم ھازىسى بىلەن» دېگەندەك بەزى تۇرمۇش ئادەتلىرى قىسماقتا ئېلىنغىلى تۇرۇپتۇ.

ھەر يىلى ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا قاتنىشىدىغانلارنىڭ ئىچىدىكى سەنئەت-تەنتەربىيە قاتارلىق ئالاھىدە كەسپلەردە تالانتى بار باللار ھەر يىلى مەخسۇس ئىمتىھانغا قاتنىشىپ، ئېلىمىزدىكى سەنئەت-تەنتەربىيە ئىنستىتۇتلىرىغا تاللىنىدۇ. بۇ دۆلەتنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتى، جۈملىدىن، ھەرقايسى مىللەتلەر مەدەنىيەت ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى ئالاھىدە تەدبىرى. ھالبۇكى، قىسمەن ئاتا-ئانىلار جەمئىيەتتە ئېقىپ يۈرگەن بەزى پەتىۋالارنىڭ تەسىرى ۋە ئۆزلىرىنىڭ بىر تەرەپلىمە قاراشلىرى سەۋەبىدىن سەنئەتتىكى تالانتى كۆرۈنۈپلا تۇرغان پەرزەنتلىرىنىڭ ئىستىقبالىنى توسۇپ قويماقتا. ئۇلارچە بولغاندا رەسىم سىزسا بولماسمىش، ئۇسسۇل ئوينىسا يامان بولارمىش... بۇ ئىشلار كىشىنى ئويلاندۇرۇپ قويىدىكەن؛ ئەگەر بۇ ئايرىم ئىشلار زورىيىپ ئومۇميۈزلۈك ئىجتىمائىي كەيپىياتقا ئايلانسا، ئۇنداقتا زامانىمىزدىكى ئۇيغۇر ئۇسسۇلىنىڭ پېشۋاسى قەمبەر خانىمدەك، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پەخىرلىك رەسسامى غازى ئەھمەدتەك سەنئەتكارلىرىمىزنىڭ كەينىدىن تاپ بېسىپ كېلىدىغان ۋارىسلىرى بارا-بارا يوقاپ كېتەمدۇ-قانداق؟ ئەجابا، يۈسۈپ خاس ھاجىب، مەھمۇد كاشغەرىي، ئەلىشىر نەۋايى، ئامانىساخان قاتارلىق ئۇلۇغلىرىمىز، تۆھپىكارلىرىمىز ياندۇرغان ھەم ئېگىز كۆتۈرگەن ئىلىم-ئىرپان مەشئىلى ھالا بىزنىڭ قولىمىزغا كەلگەندە ئۆچۈپ قالارمۇ؟ خەلقىمىزگە، مىللىتىمىزگە بەرىكەت بەرگەن ئىلىمگە، زامانىۋى مەدەنىيەتكە شەيدا بولىدىغان ئىزدىنىش روھى، ئىلغار مىللىي روھ شۇنىڭ بىلەن تۈگەپ كېتەرمۇ؟

غازى ئەھمەد مەملىكەت ئىچىدىلا ئەمەس، خەلقئارادىمۇ تونۇلغان جۇڭگو ئۇيغۇر رەسسامى، ئۇنىڭ «مۇقام» قاتارلىق بىر قانچە پارچە ۋەكىللىك ئەسىرى بېيجىڭ گۈزەل سەنئەت سارىيىغا تاللىنىپ، مەڭگۈلۈك ساقلانماقتا. بۇ، ئەلۋەتتە، رەسساملار ئۈچۈن ئەڭ ئالىي مۇكاپاتتۇر. ئۇ سىزغان رەسىملەر فىرانسىيە قاتارلىق ياۋروپا ئەللىرىدە، ئىران، تۈركىيە قاتارلىق ئىسلام ئەللىرىدە يۇقىرى باھاغا، كەڭ ئېتىراپقا ئېرىشىپ، مەملىكىتىمىزگە ۋە مىللىتىمىزگە شان-شەرەپ كەلتۈرگەن. غازى ئەھمەد ئەپەندىنىڭ ئۆزى يازغان «ھاياتىمدىكى ئۆچمەس سۈرەتلەر» ناملىق كىتابىنى ئوقۇپ بىلدىمكى: ئۇ بىر مەشھۇر دىنىي ئائىلىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەنىكەن. ئۇنىڭ 7-ئەۋلاد ئۇلۇغ بوۋىسى ئېلىجان ھاجى بوۋام دېگەن زات ئۆز دەۋرىنىڭ كاتتا ئۆلىمالىرىدىن بولۇپ،



ئۇنىڭ ئەل ئىچىدىكى مەرتىۋىسى زىيادە بولغانىكەن، دادىسى ئەھمەد قازى ئاخۇنۇم خوجىدار جامەسىنىڭ ئىمامى، خاتىپى، كېيىن قەشقەر قورغانىنىڭ قازىسى بولغانىكەن. مانا مۇشۇ دىنىي ئۆلىمانىڭ ئۆلپەتلىرى ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ تام - تورۇسلىرى، قورۇنىڭ ئىچى - تېشىغا سىزدۇرۇلگەن ھەر خىل رەسىملەرنى كۆرۈپ، قازى ئاخۇنۇمغا ئۆز بالىسىغا نەسىھەت قىلىشنى، رەسىم سىزىشنى چەكلەشنى كۆپ قېتىم ئېيتقان بولسىمۇ، ئىسلام تەرىقەتلىرىنى تەرك ئەتمەيدىغان بۇ تەقۋادار زات ئۆز ئوغلىنىڭ كۆڭلىدە يېنىۋاتقان بۇ ئوتنى ئۆچۈرۈۋەتمەي، ئۇنى ئۆز يولىدا تەبىئىيلىكىگە قويۇپ بەرگەن. ئاتا دۇئاسىنى ئالغان غازى ئەھمەد ئۆز يولىدا مىللىتىگە شان - شەرەپ كەلتۈرۈپلا قالماي، ئاتا يۈزىنىمۇ يورۇق قىلالىغان. مەخسۇس ئادەم سۈرىتىنى سىزىدىغان غازى ئەھمەد ئەركىگە قويۇلمىغان بولسا، ئەھمەد قازى ئاخۇنۇم شۇ چاغدا «ئادەم رەسىمىنى سىزسا گۇناھ بولىدۇ» دەپ تورۇۋالغان بولسا، ئادەم سۈرەتلىرىنى ئاجايىپ پاساھەت بىلەن سىزىدىغان رەسسام غازى ئەھمەدمۇ بولمايتتى.

ئەپسۇسكى، هازىر جەمئىيىتىمىزدە ئەسەبىيلىك كۆچىيىپ، ئۇمۇ «هارام»، بۇمۇ «هارام» دېگەن پەتىۋالار كۆپىيىپ قالدى. ھەتتا پۇلنىمۇ، يولنىمۇ، توكنىمۇ «هارام» دېگۈچىلەر يوق ئەمەس. بىمەنىلىك جەمئىيەت بىلەن، تەرەققىيات بىلەن، ھۆكۈمەت بىلەن قارشىلىشىدىغان كەيپىياتنى پەيدا قىلىپ، بىر قىسىم ياشلىرىمىزنى جىنايەت پاتقىقىغا پاتۇرماقتا.

ئالدىنقى ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئاقارتىش ھەرىكىتىنىڭ بايراقدارلىرىدىن بولغان، يەنە بىر ئوت يۈرەك شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ «غەزەپ ۋە زار» ناملىق شېئىرىدا تەسۋىرلەنگەن «يەنگە ماڭساق كۆز ئېچىپ، كاپىر - جەدىت دەپ قارغىشۇر، بۇ ھاماقەت دەۋردە ئاتەش بولۇپ يانارمەن» دېگەن شېئىرىي مەنزىرە كۆز ئالدىمىزدا زاھىر بولماقتا.

دەرۋەقە، مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتى بەزى - بەزىدە خىلمۇخىل سوقماقلارغا، تۇرلۇك - تۇرلۇك دوقاللارغا دۇچ كېلىپ تۇرسىمۇ، ئىنسانىيەت ئاخىرقى ھېسابتا بۇ مۇشكۇلاتلارنى بىر - بىرلەپ يېڭىپ تەرەققىي قىلدۇرىدۇ. خەلقىمىزدە بۇ قانۇنىيەتنى ھېس قىلالايدىغان ئەقىل - پاراسەت بار. شۇڭا خەلقىمىز مىللەتنىڭ مەدەنىيىتى، مىللەتنىڭ بارلىق ئىشلىرى زامانىۋى مەدەنىيەتنىڭ يېتەكچىلىكىدىن ئىبارەت داغدام يولغا چۈشكەندىلا، ئاندىن مېڭىش تاپالايدىغانلىقىنى جەزمەن چۈشىنىدۇ. ئاساسىي ياقتىن رومانتىزم بىلەن خاراكتېرلىنىدىغان ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا نۇرغۇن - نۇرغۇن ئارزۇ - ئارمانلار تەسەۋۋۇر قىلىنىپ، چۈشكە ئوخشاش گۈزەل بىر گۈزەللىكنى ياراتقانىدى. تەڭ - باراۋەرلىككە ئېرىشىش، ئىناق، بەختىيار ياشاش ئەدەبىياتىمىزنىڭ غايىۋى مەنزىلگاھى، شۇنداقلا خەلقىمىزنىڭ گۈزەل ئىستەكلىرى ئىدى. مەيلى ئەدەبىياتتا بولسۇن ياكى رېئال تۇرمۇشتا بولسۇن، خەلقىمىز مۆجىزە يۈز بېرىپ ئارزۇلارنىڭ رېئاللىققا ئۆرۈلۈشىنى كۈتۈپ كەلگەنىدى. مانا ھازىر بىز تەرەققىياتنىڭ پۇرسەتلىك پەيتلىرىگە دۇچ كېلىۋاتىمىز، بۇ راسا ئۆگىنىدىغان، ئىشلەيدىغان، ئىجاد قىلىدىغان چاغلاردا بىز ئەل، ۋەتەن ئارزۇسىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئۈچۈن ئۆز ھەسسىمىزنى قوشىمىز.

(ئاپتور: ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، رەئىسى)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# مەدەنىيەت تارىخىنىڭ ئۆزۈلمەس ئېقىمى

مۇختار مۇھەممەد

ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ئىنسان ئۇيغارلىقىنىڭ تەدرىجىي تەرەققىياتى داۋامىدا جۇغلانغان مىللەتنىڭ خاسلىقى، ئالاھىدىلىكلىرى ئەكس ئېتىدىغان مەدەنىيەتتۇر. ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت بىر مىللەتنىڭ تارىختىكى تۇرلۇك ئىدىيەلىرى، مەدەنىيىتى، كۆز قاراشلىرى قاتارلىقلارنىڭ ئومۇمىي ئىپادىسىدىن ئىبارەت. ئۇ مىللەتنىڭ ياشاش شەكلى ۋە تەپەككۇرىنىڭ ئىنكاسى.

جۇڭخۇا مىللەتلىرى چوڭ ئائىلىسىدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە شۇ مەدەنىيەتكە ئەڭ گەۋدىلىك ئورۇننى ئىگە ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى جۇڭخۇا مەدەنىيەتلىرى خەزىنىسىدە ئۆزگىچىلىكى بىلەن كۆزنى قاماشتۇرىدىغان بىباھا گۆھەردۇر. تارىخنىڭ ھەرقايسى باسقۇچلىرىدا ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئۆزگىچىلىكى، ئىلغارلىقى، ئىلمىيلىكى بىلەن جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۆز ئۈلۈشىنى قوشۇپ كەلگەن.

ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت قۇدرەتلىك مەنىۋى بايلىق ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تەركىبىدىكى ئولتۇراق مەدەنىيىتى، كىيىنىش مەدەنىيىتى (كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتى)، يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتى قاتارلىقلار شەكىل ۋە مەزمۇن جەھەتلەردە تولىمۇ رەڭدار.

ئۇيغۇر كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتى ئۇزاق تارىخقا، مول مەزمۇنغا ئىگە. ئەجدادلار بىزگە قالدۇرغان مىراس — ئۇيغۇر كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتى ئۇزاق يىللىق تارىخىي تەرەققىيات داۋامىدا ئېھتىياجغا ئاساسەن يېڭىلىنىپ، ئۆزگىرىپ، مۇكەممەللىشىپ، ئۆزگىچە مىللىي تۇسكە ئىگە بولغان. كىيىم ـ كېچەك ئىنساننىڭ زىننىتى، شۇنداقلا ئۇ مىللىي خاسلىقنىڭ ئەڭ يارقىن نامايەندىسى. كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتى مەدەنىيەتنىڭ باشقا فورماتسىيەلىرىگە ئوخشاش بىر خىل ئىجتىمائىي ۋە تارىخىي ھادىسە. كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتى بەلگە خاراكتېرىگە ھەم تارىخىي ئۆزگىرىشچانلىققا ئىگە. كىيىم ـ كېچەك ئارقىلىق مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادى، مەنىۋى يۈكسىلىش ئەھۋالىنى چۈشەنگىلى بولىدۇ.

ئۇيغۇر خەلقى مۇكەممەل كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتىنى ياراتقان مىللەت. تارىخ بەتلىرىنى ۋاراقلىساق، بۇ ھەقتە نۇرغۇن بايانلار بار. ئۇيغۇر خەلقى بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر ئۆز مىللىي كىيىم ـ كېچەكلىرىنى قەدىرلەپ كەلگەن. يېقىنقى كۈنلەردە كۆرۈلۈۋاتقان مىللىي ئەنئەنىمىزگە يات كىيىنىش ھادىسىسى كىشىنى چۆچۈتمەي قويمايدۇ.

مەن ئۈرۈمچىدە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان. ئېسىمنى بىلگەن كۈنلەردىن باشلاپلا ئاپامنىڭ ياغلىق چېگىپ، كۆڭلەك كىيىپ مىللىي خاسلىقنى ساقلاپ ياشاپ كەلگەنلىكىنى بىلىمەن. بىراق بۈگۈنكى كۈندىكى ئورىنىۋالغانلارغا ئوخشاش كۆرۈنۈشنى پەقەت ھۆججەتلىك فىلىم ياكى كىنولاردىلا كۆرگەن ئىكەنمەن. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىنىڭ بېشىدا ئالىي مەكتەپكە ئوقۇشقا كەلگەن قىز ساۋاقداشلىرىمىز ئىشتان كۆڭلەك كىيىپ، كىيىم ـ كېچەك ئەنئەنىمىزنى ئەسلىتىپ تۇراتتى. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۈرۈمچى مۇھىتىغا ماسلىشىپ، زامانىۋىلىق ۋە ئەنئەنە بىرلەشتۈرۈلگەن مىللىي كىيىم ـ كېچەك ياكى دەۋر ئېقىمىغا ماسلاشتۇرۇپ كىيىنىشكە ئەھمىيەت بېرەتتى.



كىشىنى سۆيۈندۈرىدىغىنى، خوتۇن - قىزلىرىمىزنىڭ
كىيىم - كېچەكلىرىدە ھەم دەۋر ئالاھىدىلىكى، ھەم زامانىـ
ۋىلىق، ھەم ئەنئەنىۋى كىيىم - كېچەكلىرىمىزدىكى مىللىي
خاسلىق شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەنلىكى،
ھەتتا قايسىسىنىڭ دەۋر ئېقىمى، قايسىسىنىڭ مىللىي ئالاـ
ھىدىلىك ئىكەنلىكىنى پەرقلەندۈرگىلى بولمىغۇدەك دەرىـ
جىدە جىپسىلاشتۇرۇلاتتى. مانا بۇ مىللىتىمىزنىڭ ئەقىل -
پاراستى، ھەم مىللىي خاسلىقى گەۋدىلىك، ھەم دەۋر ئالاـ
ھىدىلىكى گەۋدىلەندۈرۈلگەن ئەنئەنىۋى كىيىم - كېچەكلىـ
رىمىز كىشىدە زوق پەيدا قىلاتتى.

خەلقىمىز گۈزەللىككە ۋە تەرەققىياتقا تەلپۈنىدىغان
خەلق. ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە خەلقىمىز كىيىنىشلىـ
رىنى ئۆز مىللىي خاسلىقى بويىچە پىچىپ، شۇ زامانغا لايىقـ
لاشتۇرۇپ كىيەلىگەن، يېڭىلىق يارىتالىغان، ئىجاد قىلالىـ
غان خەلقتۇر. باشقىلارنىڭ ئىلغار، زامانغا لايىق تەرەپلىرىـ
نى قوبۇل قىلغانلىقى، قالاق، چۈشكۈن، خۇنۇك تەرەپلىـ
رىنى قوبۇل قىلمىغان ۋە شاللىۋەتكەن. مانىرھېم قەشقەر
تۇمەن دەرياسى كېچىكىدە تارتقان «بوستان چاچلىق
قىز» گەرچە بۇنىڭدىن بىر ئەسىر ئىلگىرىكى سۈرەت بولـ
سىمۇ، ئەمما ئۇ ھېچ زامان بىزدىكى شۇ قىزغا بولغان سۆـ
يۈنۈش تۇيغۇمىزنى ئۆچۈرەلمەيدۇ، توسۇپ قالالمايدۇ.
بېشىغا دوپپا، ئۇچىسىغا گۈللۈك كۆڭلەك، كۆڭلەك ئۇستىـ
گە كالتە يەكتەك كىيىپ، ئىشتىنىنى ئۇشۇغىسىدىن سەل
يۇقىرىغا كۆتۈرۈپ سۇ كېچىپ جىلمىيىپ تۇرغان بۇ
گۈزەل ئۇيغۇر قىزىنىڭ تۇرقى بۇنىڭدىن 100 يىل ئىلگىـ
رىمۇ ئۇيغۇر خوتۇن - قىزلىرىنىڭ ئۆز مىللىي ئالاھىدىـ
لىكى بويىچە يارىشىملىق كىيىنەلەيدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ
تۇرۇپتۇ. كېيىنكى كۈنلەردە توردىن شۋېتسىيەدە ساقلىنىـ
ۋاتقان مىسسىئونېرلار تەرىپىدىن تارتىلغان بىر ئەسىردىن
ئىلگىرىكى فوتو سۈرەتلەردىن ئۇيغۇر خوتۇن - قىزلىرىـ
نىڭ كىيىم - كېچەكتىكى مىللىي خاسلىقىنى بايقىدىم. 1910 -،
1930 - يىللىرى ئەتراپىدا تارتىلغان بۇ فوتو سۈرەتلەردە
ئۇيغۇر خوتۇن - قىزلىرىدىكى دەۋر ئالاھىدىلىكى بىلەن
ئەنئەنە بىرلەشتۈرۈلگەن كىيىنىش ئۇسلۇبى گەۋدىلەنگەن.
ئۇنىڭدا دەۋرنىڭ ۋە مىللەتنىڭ تامغىسى بار. بۇ خىل ئەنـ
ئەنە تارىخنىڭ بىرى داۋام ئېتىپ كەلگەن ۋە بۇنىڭدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



كېينمۇ داۋام ئېتىدۇ.

ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىمىزنى قوغدايدىغان ۋە ئىلغار مىللىي مەدەنىيىتىمىزنى تەشۋىق قىلىدىغان «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ مۇھەررىرى بولۇش سۈپىتىم بىلەن «مىراس» ژۇرنىلى روياپقا چىققان كۈنىدىن ئېتىبارەن خەلقىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى قوغداش، قېزىش، تەشۋىق قىلىشنى ئۆزىنىڭ بۇرچى قىلىپ كەلدى. بىز خەلقىمىزنىڭ باشقىلارمۇ ئۆلگە ئالالىغۇدەك ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىمىزدىكى ئىلغار تەركىبلەرنى، زاماننىڭ سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان ئىلغار ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىمىزنى قوغدىدۇق ۋە تەشۋىق قىلدۇق. مەدەنىيىتىمىزدىكى زامانىۋى مەدەنىيەتنى ئەۋج ئالدۇرۇشقا پايدىلىق تەرەپلەرنى خەلق ئاممىسىغا سۇنۇپ كەلدۇق. ئەنئەنىمىزدىكى دەۋر روھىغا ماس كەلمەيدىغان قالاق، پاسسىپ، خۇراپىي تەركىبلەرنى شاللىدۇق. خەلقىمىزگە «شاكال»نى ئەمەس، بەلكى «مېغىز»نى سۇنۇشقا ئەھمىيەت بەردۇق.

يېقىنقى كۈنلەردە كۆرۈلۈۋاتقان قىسمەن خوتۇن - قىزلىرىمىزدىكى كىيىنىش ئادىتىدىكى «غەيرىي»لىك مېنى ئويغا سالدى.

كېسىپ ئېيتالايمەنكى، هازىر جەمئىيەتتە قىسمەنلەر كىيىۋاتقان «ئاباي» شەكلىدىكى «هىجاب» هېچكىمنىڭ ئەمەس، مەن بۇ توغرىسىدا توردا ئەرەب دۆلەتلىرىدىكى كىيىنىش ئالاھىدىلىكىنى سېلىشتۇردۇم. شىمالىي ئافرىقىدىكى مىسىردا قارا رەڭدە «ئاباي» كىيىدىكەن، يۈزىنى ئوچۇق قويىدىكەن. گەرچە مىسىرلىقلار مۇسۇلمان بولسىمۇ، ئۆز مىللىي ئەنئەنىۋى كىيىملىرىنى كىيىشكە، ئەنئەنىۋى مىللىي كىيىملىرىنى دەۋرگە ماسلاشتۇرۇپ كىيىشكە هېرىسمەنىكەن. شۇ جۈملىدىن، ئىئوردانىيە پادىشاھلىقىدىكى ئاياللارمۇ ئاساسەن زامانغا لايىق كىيىنىپ يۈرۈشكە ئادەتلەنگەنىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا لىۋان، ئافرىقىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى ئالجىرىيە، سۈرىيە قاتارلىق ئەرەب ئەللىرىمۇ ئەنئەنە بىلەن زامانىۋىلىق بىرلەشتۈرۈلگەن كىيىنىشكە ئادەتلەنگەن ئىكەن. پەقەت سەئۇدى ئەرەبىستانى پادىشاھلىقى، كۇۋەيت، ئىراق، ئومان قاتارلىق ئەرەب ئەللىرىدە قارا رەڭدە «ئاباي» كىيىش ئادەت ئىكەن، شىئە مەزھىپى كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيدىغان پارس تىللىق ئىراندا بولسا ئەرلەرنىڭ دىنىي زاتلىرى قارا سەللە، قارا تون، باشقا مەمۇرلار ۋە پۇقرالار زامانىۋى كىيىم كىيىشكە، ئاياللىرى ئومۇمەن قارا رەڭدە «ئاباي» كىيىپ يۈزىنى ئوچۇق قويىدىكەن. نۆۋەتتە، شىنجاڭدا كۆرۈلۈۋاتقان قىسمەن خوتۇن - قىزلارنىڭ كىيىنىشى قاباھەت باسقان ئافغانىستاننى ئەسلەتمەي قويمايدۇ.

ئۇچۇر كەمچىللىكى تۈپەيلىدىن بىز تېخى يېقىنقى يىللارغىچە ئافغانىستاننىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىدىن خەۋەرسىز ئىدۇق. بىن لادىن ئافغانىستانغا كېلىپ «ئەل قائىدە» تەشكىلاتىنى قۇرۇشى ۋە ئافغانىستان تېررورىزىمنىڭ پاتقىقىغا پېتىشى بىلەن دۇنيانىڭ كۆزى ئافغانىستانغا تىكىلدى. بىز ئەرلىرى ساقال قويغان، ئاياللىرى «هىجاب» لانغان ئافغانىستاننى كۆردۇق. قالاق، ئارقىدا قالغان، مەزھەب ئۇرۇشلىرى، جەڭگى - جېدەل قاينىغان ئافغانىستان كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولدى. ئۇرۇش پاراكەندىچىلىكىدە ئوتتۇرا ئەسىرنى ئەسلىتىدىغان، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتى ئارقىدا قالغان ئافغانىستان جاھان ئەھلىگە ئاشكارا بولدى. ئېرى تەرىپىدىن بۇرنى كېسىلگەن ئافغان قىزى پۈتۈن دۇنيادىكى هەقنى ياقلىغۇچىلارنىڭ هېسداشلىقىنى قوزغىدى. پەرەنجىگە ئورانغان، ئاچ قالغان مىسكىن ئافغانلار (پۇشتىلار ۋە باشقا ئۆزبېك، تاجىك





2013.5

قاتارلىق مىللەتلەر) كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولدى. پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيانى قېزىپ كۆرسەك، مىسكىن، كەمبەغەل، ئارقىدا قالغان ئىجتىمائىي ھالەتنى ئافغانىستاندىن تېپىش مۇمكىن، قالاقلىقتا ئافغانىستان بۈگۈنكى كۈندە يېگانە!

مەن توردىن ئافغانىستاننىڭ 70 - يىللاردىكى كۆرۈنۈشلىرىنى كۆرۈپ ھەيران قالدىم. كۆزلىرىدىن ئۈمىد ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇرغان، ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا تەجرىبە ئىشلەۋاتقان ئوقۇغۇچىلار توپلىرى، قىزلار گىمنازىيەسىدە فورما كىيىپ دەرس ئاڭلاۋاتقانلار. بۇ كۆرۈنۈشلەرنى ھازىرقى ئافغانىستانلىقلار بىلەن سېلىشتۇرساق ئاسمان - زېمىن پەرق قىلاتتى.

ئافغانىستاننىڭ ھازىرى بىزنى ئېچىندۇرىدۇ. مانا بۇ دىنني ئەسەبىي كۈچلەر كەلتۈرۈپ چىقارغان ئاقىۋەت. ئافغانىستان پاجىئەسىنىڭ بىزدە سادىر بولۇشىنى ھەر قانداق ئەقىل ئىگىسى خالىمايدۇ! يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئېلىمىز ئىقتىسادىنىڭ ئۇچقاندەك راۋاجلىنىشى، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ يۈكسىلىشى، خەلق تۇرمۇشىنىڭ كۈندىن - كۈنگە ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئېلىمىزنىڭ دۇنيا ئەللىرى ئارىسىدىكى نوپۇزىمۇ كۆتۈرۈلدى. دۆلىتىمىز قۇدرەت تاپتى، خەلق پاراۋان بولدى. لېكىن «ئۈچ خىل كۈچلەر» بۇنداق تەرەققىياتنى كۆرۈشنى خالىمىدى. ھەر دائىم جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقنى بۇزۇشقا، مىللەتلەر ئارا ئىتتىپاقسىزلىق پەيدا قىلىشقا ئۇرۇندى. «ئۈچ خىل كۈچلەر» تۈرلۈك يوللار بىلەن جەمئىيەت تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلىش كويىدا بولدى. ئەسەبىي «بىدئەت» تەلىماتلىرىنى خۇپىيانە يوللار بىلەن تارقاتتى ۋە ئاز بىر قىسىم كىشىلەرنى ئۆزىگە مايىل قىلدى. مۇشۇ كۈنلەردە كۆرۈلۈۋاتقان قىسمەن خوتۇن - قىزلىرىمىزدىكى «ئابايى» كىيىپ «ھىجاب»لىنىش شۇ جۈملىدىندۇر.

بۇ مەدەنىيىتىمىزگە قىلىنغان تاجاۋۇزلۇق، مەن بەزىلەرنىڭ ھەتتا تۆت ئايلىق بولغان نارىسىدە بوۋاقىمۇ ئاشۇنداق كىيىندۈرۈپ قويغانلىقىنى كۆرۈپ قاتتىق غەزەپلەندىم.

مەدەنىيەت — بىر مىللەتنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى، ئۇ بىر مىللەتنىڭ مەۋجۇدلۇقىنىڭ داۋام ئېتىشىدىكى روھىي تۈۋرۈك. مەدەنىيەت — بىر مىللەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە روناق تېپىشىدىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنىڭ مەنبەسى، بۇلىقى. ئۇيغۇر كىيىم - كېچەك مەدەنىيىتى تارىختىن بېرى تەرەققىي قىلىپ بۈگۈنكى كۈنگە ئۇلاشقان. ھازىرقى بىر قىسىملارنىڭ «ھىجاب»لىنىشى بىزنىڭ مىللىي كىيىم - كېچەك مەدەنىيىتىمىزگە قىلىنغان تاجاۋۇز، ھاقارەت. ئالدى بىلەن بىز ئەرەبلەر بىلەن قانداش ئەمەس، ئەرەبلەر ئۆز كىيىم - كېچەك مەدەنىيىتىنىڭ ئەندىزىسىدە ياشايدۇ. بۇنداق ئورۇنۇش ۋە كىيىنىشنى ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ جۇغراپىيەلىك شارائىتى، ئەرەبلەرنىڭ ئىجتىمائىي مۇھىتى تۇرمۇش ئادەتلىرى شەكىللەندۈرگەن، بىز ئىرانلىقلار ئەمەس، ئافغانىستانلىق تېخىمۇ ئەمەس.

كۆز ئالدىمىزدىكى ئەمەلىيەت شۇكى، ئۈرۈمچىگە مىدىتسىنا كەسپى بويىچە ئوقۇشقا كەلگەن پاكىستانلىق قىز ئوقۇغۇچىلار پەقەت ئۆز مىللىتىنىڭ كىيىنىش ئادىتى بويىچە يۈرىدۇ. گەرچە پاكىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى بولسىمۇ، مىللىي ئەنئەنىۋى كىيىمنى كىيىشنى تەۋسىيە قىلغانلىقى ئۈچۈن پۇقرالىرى «ھىجاب»لىنىپ كەتمىگەن.

دېمەك، بىز «ئۈچ خىل كۈچلەر»نىڭ تۈرلۈك تېررورلۇق ھۇجۇمىغىلا ئۇچرىماستىن، بەلكى مىللىتىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىگىمۇ قىلغان ھۇجۇمىغا ئۇچرىماقتىمىز.

بىز ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىمىزنى قوغدايمىزكى ھەرگىز ئۇنىڭدىن ۋاز كەچمەيمىز. چۈنكى ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت بىزنىڭ يىلتىزىمىز. ژۇرنىلىمىز تەسىس قىلىنغاندىن بۇيان مەدەنىيىتىمىزگە دائىر يازمىلارنى، تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئېلان قىلىپ كەلدۇق. پەقەت خەلقىمىزنى مەدەنىيىتىمىزنىڭ كۆپ تەرەپلىمە تەركىبلىرىدىن ۋاقىپلاندۇرۇش، ئىلغار مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ شاكىلىنى چىقىرىپ تاشلاشقا ئۈندەش بىزنىڭ مەجبۇرىيىتىمىز.

سابىق مەدەنىيەت مىنىستىرى سۇن جياجېڭ مۇنداق دېگەن: «ئەجدادلار بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن مىراسلارغا، جۈملىدىن، گۈزەل مىللىي مەدەنىيەتكە يۈكسەك ھۆرمەتتىمەن. چۈنكى ئۇ بىزنىڭ ئانا مەدەنىيىتىمىز... ھازىر بار بولغان تارىخىي مىراسلارنى ئەجدادلاردىن قالغان تەۋەررۈك ياد نامىلارنى، ئەستىلىكلەرنى قوغداش بەك مۇھىم. بىز پەقەت ئۆزىمىزنىڭ كىم ئىكەنلىكىمىزنى ئېنىق بىلگەندىلا، ئاندىن تولۇق ئىشەنچ بىلەن كەلگۈسىگە پۇختا قەدەم تاشلىيالايمىز».

(ئاپتور: «مىراس» ژۇرنىلى تەھرىراتىدا)

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# خەلقنى زامانىۋى مەدەنىيەت بىلەن تەربىيەلەپ، ئىلغارلىققا يېتەكلەيلى



نۇرنىسا باقى

كىللەندى. ئۇيغۇر ئەدىب، ئالىملىرىنىڭ ئەدەبىيات-
سەنئەت، مەدەنىيەت سېپىدىكى پېشىۋا - ئۇستازلارنىڭ با-
يانلىرىدىن كۆپ نەرسىلەرنى چۈشىنىۋالدىم ۋە نۇرغۇن
نەرسىلەرنى ئۆگەندىم، ئەنە شۇ ئۆگىنىش تەسىراتلىرىمنى
تۆۋەندىكىچە ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتۈشنى لايىق تاپتىم.

مەدەنىيەت ــ مىللەتنىڭ جېنى، دۆلەتنىڭ تەرەققى-
يات ئىستىقبالى، مىللەتنىڭ راۋاج تېپىشىنىڭ قۇدرەتلىك
كۈچى. چۈنكى ئۇنىڭدا مىللەتنىڭ هاياتىي كۈچى، ئۇيۇ-
شۇش كۈچى، ئىجادىي كۈچى مۇجەسسەملەنگەن. شۇڭا
مەدەنىيەت ئىنسانىيەتنىڭ قىممەتلىك مەنىۋى تۈۋرۈكى،
شۇنداقلا بىباها بايلىقى. ئۇيغۇر خەلقى پارلاق مەدەنىيەت
ئەنئەنىسىگە ئىگە، بىزنىڭ پارلاق مەدەنىيىتىمىز ۋە ئەنئە-
نىمىزنىڭ ئىككى تۈپ ئالاھىدىلىكى بار. بىرى بىز قوبۇل
قىلىشقا ماهىر، ئىككىنچىسى، بىز ئىلغار مەدەنىيەت ئەنئە-
نىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ كەلگەن. مەدەنىيەت ئۆزىنىڭ
ئەنئەنىسىنى راۋاجلاندۇرۇش ئاساسىدا تەرەققىي قىلىشى
كېرەك. شۇ ئەنئەنىگە ئۇيغۇن كېلىدىغانلىرىنى بىز ئەلۋەت-
تە قوبۇل قىلىمىز. مەدەنىيەت مىللەتنىڭ جېنى، مىللەتنىڭ
مەنىۋى تۈۋرۈكى، بىباها بايلىقى ئىكەن، ئۇ ئىلغار مەدە-
نىيەتنى قوبۇل قىلىپ ئۆزىنى بېيىتىشى، ئۆزىنىڭ ئەنئەنى-
سىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئۆزىنىڭساپلىقىنى ساقلىشى
كېرەك. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن كېيىن
سىرتنىڭ مەدەنىيىتى دۆلىتىمىزگە كۆپلەپ كىردى. بىز
قوبۇل قىلالايدىغانلىرىمۇ، قوبۇل قىلالمايدىغانلىرىمۇ
كىردى. ئىلغارلىرىنى قوبۇل قىلدۇق، ئىلغار ئەمەسلىرىنى
شاللىدۇق. هازىر جەمئىيىتىمىزدە پەيدا بولغان قارا شەپە-
رەڭدەك ياسىنىش، هجابلىنىش بىزنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ كى-
يىمى ئەمەس. هازىرقى جەمئىيەتتە پەيدا بولغان بۇ كىيە-
نىش ئادىتىنى كەم قوبۇل قىلالايدۇ؛ مېنىڭچە، بۇ بىر
كىيىم-كېچەك مەسىلىسىلا ئەمەس، بۇ بىر خىل خاهىش،
ناچار يۈزلىنىش، مەدەنىيەتكە نىسبەتەن هاقارەت، ئۆزىنىڭ

هازىر پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا، جۈملىدىن، ئاپتو-
نوم رايونىمىزدا پارتىيەنىڭ ئاممىۋى لۇشيەن هەققىدىكى
تەربىيە ئەمەلىيىتى قانات يايدۇرۇلۇۋاتقان بىر پەيتتە، ئاپ-
تونوم رايون مىقياسىدا زامانىۋى مەدەنىيەت ۋە ئىلغار ئاڭ
بىلەن خەلقنى يېتەكلەش، خۇراپاتلىق بىلەن ئىلغارلىقنى
قانداق پەرقلەندۈرۈش، خەلقنىڭ خاتىرجەم، ئىناق، ئاسا-
يىشلىق ئۈچۈن نېمىلەرنى تەشەببۇس قىلىش، نېمىلەرگە
ۋارىسلىق قىلىش، نېمىلەرنى شاللاش، نېمىلەرنى راۋاجلان-
دۇرۇش، نېمىلەرنى چەكلەش، ئىلغار مەدەنىيەت دېگەن
نېمە؟ تەرەققىياتنىڭ گۈللىنىشىنىڭ ئىستىقبال مەنزىلى
نەدە؟ بىز هازىر قانداق دەۋردە ياشاۋاتىمىز، بىزنىڭ
مەسئۇلىيەت-مەجبۇرىيىتىمىز نېمە؟ دېگەن تېمىلاردا كەڭ
كۆلەمدە بەس-مۇنازىرىلەر، ئىلمىي سۆهبەتلەر ئېلىپ بې-
رىلىۋاتىدۇ. مەن بىر مۇهەررىر بولۇش سۈپىتىم بىلەن
ئىلغار ئاڭ، ئىدىيە بىلەن تەربىيەلىنىۋاتقان بىر زىيالىي
بولۇش سۈپىتىم بىلەن يۇقىرىقى مۇهاكىملەرگە ئالاهىدە
دىققەت قىلىپ كەلدىم. نۇرغۇن نەرسىلەرنى كۆرۈپ،
ئوقۇپ، ئاڭلاپ، ئىدىيەمدە مۇئەييەن كۆز قاراشلار شە-

ئەنئەنىسىنى يوقىتىش. جەمئىيەتتە يۈز بېرىۋاتقان ئىشلار-
دىن سۈنلىڭ ئۈستى تىنچتەك تۇرغان بىلەن، سۈنلىڭ تېگ-
ىنىلىڭ ناھايىتى دولقۇنلۇق، ھەتتا خەتەرلىك ھالەتتە ئىكەنلى-
كىنى بىلگىلى بولىدۇ. بىر قىسىم دىنىي ئەسەبىي كۈچلەر
دىن بىلەن پەننى، دىن بىلەن تەرەققىياتنى، دىن بىلەن
ئىلغارلىقنى قارشىلاشتۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ رەزىل مەقسەتلى-
رىگە يەتمەكچى بولۇۋاتىدۇ، بۇ ئۇلارنىڭ ناخشا -
ئۇسسۇل، مۇقام - مەشرەپ، نورۇز - ئايەم، نەزىر -
چىراغ، توي - تۆكۈن ۋە باشقا ئىلغار تەرەپلەرنى ئىنكار
قىلىشىدا ئىپادىلىنىۋاتىدۇ. بولۇپمۇ سەنئەتكە توسقۇنلۇق
قىلىۋاتىدۇ. ئۇلارچە بولسا ناخشا ئېيتىشقا، ئۇسسۇل ئوي-
ناشقا، مەشرەپ ئۆتكۈزۈشكە، رەسسام- ھەيكەلتىراشلىق
قىلىشقا بولمايدىكەن. ئۇلار ناخشا- ئۇسسۇلدا، بولۇپمۇ
ناخشىدا كۆپرەك مۇھەببەت ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. مۇھەب-
بەت قىز - ئاياللارنى گۇناھ ئۆتكۈزۈشكە قۇترىتىدۇ.
مەشرەپتە ئەر- ئايال ئىككىيلەن بىر- بىرىگە بېقىشىپ
ئۇسسۇل ئوينايدۇ. ئىسلام قائىدىسى بويىچە بۇنداق قى-
لىشقا بولمايدۇ. رەسسام- ھەيكەلتىراشلار ئادەمنىڭ رەس-
مىنى سىزسا دوزاخقا چۈشىدۇ، دەپ قارايدىكەن. ئۇلار
تېخى توينى مەسچىتتە ئۆتكۈزۈشى، ئۆلۈم- يېتىملەردە
نەزىر قىلماسلىقنى تەشەببۇس قىلىدىكەن. يېقىنقى يىللاردا
يەنە ئۇلار نورۇزغا قارشى چىقىۋاتىدۇ. نورۇز دېگەن ئا-
تەشپەرەسلەرنىڭ ئىشى، بۇ ئىسلام دىنىدا يوق دەپ
تەھدىت سېلىۋاتىدۇ. بەزى جايلاردا ئاياللارنىڭ چىرايلىق
ئەتلەس كىيىملىرى، دوپپىسى چەكلىنىۋاتىدۇ. ھىجابتىن
باشقا كىيىملەر ئىسلام دىنىنىڭ قائىدىسىگە ئۇيغۇن كەلمەي-
دۇ دەپ قارىلىۋاتىدۇ. كاستۇم- بۇرۇلكا كىيگەن ئەرلەرمۇ
تەنقىدلىنىۋاتىدۇ. بۇ خىل ھادىسىلەر مىللىي مەدەنىيىتىمىز-
نىڭ مەۋجۇتلۇقىغا پايدىسىز. بەزى ياشلار بىلىپ- بىلمەي
باشقىلارنىڭ كىيىملىرىنى ئەتىۋارلاۋاتىدۇ، مۇشۇنداق ياش-
لارنى توغرا يولغا يېتەكلىمىسەك مىللەتكە زىيىنى ئېغىر.

بىز مۇشۇ دەۋرگە ئۇلاشقىچە نۇرغۇن ئەگرى-تو-
قايلىقلارنى باشتىن كەچۈردۇق، ھېلىمۇ بىز تەرەققىي
قىلدۇق، ھەممەيلەن نادانلىق پاتقىقىدىن پۈتۈنلەي قۇتۇل-
دۇق دەپ ئېيتالمايمىز. ئالدىمىزدا يول تېخى ئۇزاق،
دۇنيا تېز تەرەققىي قىلىۋاتقان مۇشۇ پەيتتە، مەدەنىيەتنى
ئارقىغا تارتىدىغان ئىشلارنىڭ ئالدىنى ئالمىساق بولماي-
دۇ. بىر مىللەتنىڭ زىيالىيلىرى شۇ مىللەتنىڭ سەركىلىرى
ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز بۇ ئىشلارغا ئىلمىي ئا-
ساستا ئاڭلىق ھالدا تاقابىل تۇرۇشىمىز كېرەك. بۇ
بىزنىڭ بۇرچىمىز، مەيلى قايسى جەھەتتىن بولسۇن مەدە-
نىي ھاياتىمىزنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇشىمىز كېرەك، بولۇپ-
مۇ ياشلارنى تارتىشىمىز كېرەك، بۇ بىر مىللەتنىڭ،
خەلقنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش.

ھازىر مىللىتىمىز بىر چوڭ تاللاشقا، چوڭ دوقالغا
دۇچ كەلدى، مىللەتپەرۋەر، مىللەتنى سۆيىدىغان كىشىنىڭ
مىللىتىم نېمە بولدى؟ نەگە بارىدۇ؟ دېگەن مەسلىنى
ئويلايدىغان ۋاقتى كەلدى. مىللەتنىڭ ئىلغار بىر قىسمى
بولغان زىيالىي بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مىللەتنى ھەقىقىي
سۆيۈش ئىدىيەسىدە مىللىتىمىزنى پالاكەتلەردىن، پېشكەل-
لىكلەردىن، خاتالىقلاردىن ساقلاپ قېلىشىمىز كېرەك.

(ئاپتور: «مىراس» ژۇرنىلى تەھرىراتىدا)

# بىلدۈرگۈ

ژۇرنىلىمىز نەشر قىلىنىپ بۈگۈنگە قەدەر ئوقۇرمەنلەر، ئاپتورلار ۋە ھەرقايسى ساھەدىكى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ قوللاپ - قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشىپ كەلدى. ژۇرنىلىمىز ئۇنىۋان ئالماقچى بولغان قېرىنداشلىرىمىزغا قۇلايلىق يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن، ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكى، مەكتەپلەردىكى ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ۋە تەتقىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ ماقالىلىرىنى قوبۇل قىلىدۇ.

سەمگىزدە بولسۇن، «مىراس»تا ئېلان قىلىنغان ماقالىڭىز ئۇنىۋان باھالاش ھەيئىتى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىدۇ.

تېلېفون نومۇرى: 0991 ـ 4554017

**ھۆرمەت بىلەن: «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى**

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# ئەنئەنىۋى ئېسىل مەدەنىيىتىمىزنىڭ قىممەتلىك مىراسىمىز

خۇرسەنئاي مەتتىمىن

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى دۆلىتىمىز زېمىنىنىڭ ئالتىدىن بىر قىسمىنى ئىگىلەيدىغان تەبىئىي بايلىقى مول، ھاۋاسى ساپ، مەنزىرىلىك رايون بولۇپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۇزاق تارىخىي دەۋرلەردىن بۇيان شەكىللەنگەن ئېسىل ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندى.

مەدەنىيەت — ئىنسانلارنىڭ بارلىق پائالىيەت ھەرىكىتىنىڭ جەۋھىرى، مىللىي روھنىڭ مەشئىلى، ئىنسانىيەت ياراتقان بارلىق ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىقنىڭ يىغىندىسى. ئىنسانىيەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە تەرەققىياتى مەدەنىيەتتىن ئايرىلالمايدۇ، مەدەنىيەت سىڭىشىش، داۋاملىشىش، كۆچۈش، جۇغلىنىش، ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە.

جۈملىدىن ئۇيغۇر مىللىتىمۇ جۇڭخۇا مەدەنىيىتىدە ئۆزىنىڭ ھەرقايسى ساھەلەردىكى ئېسىل ئەنئەنە ۋە مەدەنىيەتلىرى ئارقىلىق جۇڭخۇا مەدەنىيەت خەزىنىسىنى بېيىتقان. ئۇيغۇر خەلقى بۈيۈك مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىگە ئىگە مىللەت بولۇپ، ئۇزاق تارىختىن بۇيان ئۆزىگە خاس ئۆرپ ـ ئادەت، ئەخلاق ـ پەزىلەت ئەنئەنىلىرى، يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك، ھۈنەر ـ سەنئەت ساھەسىدە يۇقىرى مەدەنىيەت خاسلىقىنى ياراتقان.

بۇ مەدەنىيەتلەر ئىچىدە ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتى خاسلىققا ۋە زامانىۋىلىققا ئىگە ئىلغار مەدەنىيەتلەرنىڭ بىرى.

نەچچە مىڭ يىللىق تارىخىي تەرەققىيات شىنجاڭنىڭ ئۆزىگە خاس جۇغراپىيەلىك كىلىمات ھالىتىنى شەكىللەندۈرۈپ، شەرق، غەرب مەدەنىيىتى بۇ يەردە ئۇچرىشىپ، دۇنيا ئەھلىنىڭ كۆزىنى قاماشتۇرىدىغان خاس كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتى بارلىققا كەلگەن.

ئۇيغۇر كىيىم ـ كېچەكلىرى ئۆزىنىڭ خاسلىقى، ياراشىملىقى، رەڭدارلىقى بىلەن دۆلەت ئىچىدىلا ئەمەس، بەلكى خەلقئارادىمۇ زور ئالقىشقا ئېرىشتى. شىنجاڭنىڭ كىيىم ـ كېچەك لايىھەلىگۈچىلىرى دۆلىتىمىز ئىچى ـ سىرتىدىكى داڭلىق سەھنىلەردە ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ رەڭدار كىيىم ـ كېچەكلىرىنىڭ سېھرىي كۈچىنى دۇنيا خەلقىگە نامايان قىلدى.

ئۇيغۇر قىز ـ يىگىتلىرىمىزنىڭ قامىتىگە ياراشقان دوپپىلار، كانۋا كۆڭلەك، ئەتلەس كۆڭلەك ۋە ھەر خىل مۇراسىم كىيىملىرى تۇرمۇشىمىزدىكى توي ـ تۆكۈن، ھېيت ـ ئايەم، مەشرەپ سورۇنلىرىدا شۇ سورۇننىڭ تېخىمۇ رەڭدار ۋە جانلىق بولۇشىغا ماسلاشقان. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر كىيىم ـ كېچەكلىرى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىيەت خاسلىقىنى تونۇتىدىغان مۇھىم بەلگە بولۇپ قالغان.

مانا بۇلار ئەجدادلىرىمىزدىن بىزگە قالغان قىممەتلىك مىراس، بىز بۇ مىراسلىرىمىزدىن پەخىرلىنىمىز.

ئۆزۈم تۇغۇلۇپ ئۆسكەن غۇلجا شەھىرى قەدىمدىن شىنجاڭدىكى مەدەنىيەتلىك يۇرتلارنىڭ بىرى بولۇپ

كەلگەن. غۇلجىنىڭ جۇغراپىيەلىك مۇھىتىنىڭ ئەۋزەللىكى ۋە ياۋروپا مەدەنىيىتى بىلەن ئۇچرىشىش شارائىتىنىڭ ئەۋزەللىكى غۇلجا شەھرىنىڭ تۇرمۇش ئادىتى، تۇرالغۇ ئادىتى، كىيىنىش ئادىتى، تازىلىق ئادىتى قاتارلىق تۈرلۈك ئادەتلىرىدە باشقا يۇرتلاردىن پەرقلىق خاسلىقلارنى شەكىللەندۈرگەن.

شۇڭا غۇلجىنىڭ دەرەخلىك مەھەللىلىرى، مەھەللىگە ياراشقان ئىنتايىن پاكىز ۋە كۆركەم ھويلا-ئارانلىرى، گۈل-چېچەك ۋە مېۋىگە تولغان باغلىرى كىشىلەرگە ئارامبەخش تۇيغۇسى ئاتا قىلسا، غۇلجا كىشىلىرىنىڭ خۇش چاقچاقلىقى، مېھماندوستلۇقى، چوڭقۇر پىكىرلىكلىكى، بولۇپمۇ كىيىنىشتىكى رەتلىك پاكىزلىقلىقى، خاسلىقى كىشىلەردە ئۇنتۇلماس تەسىرات قالدۇرىدۇ.

غۇلجا يىگىتلىرى كاستۇم-بۇرۇلكا، كانۋا كۆڭنەك، بېشىغا مانچىستىر دوپپا (غۇلجا دوپپىسى)، پۇتلىرىغا «ئىلى كۆن-خۇرۇم زاۋۇتى»دا تىكىلگەن ناھايىتى سىپتا، پارقىراپ تۇرغان بەتىنكىلەرنى كىيىپ غاچىلداپ ماڭسا، غۇلجىنىڭ ئورۇق، نازۇك قىزلىرى بېشىغا چىمەن دوپپا، ئەتلەس كۆڭلەك ياكى ئېسىل رەختلىرىمىزدىن تىكىلگەن ھەر خىل پاسوندىكى كۆڭلەكلەرنى كىيسە، چوكانلىرى رەڭدار ئۇزۇن كۆڭلەكلەرنى ياكى پىلاتا-يوپكىلارنى كىيىپ، بېشىغا رەڭدار كىچىك ياغلىقلارنى چېچىنى تۈگۈپ، چېچىنىڭ كەينىگە ياراشتۇرۇپ چىگىپ، پۇتلىرىغا چىرايلىق خۇرۇم تۇپلىلەرنى كىيىپ، ناھايىتى كۆتۈرەڭگۈ ھالدا غۇلجىنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەپ، مەملىكەت ئىچى-سىرتىنى تاڭ قالدۇرغىدەك نەتىجىلەرنى ياراتقان.

بىز ئەنە شۇ ئەجدادلىرىمىزدىن پەخىرلىنىمىز.

ئەمدى نۇقتىمىزغا كەلسەك، تارىختا بىز ئۇيغۇرلار دىنىي ئېتىقاد جەھەتتە ئىسلام دىنىنى تاللىغان بولساقمۇ، ئەمما كىيىم-كېچەك جەھەتتە ھېچقاچان ئەرەبلەرنىڭ كىيىمىنى تاللىمىغان، بەلكى ئۆزىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى كىيىم-كېچەك مەدەنىيىتىنى ساقلاپ كەلگەن.

ھالا بۈگۈنگە كەلگەندە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى يۇرتلىرىدا ئەنە شۇنداق ئەرەبلەرنىڭ قارا ئابايى-ھىجاب كىيىمىنى كىيگەن ئۇيغۇر ئاياللىرى كۆپىيىپ قالدى. ئۆزىمىزنىڭ شۇنچە چىرايلىق ھەم سىپتا كىيىملىرىمىز توپا بېسىپ تۇرسا، بىز باشقىلارنىڭ كىيىمىنى كىيىپ مەغرۇرلانساق، بۇ بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىزنىڭ، ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى مىراسىغا ھاقارەت قىلغان، بۇزغۇنچىلىق قىلغىنىمىز بولمامدۇ؟

مەدەنىيەت مىللەتنىڭ جان تومۇرى، خەلقنىڭ مەنىۋى ماكانى. مەدەنىيەت كىشىلەرنىڭ بەلگىلىك دەۋردىكى ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش شەكلى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولىدۇ. بۈگۈنكى دەۋردىكى ھەرقانداق بىر مىللەت مەۋقەنى ئۆز مەدەنىيىتىنىڭ ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇشقا قارىتىپ، خاسلىققا ۋە ئورتاقلىققا ئىگە بولغان مەدەنىيەت بەرپا قىلغاندىلا، ئاندىن ھەقىقىي مەنىدىكى مەدەنىيەت شەكىللەندۈرگەن بولىدۇ.

شۇنداق ئىكەن، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئىلغار مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش بىزنىڭ ھەر بىرىمىزنىڭ مەجبۇرىيىتى.

بىز ئالدى بىلەن ئۇيغۇر مىللىتىگە ۋەكىللىك قىلىمىز، شۇڭا ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تىپىك ئەنئەنىۋى مىراسى بولغان چىرايلىق كىيىملىرىمىزگە ۋارىسلىق قىلىشىمىز، ئاسرىشىمىز، قوغدىشىمىز كېرەك.

ئۆزىمىزنىڭ مىللىتىنىڭ تارىخىنى ئوبدان چۈشىنىشىمىز، دىن بىلەن مەدەنىيەتنى ئېنىق ئايرىپ، دىنىمىزنى خۇنۇكلەشتۈرىدىغان خاتا قىلمىشلارغا قارشى تۇرۇپ، ئەنئەنىۋى مىللىي مىراسلىرىمىزنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشىمىز لازىم.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم 8-قېتىملىق پارتىيە قۇرۇلتىيىدا زامانىۋى مەدەنىيەتنى يېتەكچى، پەن-تېخنىكا ۋە مائارىپنى تىرەك قىلىپ، يېڭىچە سانائەتلىشىش، يېزا ئىگىلىكنى زامانىۋىلاشتۇرۇش، يېڭىچە شەھەرلىشىش ۋە ئىسلاھات قەدىمىنى تېزلىتىپ، گۈللەنگەن، باي، ئىناق، مۇقىم بولغان گۈزەل شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىشنى بېكىتتى.

مەركەزنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدا ھەر قايسى مىللەتلەر ئۆزىنىڭ خاسلىقىنى، ئىلغار مەدەنىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتىغا تېخىمۇ كۆپ تۆھپە قوشۇش ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

شۇڭا بىز مانا مۇشۇنداق ئەۋزەل سىياسەت ئاستىدا ئىدىيەدە تېخىمۇ ئازاد بولۇپ، كۆز قاراشلىرىمىزنى يېڭىلاپ، ئىلغار ئىدىيەنى قوبۇل قىلىپ، مەنىۋى مەدەنىيەت ساپايىمىزنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈپ، مىللىتىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى ئىلغار مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، مىللىتىمىزنىڭ كەلگۈسىنىڭ پارلاق بولۇشىغا كۈچ چىقىرايلى!

(ئاپتور: «مىراس» ژۇرنىلى تەھرىراتىدا)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئىلغار مىللىي ئەنئەنە ئامىللىرى قوغداشقا موھتاج

ئەزىزەم تۇيغۇن



ياردىكى بۇ يۇرتتا ھەر مىللەت خەلقى ئۆزىگە خاس بىر يۈرۈش مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىنى يارىتىپلا قالماي، بەلكى ئۇنى شەرق ۋە غەرب مەدەنىيەت ئامىللىرىنى قوبۇل قىلىش ئاساسىدا تېخىمۇ بېيىتىپ ھەم مۇكەممەللەشتۈرۈپ كەلدى. شۇنداقلا يەنە، ئۆزىنىڭ خاس ئالاھىدىلىكلىرىنىمۇ ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈپ، دۇنيادىكى ھەرقايسى مەدەنىيەتلىك مىللەتلەر قاتارىدا دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىگە بىر ئۈلۈش تۆھپە قوشۇپ كەلدى. بولۇپمۇ ئالدىنقى ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ، شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭ ۋە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەدەنىيەت ئامىللىرىنى ناھايىتى تېز قوبۇل قىلىش بىلەن بىللە، يەنە ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ خاس مەدەنىيەت ئامىللىرى بىلەن ئۈنۈملۈك بىرلەشتۈرۈپ، يېڭىچە بىر خىل مەدەنىيەت شەكلىنى ياراتتى. شۇ قاتاردا بىز ئۇيغۇرلار ياراتقان يېڭىچە مەدەنىيەت فورمىسىمۇ ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ، دىققەت-ئېتىبارغا سازاۋەر بولدى. ھازىر شىنجاڭنىڭ مەيلى مەدەنىي-مائارىپ، سەھىيە-تەنتەربىيە، ئەدەبىيات-سەنئەت، سودا-سانائەت قاتارلىق ھەرقايسى ساھەلىرىدە بولسۇن، شۇنداقلا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، باقمىچىلىق، ياسىمچىلىق قاتارلىق خەلق تۇرمۇشىغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلەپچىقىرىش ساھەلىرىدە بولسۇن، ئۇيغۇرلار ياراتقان ئاشۇ يېڭىچە مەدەنىيەت شەكلىمۇ زامانىۋى تەرەققىيات داۋامىدا ئۈزلۈكسىز پىشىپ يېتىلىپ، يېڭى ئۇتۇقلارغا ئېرىشىپ، ئاجايىپ زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرمەكتە.

جەمئىيەتتىكى باشقا جەھەتلەرنى تىلغا ئالماي تۇرايلى، پەقەت شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى بازارلارنىڭ تەرەققىياتى ئۈستىدە توختالساقلا، بۇنىڭ سان-ساناقسىز ئىپادىلىرى ۋە ھاسىلاتلىرىنى كۆرەلەيمىز.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئەزەلدىن كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان، تۈرلۈك مەدەنىيەتلەر ئۆزئارا گىرەلەشكەن، ھەر خىل دىنىي ئېتىقادلار تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان رايون بولۇپ، ھازىر ئاپتونوم رايونىمىزدا ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، موڭغۇل، خۇيزۇ، قىرغىز، تاجىك، ئۆزبېك، تاتار، داغۇر ۋە باشقا مىللەتلەردىن بولۇپ، 40 نەچچە مىللەت ئاھالىسى ياشايدۇ. بۇ مىللەتلەر ئاساسلىقى ئىسلام، خىرىستىيان ۋە بۇددا دىنلىرىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. شۇڭا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تارىختىن بۇيان شەرق ۋە غەرب مەدەنىيەتلىرى ۋە يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ھەرقايسى دىنلارغا تەۋە بولغان تۈرلۈك مەدەنىيەت ئامىللىرى تەڭ مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن. بۇ پەقەت بىر كۈن، ئىككى كۈنلۈك ھادىسە بولماستىن، بەلكى قەدىمكى يىپەك يولى ئېچىلغاندىن بۇيانقى بىر قانچە مىڭ يىللار جەريانىدا ئىزچىل داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان تارىخىي ئەمەلىيەتتۇر. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، تارىختىن بۇيان شىنجاڭدىن ئىبارەت غەربىي دى-

مەسىلەن، ھازىر ھەرقايسى ۋىلايەت، شەھەر، ناھىيەلەردە تەسىس قىلىنغان يېڭىچە بازارلاردا مىسلىسىز گۈللىنىش ۋەزىيىتى شەكىللەنگەن بولۇپ، بازارلارنى قاپلىغان تۈرلۈك مەھسۇلاتلارنىڭ ئىچىدە دۆلەت دەرىجىلىك چوڭ تىپتىكى زاۋۇت-كارخانىلاردا ئىشلەنگەن زامانىۋى تاۋارلاردىن تارتىپ، شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مىللىي خاسلىقىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان قول ھۈنەر ۋە سەنئەت بۇيۇملىرىغىچە، قىسقىسى، تۈرلۈك رەڭدار يىپەك رەختلەر ۋە ئەتلەسلەر، ھەر خىل نۇسخىدىكى گىلەملەر، ئۇيغۇرچە، قازاقچە، موڭغۇلچە، قىرغىزچە دېگەندەك ھەر خىل ئۇسلۇبتا كەشتىلەنگەن كۆڭلەكلەر، كەشتىلىك پەردە-داستىخان، يوتقان-كۆرپە، ياستۇقلار، ئەر-ئايالچە ھەر خىل نۇسخىدىكى گۈللۈك دوپپىلار، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مىللىي چالغۇ ئەسۋابلىرى ۋە مىللىي تېبابەت دورىلىرى، مىللىي ئۇسۇلدا قورۇتۇپ تەييارلانغان قورۇق مېۋىلەر قاتارلىق مىللىي خاسلىققا ئىگە ھەممە نەرسىنىڭ تولۇق سېتىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىز. يەنە كېلىپ بۇ نەرسىلەرنى ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن ۋە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ساياھەتچىلەرنىڭ تالىشىپ سېتىۋېلىۋاتقانلىقىنى، شۇنداقلا بىزنىڭ مىللىي كىيىملىرىمىزنى كىيىپ خاتىرە سۈرەتكە چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىز. دېمەك، بۇ ئەمەلىيەتلەردىن شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىنىڭ باشقا قېرىنداش مىللەتلەر ۋە چەت ئەللىك ساياھەتچىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلالىغۇدەك ئۆزگىچە سېھرىي كۈچى نامايان بولۇپ تۇرۇپتۇ. بۇ مەنزىرىلەرنى ھەر بىر كۆرگىنىمىزدە، ئىختىيارسىز ھالدا گويا قەدىمكى يىپەك يولى مەدەنىيىتىنىڭ 1000 يىل مابەينىدىكى بۇرۇقتۇملۇق ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ، زامانىۋى تۈستە كۆز ئالدىمىزدا قايتا نامايان بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلماي تۇرالمايمىز.

ئەپسۇسكى، مىللىي ئەنئەنىلىرىمىزنىڭ باشقا مىللەتلەر تەرىپىدىن ئېتىبارغا ئېلىنىپ، ئەنە شۇنداق قەدىرلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرگىنىمىزدە، يېقىندىن بۇيان ئۇيغۇرلار ئارىسىدا باش كۆتۈرۈپ قالغان قىسمەن ناچار ئادەتلەر ئۈستىدە ئويلانماي تۇرالمايمىز، ئەلۋەتتە. چۈنكى ھازىر بىر قىسىم ئۇيغۇر ئاياللىرى ئۆزىنىڭ تارىختىن بۇيان كېيىپ كېلىۋاتقان كىيىم-كېچەكلىرىنى، ئۆزىنىڭ خاس مىللىي ئۆرپ-ئادىتىنى ئۇنتۇپ، ئۆزگە مىللەتلەرنىڭ كىيىنىش ئادىتىنى قارىغۇلارچە قوبۇل قىلىۋاتىدۇ. دىنىي تۈس ئالغان خاتا تەرغىباتلارغا ئالدىنىپ، ئەرەبلەرنىڭ كىيىنىش ئادىتىنى «مۇسۇلمانلىقنىڭ ئىپادىسى» دەپ قاراپ، كوچا-كويلاردا ئېتىكى يەر سۈپۈرۈپ تۇرىدىغان قاپقارا كۆڭلەكلەرنى كىيىپ، ئېغىز - بۇرنىنى مەھكەم ئوراپ يۈرۈشۈۋاتىدۇ. ھەتتا كىچىك نارەسىدە گۆدەك ۋە بوۋاق قىزلارنىمۇ مۇشۇنداق كىيىندۈرۈپ، ئۇلارنىمۇ باللىق ئەركىنلىكىدىن، ئىلمىي، مەدەنىي تەربىيە ئېلىش ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم قىلىۋاتىدۇ. ئۇلار مۇشۇ قىلمىشلىرى ئارقىلىق ئۆز مىللىتىنى مەسخىرە قىلىپ، ئەجدادلىرىمىز ياراتقان ئېسىل مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىمىزگە ھاقارەت كەلتۈرۈۋاتقانلىقىنى ھېس قىلالمايۋاتسا كېرەك. ئەنە شۇ ئاياللىرىمىزغا شۇنى ئەسكەرتىپ قويۇشنى لايىق تاپىمەنكى، ئۇيغۇر ئاياللىرى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ، شۇنداقلا يەنە ئۆز مىللىتىمىزنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىنى پىداكارلىق بىلەن قوغدىشىمىز كېرەككى، ھەرگىز ئۇنىڭ ئاسىيلىرىغا ئايلىنىپ قالمايلى! چۈنكى بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز ياراتقان ئېسىل ئەخلاق-پەزىلەت ۋە مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىمىز، مىللىي ئۆرپ-ئادەتلىرىمىز بار! تارىختىن بۇيان ئەجدادلىرىمىز دىنىي ئېتىقادىنى يەڭگۈشلىگەندىمۇ، لېكىن خېلى كۆپ مىللىي ئۆرپ-ئادەتلىرىنى، مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى يەڭگۈشلىمىگەن! مەسىلەن، شامان دىنىدىن قالغان گۈلخان يېقىش، بۇددا دىنىدىن قالغان مۇسىبەتتە ئاق رومال، بەلباغلارنى ھازا بەلگىسى قىلىش (مۇسۇلمانلاردا مۇسىبەت بولغاندا، قارا رومال، سەللە-بەلباغلار ئىشلىتىلىدۇ) قاتارلىق ئادەتلەر ھازىرمۇ بار! مانا ئەمدى دۇنيا تەرەققىي قىلىپ بۈگۈنكى دەرىجىگە يەتكەندە، ئەجدادلىرىمىز ھېچقاچان قىلمىغان ئىشلارنى قىلىشقا ئۇرۇنۇش نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟ كەڭ ئۇيغۇر ئاممىسى ئۆز ئىدىيەسىدە شۇنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشى كېرەككى، مىللىي ئەنئەنە ۋە مىللىي مەدەنىيەت ئامىللىرى گۈللەندۈرۈش، ئاسراش ۋە قوغداشقا موھتاج! شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇيغۇر ئاممىسى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر ئاياللىرى زامانىۋى مەدەنىيەتنىڭ ۋە مىللىي ئەنئەنىنىڭ ئاكتىپ قوغدىغۇچىلىرىدىن بولايلى!

(ئاپتور: «مىراس» ژۇرنىلى تەھرىراتىدا)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# تەرەققىياتنىڭ يۈرۈشلۈك چاقلىرىنى چىڭ تۇتۇپ، ئۇيغۇر مىللىي مەدەنىيەت ئىشىنى راۋاجلاندۇرايلى!



ماھنۇر ھاجى ياقۇپ ئانات

نۆۋەتتە، دۇنيانىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىپ قايسى دەرىجىگە يەتكەنلىكى پۈتكۈل ئىنسانىيەت ئالىمىگە بەش قولدەك ئايان. ئىلىم-پەن تەرەققىيات سەۋىيەسىنىڭ كۈنسايىن ئۆسۈشى ۋە يېڭىلىنىپ تۇرۇشى نەتىجىسىدە، ھازىر نەزەرىمىزدىكى دۇنيامۇ بارغانسېرى كىچىكلەپ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئىنسانلارنىڭ بىر-بىرى بىلەن بولغان ئارىلىقىمۇ بارغانسېرى يېقىنلىشىپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلماقتىمىز. چۈنكى مۇشۇ يېقىنقى 30 يىللار مابەينىدە دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەل خەلقلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇچۇر-ئالاقە ئالماشتۇرۇش ۋاستىلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئىلغارلىششى سەۋەبىدىن، ئەتراپىمىزدىكى قوشنا ئەللەرنىڭلا ئەمەس، بەلكى ئەڭ يىراق، چەت جايلاردا ھايات كەچۈرۈۋاتقان ھەرقايسى ئىرق ۋە ھەرقايسى مىللەت قوۋملىرىغا تەۋە ئىجتىمائىي توپلارنىڭ ئومۇمىي تۇرمۇش ئەھۋالاتلىرى ۋە ئەنئەنە-دىنىي ئېتىقادلىرىمۇ بىر-بىرىگە نىسبەتەن سىرلىق ھادىسە بولماي قالدى. دېمەك، ئومۇمىي ۋەزىيەت شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، بىز ھازىر دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئوخشاشمىغان ئىرقلارغا تەۋە ھەر مىللەت خەلقلىرىنىڭ ياشاۋاتقان جۇغراپىيە مۇھىتى، تۇرمۇش ئۆرپ-ئادەتلىرى، مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرى ۋە دىنىي ئېتىقادىدىن تەپسىلىي بولمىسىمۇ، قىسمەن ھالدا ئۇنىۋېرسال خاراكتېرلىك خەۋەردار بولۇپ تۇرۇۋاتىمىز. ئومۇمەن ھازىر دۇنيادىكى تەرەققىي تاپقان ئەللەر، تەرەققىي قىلىۋاتقان ئەللەر ۋە تېخىچە ئۇرۇش پاراكەندىچىلىكى ھەم دىنىي ئەسەبىيلىك تەھدىتى ئاستىدا تۇرۇۋاتقان ئەللەر خەلقلىرىنىڭ ھازىرقى تۇرمۇش ئەھۋالى ساياھەت ۋە تارانقۇلار ۋاستىلىرى ئارقىلىق بىزگە ئۆز ۋاقتىدا مەلۇم بولۇپ تۇرماقتا. بۇنىڭدىن شۇنى ھېس قىلىمىزكى، ھازىر دۇنيا ۋەزىيىتى شىددەت بىلەن ئىككى قۇتۇپلىششقا قاراپ يۈزلەنمەكتە. غەرب ئەللىرى ۋە تەرەققىي قىلىۋاتقان بىر قىسىم مەملىكەتلەردە كۈنسېرى كۆپىيىۋاتقان نوپۇس بېسىمى، ئىشسىزلىق ۋە ئىقتىسادىي كرىزىس كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتقان قىسمەن زىددىيەتلەرنى ئىككىنچى ئورۇنغا قويۇپ تۇرۇپ قارايدىغان بولساق، بۇ ئەللەردە خەلقنىڭ تۇرمۇشى ۋە مەدەنىيەت سەۋىيەسى خېلىلا يۈكسەك دەرىجىگە، ئىلغار سەۋىيەگە يەتتى. ئەمما ئافغانىستان، پاكىستان ۋە ئوتتۇرا شەرقتىكى خېلى نۇرغۇن دۆلەتلەر ھازىرقى زامانىۋى مەدەنىيەت بىلەن ئوتتۇرا ئەسىردىكى جاھىلىيەت پىكىر ئېقىمىنىڭ ئۆز ئارا ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرىدىغان ئاساسلىق جەڭگاھىغا ئايلىنىپ قالدى.

ئېلىمىز جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھازىرقى ئومۇمىي ئەھۋالىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، ھازىر ئېلىمىز دۇنياۋى تەرەققىياتنىڭ ئەڭ ئالدىنقى قاتارىدا كېتىۋاتىدۇ.

ئېلىمىزنىڭ 5000 يىللىق مەدەنىيەت تارىخى داۋامىدىكى مىسلى كۆرۈلمىگەن غايەت زور ئۆزگىرىشلەر خەلق تۇرمۇشىدا ئەلمىساقتىن بېرى كۆرۈلۈپ باقمىغان يۈكسىلىشلەر بۇ نۇقتىنى ھەر ۋاقىت ئىسپاتلاپ تۇرماقتا. 56 مىللەتتىن تەركىب تاپقان جۇڭخۇا چوڭ ئائىلىسىدىكى ھەر مىللەت خەلقى تارىختىن بۇيانقى ئەڭ يۈكسەك تەرەققىيات پەللىسىدە ياشاۋاتقان بولۇپ، جۇڭگو كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى ۋە مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ دانا رەھبەرلىرىدە ھەرقايسى ساھەلەر بويىچە ئاجايىپ زور پەن-تېخنىكا يېڭىلىقلىرىنى يارىتىپ، دۇنيا تەرەققىياتى بىلەن ماس قەدەمدە ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە. زامانىۋى مەدەنىيەت ۋەزىيەتنىڭ مۇھىم تەقەززاسىغا ئايلىنىۋاتقان، زامانىۋى مەدەنىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش كۈچلۈك تەكىتلىنىۋاتقان، زامانىۋى مەدەنىيەت ئىشلىرى ھەر جەھەتتىن ئۇلۇغلىنىۋاتقان مۇشۇنداق بىر يارقىن ۋەزىيەتتە، ئېلىمىز خەلقى، جۈملىدىن، بىز ئۇيغۇرلارمۇ دۇنيادىكى تەرەققىي قىلغان ۋە تەرەققىي قىلىۋاتقان مىللەتلەر قاتارىدا ئالغا ئىلگىرىلەۋاتىمىز، ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت جەھەتتە كۈنسېرى گۈللىنىپ، بەختىيار تۇرمۇش شارائىتىدا ياشاۋاتىمىز، مانا بۇ ئەھۋالدىن دىلىمىز تولىمۇ سۆيۈنىدۇ ۋە شادلىنىدۇ.

ئۇيغۇر خەلقى بۈيۈك مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىگە باي مىللەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇزاق تارىختىن بۇيان، ئۆزىگە خاس بىر يۈرۈش ئۆرپ-ئادەت، قائىدە-يوسۇن، ئەخلاق-پەزىلەت ئەنئەنىلىرىنى ۋە ھۈنەر-سەنئەت مەدەنىيەتلىرىنى ياراتقان. جۇڭخۇا مىللەتلىرى ياراتقان شانلىق ئېسىل مەدەنىيەت دۇردانىلىرى خەزىنىسىدە، بىز ئۇيغۇرلارنىڭمۇ بىر ئۈلۈش ھەسسىمىز بار! شۇنىڭ ئۈچۈن بىز بۇ پارلاق مەدەنىيىتىمىز ۋە تارىخىي مۇۋەپپەقىيەتلىرىمىزنى ھەسسىلەپ قەدىرلەيمىز ۋە ئۇنىڭدىن چەكسىز ئىپتىخارلىنىمىز. لېكىن مۇشۇنداق بىر ياخشى ۋەزىيەتتە، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە كىشىنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىدىغان ۋە كىشىلەرنى قاتتىق ئويغا سالىدىغان قىسمەن نامۇۋاپىق ئەھۋاللارمۇ باش كۆتۈرۈپ قېلىۋاتىدۇ، بەزى كىشىلەر ئەنئەنە بىلەن دىنىي ئېتىقادنىڭ چەك-چېگراسىنى ئايرىيالماي، «ئۈچ خىل كۈچ»نىڭ قۇتراتقۇلۇقى تۈپەيلى ئېتىقاد نىشانىنى توغرا تاللىيالماي قايمۇقۇپ قېلىۋاتىدۇ، شۇ ۋەجىدىن ھازىر جەمئىيىتىمىزدە دىنىي ئەسەبىيلىك خاھىشى يامراپ، كۈندىلىك تۇرمۇش مۇھىتىمىزدا يامان سۈپەتلىك بەزى ئىدىيەۋى مەسىلىلەر پەيدا بولۇۋاتىدۇ. ئەتراپىمىزدا يۈز بېرىۋاتقان ئايرىم ھادىسىلەرگە دىققىتىمىزنى ئاغدۇرغىنىمىزدا، ئىختىيارسىز ئەلەملىك ھېسسىيات ئىلكىدە قاتتىق ئۆكۈنمەيمۇ تۇرالمايمىز، ئاجايىپ ئېسىل، شانلىق مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ئىگە بولغان بىر خەلقنىڭ بۈگۈنكى كۈندە دۇنيا تەرەققىياتىنى تەرك قىلغان ھالدا، ئوتتۇرا ئەسىر جاھالىتىگە قاراپ چېكىنىشكە يۈزلىنىشى، بۇ تولىمۇ قورقۇنچلۇق ۋە ئېچىنارلىق بىر ئەھۋال، ئەلۋەتتە. ھېكمەت ئەھلىلىرىنىڭ «تارىخنىڭ تەكرارلىنىشى بىر تىراگېدىيە، تىراگېدىيەنىڭ قايتا تەكرارلىنىشى بولسا كومېدىيەدۇر» دېگەن ھېكمەتلىك بىر جۈملە سۆزى بار. تارىختا، «15-، 16-ئەسىرلەردە تەسەۋۋۇپچىلار ئىدىيەۋى ئېقىمى ھۆكۈم سۈرگەن چاغلاردا، خەلقىمىزنىڭ خوجىلار ۋە سوپى-ئىشانلار جاھالىتىگە مەھكۇم بولۇپ، ھەددى-ھېسابسىز قانلىق قىسمەتلەرنى باشتىن كەچۈرگەنلىكى ھەممىمىزگە ئايان. بۇنداق تىراگېدىيەنى قايتا كۆرۈشنى، ئاشۇ قانلىق تارىخنىڭ قايتا تەكرارلىنىشىنى ھېچبىر ئۇيغۇر پەرزەنتى خالىمايدۇ، ئەلۋەتتە. ھازىر پۈتكۈل جۇڭگو خەلقى مۇقىملىققا، چوڭ ئىتتىپاقلىققا، تىنچ تەرەققىياتقا مۇھتاج. كۈلپەتلىك تارىخنىڭ تەكرار كومېدىيەگە ئايلىنىشىنى ھېچكىم ئۈمىد قىلمايدۇ! شۇڭا بۇ ماقالىدە، كۆڭۈلنى بىئارام قىلىدىغان بۇ خىل ئەھۋالغا قارىتا بەزى كۆز قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، كەڭ جەمئىيەتنىڭ ۋە جامائەتنىڭ دىققەت-ئېتىبارىغا سۇنماقچىمەن.

كۆپچىلىككە مەلۇم، مىللىي ئەنئەنە بىر مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس مۇھىم بەلگىسى بولۇپ، ئۇ ھەر بىر مىللەتنىڭ تىل-يېزىقى، ئۆرپ-ئادىتى، كىيىم-كېچەكى، يېمەك-ئىچمىكى، ئەدەبىيات-سەنئىتى قاتارلىقلاردا ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ ۋە شۇ ئارقىلىق مەلۇم بىر مىللەتنى تارىختا ئۆزىگە خاس ئورۇنغا ئىگە قىلىدۇ. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىكى ھەرقانداق بىر مىللەت توپىنىڭ ئۆز ئالدىغا ياراتقان بىر يۈرۈش مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرى، مىللىي ئۆرپ-ئادەت، قائىدە-يوسۇنلىرى بولىدۇ. بۇنىسى قىل سىغماس ھەقىقەت. پەلسەپىۋى نۇقتىدىن ئېيتقاندا، شەيئى پەيدا بولىدۇ، تەرەققىي قىلىدۇ، گۈللىنىدۇ، ئاخىر بېرىپ ھالاك بولىدۇ، بۇمۇ بىر تەۋرەنمەس ھەقىقەت. شۇ سەۋەبتىن ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ھەرقايسى ئىجتىمائىي توپلار ياراتقان يۇقىرىقى مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرى بىلەن ئۆرپ-ئادەت ۋە قائىدە-يوسۇنلارنىڭ دۇنياۋى تەرەققىيات قەدىمىگە ماسلىشالىغانلىرى داۋاملىق راۋاجلىنىپ، كىشىلەر تەرىپىدىن بېيىپ، مۇكەممەللىشىپ باردۇ. ماسلىشالمىغانلىرى ئەنە شۇ تەرەققىيات جەريانىدا كىشىلەر تەرىپىدىن شاللىنىپ، قاتاردىن چۈشۈپ قالىدۇ، بۇمۇ بىر مۇئەييەن ھەقىقەت. شۇ ۋەجىدىن، تارىخىي تەرەققىيات داۋامىدا ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ئەنئەنىسىمۇ ئۇزاق يىللىق تاسقىلىش، شاللىنىشلارنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق پىشىپ يېتىلىپ، ھازىرقى قويۇق مىللىي تۈسكە ۋە مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بىر يۈرۈش ئەنئەنىمىزنى شەكىللەندۈرگەن. بۇنىڭ مۇھىم بەلگىلىرى بىزنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا، يېمەك-ئىچمەكلىرىمىزدە، ئۆزىمىزگە خاس مىللىي كىيىم-كېچەكلىرىمىزدە، ھۈنەر-سەنئىتىمىزدە، مۇزىكا ۋە ناخشا-ئۇسسۇللىرىمىزدا، تىل-يېزىق ۋە ئەدەبىياتىمىزدا، ئىجادىيەت ۋە كەشپىياتلىرىمىزدا ئەكس ئەتكەن بولۇپ، جۇڭخۇا مەدەنىيىتى ۋە دۇنيا مەدەنىيىتى سەھىپىلىرىدە كۆز قاماشتۇرغىدەك جۇلالىنىپ تۇرۇۋاتقانلىقى ھەممىمىزگە ئايان. ئەمما، ھازىر قارايدىغان بولساق يۇقىرىغا تىلغا ئېلىنغان بىر قاتار ھەقىقەتلەر بىزنىڭ ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىگە نىسبەتەن ئەكس تۈس ئېلىپ، تەرەققىي قىلماستىن، بەلكى كەينىگە، ئوتتۇرا ئەسىر جاھالەت دەۋرىگە قاراپ چېكىنىپ كېتىۋاتىدۇ. ئۇيغۇر ئاھالىسىنىڭ بىر قىسمى نورمال دىنىي ئېتىقاد بىلەن رادىكال دىنىي كۈچلەر بازارغا سېلىۋاتقان دىنىي ئەسەبىيلىكنىڭ چەك-چېگراسىنى ئايرىيالمايۋاتىدۇ. بۇنىڭ كونكرېت ئىپادىلىرى ھازىر ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى كۈندىلىك نورمال تۇرمۇش ئەمەلىيىتىمىزدە يېڭىدىن شەكىللىنىۋاتقان قىسمەن ئادەتلەردە تولىمۇ روشەن ئەكس ئېتىۋاتىدۇ. مەسىلەن، دىنىي ئەسەبىيلىك قارىشى تۈپەيلىدىن شەكىللەنگەن خاتا نىكاھ ئادىتى، كىيىنىش ئادىتى، تۇغۇت ۋە بالا تەربىيەلەش ئادىتى قاتارلىقلاردا ھازىر كىشىنى چۆچۈتكۈدەك ھەم يىركەندۈرگىدەك بىر يۈرۈش قاباھەتلىك ئادەتلەر مەيدانغا چىقتى. مەن شىنجاڭنىڭ جەنۇب-شىمالىدىكى ئۇيغۇر ئاھالىسى زىچ ئولتۇراقلاشقان بەزى رايونلارغا بېرىپ باقتىم. شۇ جايلاردا كۆزۈم بىلەن كۆرگەن، ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئاڭلىغان بەزى ئەھۋاللار مېنى تولىمۇ ئېچىندۇردى ۋە ئۈمىدسىزلەندۈردى! تۆۋەندە تەپسىلىي بولمىسىمۇ بۇنىڭغا دائىر مەسىلىلەرنى ئومۇملاشتۇرۇپ تىلغا ئېلىپ ئۆتەي.

نىكاھ مەسىلىسىدە، تۆۋەندىكى دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى قىسمەن ئائىلىدە مۇنداق بىرخاتا قاراش پەيدا بولغان. نارەسىدە-ياش قىزلارنى چوڭ ياشلىق تەقۋادار ئەرلەرنىڭ داموللىلارنىڭ، دىندار تالىپلارنىڭ «تاھارىتىگە سۇ بەرگۈزۈش ئۈچۈن» ئۇلارنىڭ نىكاھىغا بەرسە (ھەدىيە قىلسا) ساۋاب بولارمىش ! ياش قىزلار چوڭ ياشلىق تەقۋادار ئەرلەرگە ئىككىنچى، ئۈچىنچى ياكى تۆت-بەشىنچى توقال خوتۇنلۇققا تەگسە، ئاخىرەتلىك بەختىنى تاپارمىش! جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە ئىلى رايونلىرىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا مۇشۇ خىل زەھەرلىك كۆز قاراش-ئەقىدىلەرنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ، ئاتا-ئانىلىرىنىڭ خاھىشى ياكى ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن پايمال بولۇپ، ئۆمۈرلۈك بەختىنى، ئىستىقبالىنى تۈگەشتۈرگەن، ئاخىر بېرىپ، خارۇ-زارلىقتا قالغان ياش قىزلارمۇ خېلى بار ئىكەن. شۇنداقتىمۇ ئۇلار قانۇن ئارقىلىق ئۆز ھوقۇق-مەنپەئىتىنى قوغداشنىمۇ بىلمەستىن، يەنىلا ماڭقۇرتلارچە ياشاۋېتىپتۇ. بۇ نېمىدېگەن ئېچىنىشلىق ئەھۋال! ئەمدى كىيىنىش ئادىتىگە كەلسەك، بىز ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز تەرەققىيات تارىخىمىز داۋامىدا ياراتقان بىر يۈرۈش كىيىنىش ئادەتلىرىمىز ۋە مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە كىيىم-كېچەكلىرىمىز بار ئىدى. لېكىن بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، قىسمەن ئۇيغۇرلار مىللىي ئەنئەنە بىلەن دىنىي ئېتىقادنىڭ نېمىلىكىنى ۋە ئۇنىڭ چەك-چېگراسىنى ئېنىق ئايرىۋالالماي، قارىغۇلارچە دورامچىلىق بىلەن ئۆزگە مىللەتنىڭ كىيىمنى ئىسلامنىڭ، مۇسۇلمانلىقنىڭ بەلگىسى دەپ قاراپ، ئەرەبلەرنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي كىيىمنى ياكى پاكىستان ئاياللىرىنىڭ مىللىي كىيىملىرىنى كىيىپ يۈرىدىغان بولدى. بۇ يەردە شۇ ئەمەلىيەتنى ئەستە تۇتۇشىمىز لازىمكى، ئەرەب خەلقىنىڭ كىيىنىش ئادىتى ئەرەب مىللىتى ياشاۋاتقان شۇ رايونلارنىڭ ئالاھىدە جۇغراپىيەلىك مۇھىتى ئاساسىدا شەكىللەنگەن. ئوتتۇرا شەرقتىكى ئەرەبلەر ياشايدىغان رايونلار قۇياش نۇرى تىك چۈشىدىغان، ھاۋا كىلىماتى ئىنتايىن ئىسسىق، ئەتراپىنى قۇملۇق-دەشتلەر قاپلاپ تۇرىدىغان، ئۈزلۈكسىز قۇملۇق بورىنى چىقىپ تۇرىدىغان جايلار بولغاچقا، ئۇلار قۇياش نۇرىنىڭ يۈز تېرىسىنى كۆيدۈرۈشىدىن ساقلاش، كۆزلىرىنى قۇم بورىنىنىڭ زەربىسىدىن ئاسراش ئۈچۈن،

ئۆزلىرىنىڭ ئەنە شۇ بىر يۈرۈش كىيىنىش ئادەتلىرىنى
شەكىللەندۈرگەن. پاكىستانلىقلارمۇ ھەم شۇنداق. ئىراق
ئىسلامىيەتنىڭ پەيدا بولغىنىغا ئەمدىلا 14 ئەسىر بولدى.
ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى بۇتپەرەست، ئاتەشپەرەست ئە-
رەبلەرمۇ بىر قانچە 1000 يىللىق ئۇزاق تارىخىي دەۋرلەر
داۋامىدا، ئىسلام ئېتىقادىدىن مۇستەسنا ياشاۋاتقان زامانلى-
رىدىمۇ شۇنداق كىينەتتى. چۈنكى ئۇلار ياشىغان جۇغرا-
پىيە مۇھىت شۇنداق كىيىنىشنى تەلەپ قىلاتتى. ئەينى چاغ-
لاردىكى بابىل، مىسىر، يۇنان، رىم مەدەنىيەتلىرى ھۆكۈم
سۈرگەن زامانلاردىن قالغان نۇرغۇن تارىخىي يازما ماتې-
رىياللاردا ۋە رەسىملىك خاتىرىلەردە بۇ ھەقتىكى تارىخىي
پاكىتلار بار. لېكىن ھازىر ئۇيغۇرلار ئارىسىدا مۇشۇ خىل
ئەرەبچە كىيىنىشكە چوقۇنۇش ھادىسىسى قىسمەنلىكتىن
ئومۇملۇققا قاراپ تەرەققىي قىلىش خەترىنى پەيدا قىلماق-
تا. چۈنكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە مۇشۇ خىلدىكى كىيىم-كې-
چەكلەرنى ئىشلەپچىقىرىدىغان مەخسۇس كارخانىلارنىڭ
ۋە مۇشۇ خىلدىكى كىيىم-كېچەك تىجارىتى بىلەن شۇغۇل-
لىنىدىغان مەخسۇس دۇكانلارنىڭ پەيدا بولۇشى بۇ خە-
تەرنى پەيدا قىلىشتىكى ئاساسلىق ئامىلغا ئايلاندى. شۇن-
داقلا يەنە مىللىتىمىز ئارىسىدىكى بەزى خىزمەتچى كادىر
ئاياللار ۋە زامانىۋى مەدەنىيەتكە ۋەكىللىك قىلىدىغان
قىسمەن ئاياللارنىڭ ئەنە شۇ ئەسەبىي دىنىي ئۇنسۇرلار
تەرىپىدىن بوغۇزلىنىش تەھدىتىگە ئۇچرىغانلىقىنىمۇ
ئاڭلاپ تۇرۇۋاتىمىز. دېمەك، ئۇلار ھازىر ئەسەبىيلىكتە
بارغانسېرى چېكىدىن ئېشىپ تەلۋىلىشىپ بارماقتا. بۇنىسى
ئاز كېلىۋاتقاندەك، ھازىر يەنە ئەمدىلا مەكتەپ يېشىغا
يەتكەن نارەسىدە قىز باللارلا ئەمەس، ھەتتا ئەمچەكتى-
كى قىز بوۋاقلارمۇ مۇشۇ خىل كىيىنىش شامىلىنىڭ تەھدى-
تىگە ئۇچراۋاتىدۇ. كوچا-كويلاردا، مەھەللىلەردە بۇنداق
قىز باللارنى ۋە ئانىلىرى قۇچىقىدا كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقان
قىز بوۋاقلارنى قەدەمدە بىر ئۇچرىتىپ تۇرىمىز. ئۆزىنى
مۇسۇلمان سانايدىغانلارنىڭ ھەممىسىگە مەلۇمكى، ئىسلام
دىنىنىڭ مۇقەددەس كالامى بولغان «قۇرئان كەرىم» ۋە
«ھەدىس»لەردىمۇ ئوغۇل باللارغا توققۇز ياشتا، قىز با-
لىلارغا يەتتە ياشتا ئىبادەت پەرھىز قىلىنىدىغانلىقى،
بالاغەت يېشىغا يەتكەن مۇسۇلمان قىز-ئاياللىرىنىڭ
«ئەۋرەت» جايلىرىنى ئوچۇق قويماسلىقى قەيت قىلىن-
غان، بۇنىڭدا تەلەپ قىلىنغىنى پەقەت بەدەننىڭ مەلۇم ئە-
زالىرىنى ئوچۇق قويماسلىقتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ يۈز-
كۆزلەرنى تامامەن ئېتىۋېلىش ۋە نارەسىدە قىز-بوۋاقلار-
نىمۇ قۇياش نۇرىدىن مەھرۇم قىلىش دېگەندىن دېرەك
بەرمەيدۇ. مۇشۇنىڭغا ئوخشىغان بىر قاتار ئەسەبىي دىنىي
قاراشلارنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە ھۆكۈمران ئورۇنغا
ئۆتكەنلىكى تۈپەيلى، ھازىر تۆۋەندىكى قىسمەن نادان
ئۇيغۇرلار ئاممىسى ئارىسىدا «توي خېتى ئېلىش ھارام»،
«تۇغۇلغان بالىنى نوپۇسقا ئالدۇرۇش ھارام»، «پىلانلىق
تۇغۇت سىياسىتىگە ئەمەل قىلىش ھارام» دەيدىغان بىر
قاتار ئەكسىيەتچىل تەرغىباتلار كۆچىيىپ، بىر تۈركۈم
چالا ساۋات، نادان ئاممىنى قايمۇقتۇرۇپ زەھەرلىمەكتە.
شۇنىڭ بىلەن ھازىر قارايدىغان بولساق، كوچىلاردا
ئاغزى-بۇرنىنى مەھكەم ئوراپ، قورساقتا بىر بالا، قۇ-
چاقتا بىر بالا، كەينىدىن كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكىگە ئېسىلىپ
يىغلاپ كېتىۋاتقان بىر-ئىككىدىن بالىنى ئەگەشتۇرۇۋالغان
ياش قۇرامى تولىمۇ كىچىك، چىرايلىرى زەپىرەڭدەك
سارغايغان روھسىز ئانىلارنى قەدەمدە بىر دېگۈدەك
كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىز. بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى توي خېتىمۇ
ئالماستىن، نىكاھ ئوقۇتۇپلا توي قىلغان ئاياللار بولۇپ،
ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر قانچىدىن باللىق بولغاندىن
كېيىن، ئەرلىرى تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلگەن، شۇنىڭ بىلەن
قانۇنىي نىكاھ ئاساسى بولمىغانلىقى ئۈچۈن قانۇننىڭ قوغ-
دىشىغىمۇ ئېرىشەلمەي، بىر قانچىدىن يېتىم بالىنى ئەتراپ-
قا ئۇلاشتۇرۇپ، باققۇچىسى، ھامىيسى يوق ئەھۋالدا
تېنەپ-تەنتىرەپ يۈرگەن، ئاخىر تۇرمۇش موھتاجلىقى
تۈپەيلىدىن، گەرچە ئۆزى ئاتالمىش «تەقۋادار مۇسۇل-
مان»لارچە كىينىۋالغان بولسىمۇ، رەستە-بازارلاردا ئوغ-
رىلىق قىلىپ، ئېپپەت-نومۇسنى سېتىپ، دىنىنىڭمۇ، مىللەت-
نىڭمۇ يۈزىگە قارا سۈركەپ يۈرگەنلەرمۇ ئاز ئەمەس!
مانا بۇ ئەھۋالمۇ ئۇيغۇرلار جەمئىيىتى ئۈچۈن بىر تىراگې-
دىيە ھەم نومۇس!

يۇقىرىقىدەك دىنىي ئەسەبىيلىكنىڭ قۇربانلىرىغا ئاي-
لانغان ئاشۇ ئانىلاردىن تۇغۇلغان سەبىي گۆدەكلەرنىڭ
ئەھۋالىغا كەلسەك، ئۇلارنىڭ ھالى كىشىنى تېخىمۇ ئېچىن-
دۇرىدۇ! ئانا-بالىنىڭ تۇنجى ئوقۇتقۇچىسى ئەلۋەتتە. بالا
دۇنياغا كۆز ئاچقاندىن كېيىنكى تۇنجى تەلىم-تەربىيەنى
ئۆز ئانىسىدىن ئالىدۇ. ئۆزلىرى مۇنتىزىم مەكتەپ تەربى-
يەسى كۆرمىگەن. تۇزۇك تەربىيە ئېلىش پۇرسىتىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



ئىرىشەلمىگەن ئاشۇ نادان ئانىلاردىن تۇغۇلغان بالىلارنىڭ قانچىلىك تەربىيە ئالالايدىغانلىقى مەن ئەسكەرتىپ ئولتۇرمىساممۇ ھەركىمگە ئېنىق ئايان ئەلۋەتتە، يەنە كېلىپ، بۇ بالىلار مۇقىم تۇرۇشلۇق ئورنى، نوپۇسى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، كەلگۈسىدە كۆپىنچىسى يەسلى، مەكتەپلەرگە كىرىپ تەربىيەلىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمەي، بۇ جەمئىيەتنىمۇ نۇرغۇن قىيىنچىلىق ۋە ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچرايدۇ. 2009-يىلىنىڭ دېكابىر ئېيىدىكى ئۇشتۇمتۇت كۆرۈلگەن قاتتىق سوغۇق ھاۋارايى مەزگىلىدە، بىر قانچە ياش ئانىنىڭ ئىسسىق ئۆيدە بالىلىرىنى ۋە ئۆزىنى ئاسراپ ئولتۇرماستىن، كىچىك بوۋاقلىرىنىڭ توڭلاپ ئۆلۈپ قالغانلىقىنىمۇ سەزمەي كوچىدا كۆتۈرۈپ يۈرگەنلىكىنى خېلى كۆپ كىشىلەر بىلسە كېرەك؛ تېخى بۇلتۇر فېۋرال ئېيىدىلا يەنە بىر ياش ئانا قۇچىقىدىكى بوۋاقنى كۆتۈرۈپ، كەينىدىكى ئىككى يېرىم ياشلىق ئوغلى بىلەن كارى بولماستىن، ئۆزى ئاپتوبۇستىن چۈشۈپ كەتكەنلىكى، بالا ئاپتوبۇسنىڭ پەلەمپىيىدىن ئۆمىلەپ چۈشۈپ بولغىچە، ئاپتوبۇس قوزغىلىپ كېتىپ، بالىنىڭ چاق ئاستىدا قالغانلىقى ھېلىھەم كىشىلەرنىڭ ئېسىدە بولسا كېرەك؛ ھەتتا بەزى ئانىلار قورساقتىكى بالا بىلەن قۇچاقتىكى بالىنىڭ جاپاسىغا يېتىشىپ بولالماي، كەينىدىن ئەگىشىپ كېلىۋاتقان ئۈچ-تۆت ياشلىق بالىلىرىنىڭ ئادەم بېدىكلىرى تەرىپىدىن ئېلىپ كېتىلگەنلىكىنىمۇ قىلچە سەزمىگەن؛ ئۇنىڭدىن باشقا، كوچا-كويلاردا ئۇششاق نارەسىدە بوۋاقلارنى سوغۇق سېمونت يەرگە ياتقۇزۇپ قويۇپ، بالىسىنىڭ ئۆلۈش-تىرىلىشى بىلەن كارى بولماي، ھاۋا سوغۇق، جۇدۇنلۇق كۈنلەردىمۇ بالىنىڭ سالامەتلىكىگە قىلچە كۆڭۈل بۆلمەي، تىلەمچىلىك قىلىپ ئولتۇرغان ياش ئانىلارمۇ قەدەمدە بىر دېگۈدەك ئالدىمىزغا ئۇچراپ تۇرىدۇ. بۇنىڭغا نېمە دېگۈلۈك؟ بۇ بىر مىللەتنىڭ كەلگۈسى تەقدىرىگە قىلىنغان تەلۋىلەرچە خىرىس ۋە ئۆز ئەۋلادلىرىنىڭ كېلەچەك تەقدىر-ئىستىقبالىغا نىسبەتەن ئۈچىغا چىققان مەسئۇلىيەتسىزلىك ئەمەسمۇ! ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس كالامى بولغان «قۇرئان كەرىم» ۋە «ھەدىس»لەرنىڭ ھېچبىرىدە مۇسۇلمان مۇخلىسلىرىغا بۇنداق پاجىئەلەر راۋا كۆرۈلگەن بايانلار مەۋجۇت ئەمەس، ئەكسىچە ئانىلارنىڭ ئۇلۇغلۇقى، پەرزەنتلەرنى قەدىرلەش، ئەۋلادلارنى تەربىيەسىز قالدۇرماسلىق، ئۇلارغا ئىلىمنى، ياخشى ئىش-ئەمەللەرنى ئۆگىتىش، ئېسىل ئەخلاق-پەزىلەتنى سىڭدۈرۈش، دۇرۇس يوللاردا مېڭىش، ياخشى-يامانىنى، ھالال-ھارامنى، ھەق-ناھەقنى ئېنىق ئايرىشنى ئۆگىتىش، ئىلىم-مەرىپەتنى قەدىرلەش قاتارلىق ئىدىيە-ئەقىدىلەر تەكرار-تەكرار تەكىتلەنگەن «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمە نۇسخىسىدا بۇ ئۇقۇملار ئېنىق ئىپادىلىنىپ تۇرۇپتۇ. لېكىن بۈگۈنكىدەك مەدەنىيەت ئۆز قۇدرىتىنى نامايان قىلىۋاتقان دەۋردىمۇ، يەنىلا ئوتتۇرا ئەسىر جاھالىتىنىڭ زامانىۋى مەدەنىيەتكە خىرىس قىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن پۈت تېپىشىشكە پېتىنىۋاتقانلىقى نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟ بۇ يەنىلا ئىدېئولوگىيە جەھەتتىكى مەسىلىدىن ئىبارەت. ئەگەر بىر تۈركۈم كىشىلەر ئىدىيە جەھەتتىن چېكىنىشكە، مەنىۋىيەت جەھەتتىن چۈشكۈنلىشىشكە يۈزلەنمىگەن بولسا، شۇنداقلا يەنە، كىشىلەر مىللىي ئەنئەنىنىڭ نېمىلىكىنى، دىنىي ئېتىقادنىڭ نېمىلىكىنى توغرا چۈشەنگەن ۋە ئەنئەنە بىلەن ئېتىقادنىڭ پەرقىنى، چەك-چېگراسىنى ئېنىق ئايرىپ مۇئامىلە قىلالىغان بولسا، دىنىي ئەسەبىيلىكنىڭ ئىدېئولوگىيە جەھەتتىكى ئىسكەنجىسى بۈگۈنچىلىك بازار تاپالمىغان بولاتتى! بىر قىسىم مۇسۇلمان ئاممىسىنىڭ ئۆزى ئېتىقاد قىلىۋاتقان ئىسلام دىنىنىڭ ھەقىقىي ئىلغارلىق تەرىپىنى، ماھىيىتىنى ئېنىق چۈشىنىپ يېتەلمىگەنلىكى، ئۆزىنىڭ ئېتىقاد نىشانىنى توغرا تاللىيالمىغانلىقى، دىنىي تەلۋىلەرنىڭ قۇترىتىشى بىلەن ھەق-ناھەقنى ئايرىش ئىقتىدارىنى يوقاتقانلىقى ئەنە شۇ خىل دىنىي ئەسەبىيلىك خاھىشىنىڭ كۈچىيىشىگە ئاساسىي سەۋەب بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. شۇنى ئېنىق چۈشىنىشىمىز لازىمكى، قارىماققا بۇ بىر يۈزەكى ھادىسىدەك قىلغىنى بىلەن، ماھىيەتتە بۇ بىر مىللەتنىڭ گۈللىنىشى، مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ياكى زەبۇنلۇققا يۈزلىنىپ ھالاك بولۇشىغا، شۇنداقلا كەلگۈسىگە، تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك مۇھىم مەسىلىدۇر.

يۇقىرىقى ئەھۋاللاردىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، چېكىدىن ئاشقان بۇ خىل دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ بۈگۈنكى كۈندىمۇ يەنىلا ئاياللارنى خار كۆرۈش، ئاياللارنى جەمئىيەتتىكى سىياسىي، ئىجتىمائىي ئورنىدىن ۋە تەربىيەلىنىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىشتىن ئىبارەت ئىستىبدات، چىرىك ھەم فېئودال ئاڭ فورماتسىيەسىنى تەرغىب قىلىش بىلەن بىللە يەنە، بىر تۈركۈم ياش ئەۋلادلارنى جىسمانىي جەھەتتىن ياخشى بېقىلىپ

ئۆسۈپ يېتىلىش، ئەقلىي ۋە ئەخلاقىي جەھەتتىن سۈپەتـ
لىك تەربىيەلىنىش پۇرسىتىدىن ۋە قانۇنىي ھوقۇقىدىن
مەھرۇم قىلىپ، ئۇلارنى لاياقەتسىز، يارامسىز، قاششاق،
نادان پېتى جاھالەتتە قالدۇرۇشنى، ئاخىرىدا زور بىر
تۈركۈم زىيانداش جەمئىيەت ئەخلەتلىرىنى يېتىشتۈرۈپ
چىقىپ، ئۇنى جەمئىيىتىمىزدىكى مۇقىمسىزلىق ئامىلىغا ۋە
تۈرلۈك قەبىھ جىنايەتلەر مەنبەسىگە ئايلاندۇرۇشتىن ئىبا-
رەت رەزىل مەقسىتىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، بۇ بۈگۈنكى
جەمئىيىتىمىز ئۈچۈن ئىنتايىن زىيانلىق بىر ئەھۋال!

ئۇنىڭدىن باشقا، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچى مۇ-
سۇلمان مۇخلىسلىرى ئەڭ مۇھىمى تۆۋەندىكى جەھەتلەر-
نى تولۇق كۆرۈپ يېتىشى كېرەككى، چېكىدىن ئاشقان
دىنىي ئەسەبىي ئۇنسۇرلار يەنە ئاغزىدا ئىلىم-پەننى
ئىنكار قىلىپ، ئىلىم-پەننى ئۆگىنىشكە، ئىلىم-پەن بىلەن
شۇغۇللىنىشقا قارشى مۇقام تۇۋلىسىمۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە
بولسا، ئوتتۇرا شەرقتىكى ئىراق، لىۋان، سۈرىيە، پەلە-
ستىن قاتارلىق ئەللەردە، ئافغانىستان، پاكىستان قاتارلىق
ئاسىيا دۆلەتلىرىدە ئادەم بومبا، ئاپتوموبىل بومبا، راكېتا
قاتارلىق ئىلغار زامانىۋى قىرغۇچى قوراللار بىلەن پارتلى-
تىش، يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش، ھەتتا گاز بىلەن زەھەرلەش
دېگەندەك تۈرلۈك قەبىھ ۋاسىتىلەر ئارقىلىق دەھشەتلىك
قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈپ، ھەدەپ مۇسۇلمانلار ئاممىسىغا
زىيانكەشلىك قىلىۋاتىدۇ. مۇسۇلمانلار ئارىسىغا مەزھەپباز-
لىق ئۇرۇقىنى چېچىپ، بۆلگۈنچىلىك قىلىپ، ئۇلارنى
ئۆزئارا ئۇرۇشقا سېلىپ قان تۆكۈۋاتىدۇ! بىگۇناھ پۇقرا-
لارنىڭ، سەبىي بالىلارنىڭ جېنىغا زامىن بولۇۋاتىدۇ!
ئۇلارنى ياشاش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىۋاتىدۇ! بۇ ئەكسە-
يەتچى دىنىي رادىكاللارنىڭ ئوتتۇرا شەرقتىكى ئۇرۇش پا-
راكەندىچىلىكى يۈز بېرىۋاتقان ھەرقايسى ئەللەردە ئۈز-
لۈكسىز مەزھەپ توقۇنۇشى پەيدا قىلىپ، مەسچىتلەردە
ناماز ئوقۇپ، ئىبادەت قىلىۋاتقان مۇسۇلمان ئاممىسىنى
پارتلىتىپ قىرغىن قىلىۋاتقانلىقى، ئۇلارنىڭ ئەنە شۇ رەزىل
ماھىيىتىنى چۈشىنىۋېلىشىمىزغا يېتىپ ئاشقىدەك پاكىتتۇر!
ئۇلار يەنە دىنىي تونغا ئورۇنۇۋېلىپ، دىن نامىنى سۇيىـ
ئىستېمال قىلىپ، پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا ئىسلام دىنىنىڭ
نام-ئابرۇيى ۋە نوپۇزىنىمۇ يەرگە ئۇرۇۋاتىدۇ! قەدىمى
يەتكەنلىكى جايدا جان-جەھلى بىلەن تارىخ تەرەققىياتىغا
توسقۇن بولۇۋاتىدۇ! ئىلىم-پەندىن، ئىلغار زامانىۋى تېخ-
نىكىلاردىن، ئىلغار ئۈچۈرلىشىش سىستېمىلىرىدىن پايدىلى-
نىپ، ئىنسانىيەت بىلەن قارشىلىشىۋاتىدۇ! مانا بۇ
ئۇلارنىڭ ئۈچىغا چىققان رەزىللىكى ۋە ساختا ئېپت-بە-
شىرىسىنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتى ئەمەسمۇ؟ ئاشۇ ئەسەبىي
دىنىي تەلۋىلەر شۇغۇللىنىۋاتقان بۇ بىر قاتار شۇملۇقلار
ئىسلام دىنىنىڭ ئەسلىي ماھىيىتىنى بۇرمىلاپ، شەننى
قاتتىق بۇلغىغانلىقتىن، ھازىر مەيلى دۇنيانىڭ قايسى يېر-
گە بارايلى، ھەممىلا جايدا ئىسلام دىنىنىڭ نامى تېررو-
رىزمغا چېتىلىپ قارىلىدىغان بولدى، ئىسلام دىنى مۇخ-
لىسلىرىمۇ «تېرروزچىلار» دېگەن گۇمانىي قاراشنىڭ ئوب-
يېكتىغا ئايلاندى. بۇ ئاقىۋەتنى باشقىلار كەلتۈرۈپ چىقار-
مىدى، بەلكى ئەنە شۇ دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدېئولوگىيەسى
بىلەن بۇ ئىدېئولوگىيەنىڭ سادىق غالچىلىرى ۋە جاھىل
ئىجراچىلىرىغا ئايلانغان بىر ئوچۇم ۋەھشىي تېرروزچىلار
كەلتۈرۈپ چىقاردى!

ئېلىمىزنىڭ سىياسەتلىرىدە دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى
بار، دىنىي سىياسەتتە نورمال دىنىي پائالىيەتلەرگە يول
قويۇلىدۇ ھەم بۇ خىل نورمال دىنىي پائالىيەتلەر قانۇن
جەھەتتىن قوغدىلىدۇ. ئەمما شۇنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشى-
مىز كېرەككى، دىنىنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا دەخلى-
تەرۇز قىلىشىغا، تۈرلۈك قانۇنلارغا دەخلى-تەرۇز قىلىشى-
غا يول قويۇلمايدۇ. ھازىر جەمئىيىتىمىزدە بەزى دىنىي پا-
ئالىيەتلەرگە سىياسەت جەھەتتىن چەك قويۇلۇشىغا نېمە
سەۋەب بولۇۋاتىدۇ؟ بۇنىڭغا قىسمەن مۇسۇلمان ئاممىسى-
نىڭ مىللىي ئەنئەنە بىلەن دىنىي ئېتىقادنىڭ چەك-چېگرا-
سىنى ئايرىيالمىغانلىقى، نورمال دىنىي پائالىيەتلەر بىلەن
بۇزغۇنچىلىق تۈسىنى ئالغان غەيرىي نورمال دىنىي ھەرد-
كەتلەرنىڭ پەرقىنى چۈشىنەلمىگەنلىكى، شۇ ۋەجىدىن
بىلىپ-بىلمەي، ئىستىخىيلىك ھالدا جەمئىيەت تەرتىپىنى
بۇزىدىغان، ۋەزىيەتنىڭ تىنچ-مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق
قىلىدىغان، ھەتتا ناھەق قان تۆكىدىغان تۈرلۈك قەبىھ دې-
لولارنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەب بولۇۋاتىدۇ. بولۇپمۇ
تۆۋەندىكى يېزا-كەنتلەردە خېلى كۆپ ساننى تەشكىل قى-
لىدىغان ئاممىا نورمال دىنىي پائالىيەت بىلەن دىننى نىقاب
قىلىپ تۇرۇپ، قۇتراتقۇلۇق تۈسىنى ئالغان خاتا تەرغىبات
ۋە خاتا سۆز-ھەرىكەتلەرنى پەرقلەندۈرەلمەيۋاتقانلىقى
ئۈچۈن، يېقىنقى مەزگىللەردە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بەزى
جايلىرىدا ئورۇنسىز پاجىئەلەر يۈز بەردى. شۇڭا كەڭ مۇ-
سۇلمان قېرىنداشلار شۇنى نەزەردىن ساقىت قىلماسلىقى
كېرەككى، بىز پەقەت دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغىنىمىزنى پەش

www.uyghurkitap.com



قىلىپ، ناماز ئوقۇپ قويۇش بىلەنلا چەكلەنسەك بولمايدۇ. ئالدى بىلەن بىز قانداق مۇسۇلمان بولۇشنى ئۆگىنىۋېلىشىمىز زۆرۈرمىكىن دەيمەن. ھازىر ھەرقايسى نەشرىياتلاردا «قۇرئان كەرىم» ۋە «ھەدىس»تىن باشقا يەنە ئىسلام دىنى تارىخى، تۆرلۈك ئىسلام ئەقىدىلىرى، ئىسلامنىڭ قائىدە-ئەھكاملىرى، ئىسلام پەلسەپىسى، ئىسلام قانۇنى ۋە ئىسلام شەرىئىتىگە دائىر نۇرغۇن پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى. ھەر بىر مۇسۇلمان مۇخلىسى ئىمكانىيىتى يار بەرگەن دائىرىدە يۇقىرىقى ئەسەرلەر بىلەن ئاز-تولا تونۇشۇپ چىقايلى، چۈنكى بۇ كىتابلاردا ھەقىقىي بىر مۇسۇلمان بولۇش ئۈچۈن ھەركىم ئۆزىدە قانداق شەرتلەرنى ھازىرلاش كېرەكلىكى، نېمىلەرنى ئۆگىنىش ۋە نېمىلەرگە ئەمەل قىلىش كېرەكلىكى ھەققىدە ناھايىتى تەپسىلىي بايانلار بار. دىنىي مەزمۇندىكى بۇ كىتابلارنىڭ ھېچبىرىدە جامائەت ئىنتىپاقىنى بۇزۇش، ئەل ئىچىدە تەپرىقىچىلىك پەيدا قىلىش، قىرغىنچىلىق قىلىپ قان تۆكۈش، تەتۈر تەشۋىق، ئەكسىيەتچىل تەرغىباتلار بىلەن كىشىلەر كۆڭلىنى پاراكەندە قىلىش، ئادەم بوزەك قىلىش، ئادەمنى كەمسىتىش، ئاياللار ۋە باللارنى خارلاش ھەققىدىكى مەزمۇنلار يوق، بەلكى ھەقىقىي ئەخلاقلىق، پەزىلەتلىك ئىنسان بولۇش، پادىشاھنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلىش، دۆلەتنىڭ قانۇن-سىياسەتلىرىگە ئۆكتە چىقماسلىق، ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىق قىلماسلىق، كىشىنىڭ ھەققىنى يېمەسلىك، كىشىلەرگە ئورۇنسىز زىيانكەشلىك قىلماسلىق، زىناخورلۇق، بۇزۇقچىلىق قىلماسلىق، ئىتائەتمەن مۆمىن پۇقرالاردىن بولۇشنى مەزمۇن قىلغان بىر يۈرۈش پەند-نەسىھەتلەر بار. شۇنداقلا يەنە پەيغەمبەرلەرنىڭ پەزىلەتلىرى، ياخشى ئىش-ئەمەللىرى تەرىپلەنگەن ئەسەرلەرمۇ بار. بۇنداق ئەسەرلەرمۇ ھەرھالدا مۇسۇلمان ئاممىسىغا يول كۆرسىتىش ۋە ئۇلارنى توغرا يولغا باشلاش رولىنى ئوينايدۇ. شۇڭا ھۆكۈمىتىمىزمۇ بۇ ئەسەرلەرنىڭ يۇقىرىقىدەك تەربىيەۋى ئەھمىيىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، كەڭ مۇسۇلمان ئاممىسىنىڭ ئوقۇپ پايدىلىنىشى ئۈچۈن خىراجەت ئاجرىتىپ نەشر قىلدۇرغان. مېنىڭچە ئىسلام دىنىغا دائىر مۇشۇنداق بىر يۈرۈش قائىدە-ئەھكاملارنى ئۆگەنمىگەن ھەم ئۇنىڭغا ئەمەل قىلمىغان كىشىنىڭ ئۆزىنى مۇسۇلمان دەپ ئاتاشقىمۇ ھەققى بولمىسا كېرەك. شۇڭا مەن كەڭ جامائەتنىڭ بىرىنچىدىن، ئۆز مىللىي ئەنئەنىسىنى ئاسراپ قەدىرلىشىنى، دىنىي ئېتىقاد جەھەتتىمۇ ئۆزلىرىنى ئەتراپلىق تەربىيەلەشكە ئەھمىيەت بېرىشىنى، نورمال دىنىي پائالىيەت بىلەن دىنىي ئەسەبىيلىكنىڭ، قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرنىڭ چەك-چېگراسىنى ئېنىق ئايرىپ مۇئامىلە قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. شۇنداق قىلغاندىلا مىللىي ئەنئەنە بىلەن دىنىي ئېتىقادنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، ئېتىقاد نىشانىنى توغرىلىۋالغىلى بولىدۇ، دىنغا ئىشىنىدىغان ئاممىنى كەڭ جەمئىيەت بىلەن ئىنتىپاقلاشتۇرۇپ، ھازىرقى تىنچ-ئىنتىپاق ۋەزىيەتنى يەنىمۇ مۇستەھكەملەپ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھالقىما تەرەققىياتىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىشقا ئاشۇرغىلى ۋە ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسىنى يەنىمۇ يۈكسەلدۈرگىلى، شىنجاڭنى ۋە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىسىنى يېپيېڭى قىياپەت بىلەن يېڭى ئەسىرگە يۈزلەندۈرگىلى بولىدۇ.

(ئاپتور: شىنجاڭ رادىيو، كىنو، تېلېۋىزىيە تەرجىمە مەركىزىدىن)

013.

**ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن!**

سىزنىڭ قوللىشىڭىز بىلەن ژۇرنىلىمىز مۇشۇ كۈنگە كەلدى. شۇنى تۆۋەنچىلىك بىلەن سەمىڭىزگە سالىمىزكى 2010 - يىلىدىن ئېتىبارەن ژۇرنىلىمىزنى كىتابخانىلارغا سېلىشنى توختاتتۇق. شۇڭا پەقەت مۇشتەرىلىرىمىزلا ژۇرنىلىمىزدىن ھۇزۇرلىنىشقا مۇيەسسەر بولالايدۇ. مۇبادا سىز بىزنىڭ سادىق ئوقۇرمىنىمىز بولسىڭىز مۇشۇ گەپنى ئۇرۇق - تۇغقانلىرىڭىزغا، ئاغىنە - بۇرادەرلىرىڭىزگە، خىزمەتداشلىرىڭىزغا، يېقىن - يۇرۇقلىرىڭىزغا يەتكۈزۈپ قويىدىغانلىقىڭىزغا ئىشەنچىمىز كامىل.



# كيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتىمىز ھەققىدە ئويلىغانلىرىم

ئايگۆل ئابلىز

مەدەنىيەت تەرەققىياتىدا ئىجتىمائىي كەيپىيات ئىنتايىن مۇھىم بىر ئامىل. كەيپىيات دۇرۇس بولسا ئادەملەرنىڭ ھەر بىر ئىشى ئوڭۇشلۇق بولىدۇ، ھەتتا پۈتۈن دۇنيا گۈزەللىككە تولۇپ، ئىنسانلارنى تۇرمۇش نەقەدەر گۈزەل دېگەن تۇيغۇغا كەلتۈرىدۇ. كىشىلەرنى يۇقىرى ئۆرلەشكە، ھاياتنى قەدىرلەشكە، ئۈمىد بىلەن ياشاشقا، ئۆگىنىشكە، ئىجاد قىلىشقا ئاندەيدۇ ۋە ئۇنىڭغا ھەيدەكچىلىك قىلىدۇ. كونكرېتنى قىلىپ ئېيتقاندا، ساغلام ئىجتىمائىي مۇھىتتا ھەر خىل تۈردىكى «ئەڭ گۈزەل شەخس»لەر پۈتۈن ئەلنى تەسىرلەندۈرىدىغان «مۇنەۋۋەر»لەر كۆپلەپ مەيدانغا كېلىدۇ ۋە بۇ ئىجىمائىي كۈچ ئۆز نۆۋىتىدە كەيپىياتقا، ئەلنىڭ رايىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئەكسىچە بولغاندا جەمئىيەتتىكى ناچار كەيپىيات كۈچىيىپ، پاسىقلىق، قاشاقلىق، ساختىلىق، سەمىيەتسىزلىك دېگەنلەر ئەزۋەيلەپ قاراڭغۇلۇق قويۇقلىشىدۇ، مېنىڭچە بۇنداق ئىجتىمائىي مۇھىتتا ياشاشنى ھېچكىم خالىمىسا كېرەك.

كيىم ـ كېچەك قارىماققا كىشىلەرنىڭ شەخسىي ئىشىدەك كۆرۈنىدۇ، چۈنكى ھەركىم ئۆز شارائىتىغا بېقىپ كىيىندۇ ـ دە، ئومۇمىيەتتىن ئالغاندا كىشىلەرنىڭ كىيىنىشىدىن خەلقنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى، تەربىيەلىنىشى، گۈزەللىك تۇيغۇسىنى بايقىغىلى بولىدۇ. كيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتىدىن ۋە كىيىنىش ئادىتىدىن شۇ مىللەتنىڭ ئىجتىمائىي كەيپىياتىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ھەر بىر مىللەتنىڭ كيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتى، كىيىنىش ئادىتى شۇ مىللەت ياشاۋاتقان رايوننىڭ جۇغراپىيەلىك مۇھىتى، كىلىماتى ۋە مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بىلەن مۇقەررەر باغلانغان بولىدۇ. بىز ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتىمىز ئۇزاق تارىخىي دەۋرنى باشتىن كەچۈرگەن. قەدىمىي يىپەك يولىنىڭ مەدەنىيەت تۈگۈنىگە مۇجەسسەملەشكەن ئۆزئارا قوشۇلۇش، ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىش، ئۆزئارا يۇغۇرۇلۇش نەتىجىسىدە ئۇيغۇرلارنىڭ خاسلىقىغا ئىگە ئېسىل كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتى شەكىللەنگەن. ئۇيغۇرلارمۇ قېرىنداش مىللەتلەرگە ئوخشاش دەسلەپكى دەۋرلەردە چارۋىچىلىق، ئوۋچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان، ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىقنى ئىشلەپچىقىرىش شەكلى، تۇرمۇش شەكلى قىلىپ كەلگەن ۋە شۇ ئىقلىم، شۇ شارائىتقا ماسلاشقان كىيىملەرنى كىيىشكەن. بۇنى نۇرغۇن قېزىلمىلار ۋە يازما يادىكارلىقلار ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. كېيىن تەدرىجىي رەۋىشتە بوستانلىق مەدەنىيىتىگە، يەنى تېرىم مەدەنىيىتىگە كۆچكەن. ياشاش شەكلى، تۇرمۇش مۇھىتىدىن بۇ چوڭ ئۆزگىرىش ئاستا ـ ئاستا ئۆرپ ـ ئادەت، ئېتىقاد، ئەخلاقىي ۋە ئېستېتىك قارىشى ۋە ھەتتا كىيىم ـ كېچەكلىرىنىڭ ماتېرىيالى، پاسونى، شەكىللىرىنىمۇ ئۆزگەرتىۋەتكەن. ئۇيغۇرلار دىنىي ئېتىقادتا ئىسلام دىنىنى تاللىۋالغاندىن كېيىن ئىسلام مەدەنىيىتىمۇ خەلق تۇرمۇشىنىڭ نۇرغۇن ساھەلىرىگە تەسىر كۆرسەتكەن، لېكىن شۇنىسى ئېنىقكى، ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ فولكلورى، ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى ساقلاپ كەلگەن، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغىنى بىلەن، ئەرەب، پارس مەدەنىيىتىدىكى ھەممە تەركىبلەرنى ئۆز پېتى كۆچۈرۈپ كېلىپ ئۆز مەدەنىيىتىنىڭ ئورنىغا دەسسەتكەن ئەمەس، بەلكى ئىسلام دىنى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۆزىگە خاس ياشاش يولىدا ماڭغان.

ئۇيغۇرلار باشقا مىللەتلەرگە ئوخشاش ياشاش ئىمكانىيىتى ناھايىتى ئاز دەۋرلەرنى قورسىقىغا دان بولغۇدەك، ئۇچىسىغا دال بولغۇدەك ئىمكانىيەت يوق دەۋرلەرنىمۇ ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن. ئازادلىقتىن كېيىن، بولۇپمۇ ئىسلاھات، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشتىن كېيىن كىيىم ـ كېچەك، يېمەك ـ ئىچمەكنى تاللاشتا قىينالمايدىغان شارائىتلارغا ئېرىشتۇق. ئەنئەنىۋى كىيىم ـ كېچەكلىرىمىز بولسا يېڭىلىقلار ئاساسىدا زامانىۋىلىققا قاراپ يۈزلەندى. ھازىر ئۆزىمىزنىڭ ئەنئەنىدىن يىلتىزلانغان خاس كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتىمىزنى تېخىمۇ بېيىتتۇق دەپ ئېيتالايمىز. ھازىر تۈرلۈك مىللىي كىيىم ـ كېچەك لايىھەلەش، تىكىش كارخانىلىرى قۇرۇلدى. مىللىيلىك ئەكس ئەتكەن، زامانغا ماسلاشقان كىيىم ـ كېچەكلەر بازارغا كىردى. بىزمۇ ئېھتىياجىمىزغا ئاساسەن خالىغانچە تاللاپ كىيىش پۇرسىتىگە ئېرىشتۇق...

ئىسلاھات، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشتىن كېيىن چەت ئەللەرنىڭ ۋە شياڭگاڭ، ئاۋمېنلارنىڭ كۆپ نەرسىلىرىنى ئۆگەندۇق، قوبۇل قىلدۇق. ئىقتىساد تەرەققىي قىلدى، مەدەنىيەتلەر ئالماشتى. سودا ـ سانائەت، ئىقتىساد، مائارىپ، مەدەنىيەت، ساياھەت قاتارلىق ساھەلەردە كۆپ ئالماشتۇرۇش ۋە ئۆگىنىشلەر بولدى. ساياھەت ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، بىز ھەم سىرتلارغا كۆپ چىقتۇق. ھەر يىلى ھەج تاۋاپ قىلىدىغانلارنىڭ سانى بارغانسېرى كۆپەيدى. باردى ـ كەلدىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، باشقىلارنىڭ ياخشى تەرەپلىرىنىمۇ ئۆگەندۇق. يامان تەرەپلىرىدىنمۇ ساقلىنالمىدۇق. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا دېرىزە، ئىشىكلەرنى ئېچىۋېتىپ پاكىز ھاۋامۇ كىردى، پاشا، چىۋىنلەرمۇ كىردى.

1990 ـ يىللاردىن 2000 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان بىر مەزگىلدە خەقنىڭ نەرسىلىرىنى ياخشىمۇ، يامانمۇ ئويلاشمايلا، يېڭىلىق دەپ قوبۇل قىلىپ كەتتۇق. بۇنىڭ تىپىك مىسالى بىر قىسىم خوتۇن ـ قىزلىرىمىزنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىدە ۋە چاچ پاسونلىرىدا كۆرۈلدى. ئۇلار بىراقلا ئۆزىنىڭ مىللىي كىملىكىنى ئۇنتۇپ، ئۆزىنىڭ ئەسىرلەر ھابەيىندە يېتىلدۈرگەن كىيىم كىيىش ئادىتىنى ئۆزگەرتىپ، ئاسما، تاسما كىيىملەرنى كىيىشتى. گۈزەل، ئۇز بولغان ئەتلەس، شىپىلىق دۇخاۋا، گىرىپ... رەختلەردىن تىكىلگەن ئۇزۇن كۆڭلەكلىرىنى، كۆڭلەك ئۈستىگە ئەپلىك جىلىتكە، بېشىغا بادام، گىلەم، چىمەن دوپپىلارنى، ھەر خىل چىرايلىق ياغلىق... دېگەندەك گۈزەللىكنى، زىبالىقنى، نازۇك سەۋرى قامىتىنى نامايان قىلىدىغان، كىشىنىڭ مەستلىكىنى كەلتۈرىدىغان ئېسىل ئەنئەنىۋى كىيىملىرىنى تاشلاپ، غەيرىي كىيىملەرنى كىيىپ، مىللىي كىيىملىرىنى كونا، مەتوغا چىقاردى. ئەمما ئۇلار ئۆز خىيالىدا زامانىۋى مەدەنىيەتكە يۈزلىنىپ، كونىلىقنى چۆرۈپ تاشلاپ يېڭىلىققا ئىنتىلگەنلەر بولۇپ، مىللىي ئەنئەنە، مىللىي خاسلىق دېگەنلەرنى ئۇنتۇدى. ئۇلار غەرب ۋە باشقا ئەللەرنىڭ مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىشنى ئىلغارلىق دەپ بىلىپ ئۆزلىرىنى دەۋرنىڭ مودا بالىلىرى ساناپ يۈردى، ئۇلار ئۆزىنىڭ مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى تاشلىۋېتىشنىڭ زىيانلىرى ئۈستىدە ئويلىيالمىدى.

بىر مەزگىلدىن كېيىن كىشىلەر نۇرغۇن نەرسىلەرنى مۇشۇ مەزگىلدە يىتتۈرۈپ قويغانلىقىنى ھېس قىلدى ۋە ئاستا ـ ئاستا مىللىي مەدەنىيەتنى قوغداش، ئاسراش

زۆرۈرلۈكىنى تونۇپ يەتتى. چۈنكى بۇ چاغدا بىز ئېلىمىز جۇڭگونىڭ بىر گەۋدە، كۆپ مەنبەلىك مەدەنىيەتكە ئىگە دۆلەت ئىكەنلىكىنى چۈشىنىشكە باشلىغانىدۇق. ھالا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە كىيىم - كېچەكلىرىمىز يەنە ئۆزگىرىشكە باشلىدى. بىر قىسىم خوتۇن - قىزلىرىمىز ئېتىقادىمۇ، ئۆرپ - ئادەتكىمۇ، زامانىۋىلىققىمۇ ماس كېلىدىغان گۈزەل كىيىم - كېچەكلىرىمىزنى تاشلاپ، ئەرەب قىزلىرىغا ئوخشاش ھىجابلاندى. بەزىلىرى ئىچىگە كىيىدىغان ئىشتانغا ئوخشاپ كېتىدىغان چىپپىدە ئىشتان، چىپپىدە مايكىلارنى كىيىپ كۆكرەك، كاسسا، بەل، پاقالچاقلارنى تولۇق نامايان قىلىشتىيۇ، بېشىغا يوغان ياغلىقلارنى ئورىۋېلىشتى. بۇ ھالەت ئۆلچەملىك ھىجابلانغانلارنى، يەنى ئەرەبلەرنى زاڭلىق قىلىشمۇ ياكى ھىجابنىڭ زامانىمىزدىكى يېڭىچە شەكلىمۇ؟ يەنە بەزىلەر ھەقىقەتەن تولۇق ھىجابلاندى، يەنى پۈتۈنلەي ئوراندى. بۇ ئورۇنۇشنىڭ ئىچىگە ھەممىنىڭ يوشۇرۇنىدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ روھىي دۇنياسىنىڭ روجەكلىرىنىڭمۇ تولۇق بېكىتىلگەنلىكلىرىنى ئويلىيالمىدى. بىز ئۇيغۇرلار ئەزەلدىن كىيىنىشتە ياۋروپا ئەللىرىنىڭ ياكى ئەرەب ئەللىرىنىڭ ئىزىدىن تاپ بېسىپ ماڭمىغان، بەلكى ئۆز مەدەنىيەت خاسلىقىمىزنى ساقلاپ كەلگەنمىز. جۇڭگو مەدەنىيىتىدە كۇڭزىچىلارمۇ ئوتتۇرا يولنى ئەڭ ئاقىل يول دەپ قارايدۇ. ئىسلام ئەقىدىسىمۇ ئوتتۇرا يولنى تۇتۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. بىزنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىمىز ئۆزىمىزنىڭ جۇغراپىيەلىك شارائىتىمىزغا ماس كېلىپلا قالماي، ئۆزىمىزنىڭ تۇرمۇش شەكلىگە، ئەخلاق مىزانلىرىمىزغا، ئادەم بولۇش پىرىنسىپلىرىمىزغا توغرا كېلىدۇ. ئوتتۇرا يولدا مېڭىش ئەقىسىدىگىمۇ چۈشىدۇ. بىز كىيىنىشتە بەك ئېچىۋېتىشكىمۇ يەنە بەك ئورۇنىۋېلىشنىمۇ خالىمايمىز. مانا بۇ بىزنىڭ تۇرمۇش مىزانىمىزنىڭ كىيىم - كېچەك مەدەنىيىتىگە تەدبىقلىنىشىدۇر. بىز ياشقا قاراپ كىيىمىز، شەكىل، پاسون ھەم رەڭگى شۇنىڭغا ماسلاشتۇرىمىز. چوڭلار چوڭچە، باللار باللارچە، چوكانلار چوكانچە كىيىمىز، ئاسىدىغان، تاقايدىغان زىبۇ - زىننەتمۇ شۇنىڭغا ماسلاشقان ھالدا بولىدۇ. قىزلار چوكانلاردەك، باللار ئانىلاردەك ياكى ئانىلار باللاردەك كىيىنىپ ياسانمايمىز، ھەممىدە مىزان قائىدە بويىچە ئىش كۆرىمىز. ئەمما بۈگۈنكى كۈندە ھىجابلىنىش ئەۋج ئالدى، بۇ ئىجتىمائىي كەيپىياتقا ئەكس تەسىر كۆرسەتتى. جەمئىيەتتە بىر خىل خۇنۇك كەيپىيات پەيدا قىلدى. گەپ بۇلارنىڭ كىيىم - كېچىكىدە ئەمەس، كەيپىياتىدا، بۇلار ئەنئەنىسىنىمۇ، زامانىۋىلىقىنىمۇ تەڭلا ئىنكار قىلدى، ھەتتا ئىلىم - پەننىمۇ، بىلىم ئېلىش، ئوقۇشنىمۇ ئىنكار قىلدى.

بەزى يامان نىيەت كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ مەقسەتلىرىگە يېتىش ئۈچۈن ئىسلام ئەللىرىدىكى ئايرىم بىر قىسىم كىشىلەر تەرغىب قىلىۋاتقان دىنىي ئەسەبىيلىكنى ئىمپورت قىلىپ يۇرتىمىزغا ئېلىپ كىردى. ئۇلار جەمئىيەتتە ساقلىنىۋاتقان نادانلىق، بىلىمسىزلىك، ئاڭسىزلىقتىن پايدىلىنىپ تۇرۇپ خەلقىمىزنى توغرا يولدىن چىقىرىشقا ئۇرۇنۇۋاتىدۇ، تەرەققىيات پۇرسەتلىرىدىن قالدۇرۇپ، مىللىي ئەنئەنىدىن چەتنىتىپ، پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ئاكتىپ كەيپىياتىنى بۇزۇپ، خانىم - قىزلىرىمىزنى، كەلگۈسىنىڭ قۇرغۇچىلىرى بولغان پەرزەنتلىرىمىزنى نادانلىقتا قالدۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ، ياشاۋاتقان سىياسىي، ئىجتىمائىي مۇھىتىمىزغا زىددىيەت ئۇرۇقلىرىنى چېچىۋاتىدۇ، ياشلىرىمىزنى جىنايەت يولىغا باشلاۋاتىدۇ. بىز خۇراپاتلىقنىڭ، بىلىمسىزلىكنىڭ دەردىنى ئاز تارتتۇقمۇ؟ دۇنيا ئەللىرى ئىلىم - پەندە زەپەر قۇچۇۋاتقان، جەمئىيەت ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان بۈگۈنكىدەك كۈندە يەنە مۇشۇنداق پاسسىپ كۈچلەرنىڭ ئېزىقتۇرۇشىغا ئەگىشىپ، ئىلمىي تەرەققىيات يولىدىن چەتنەپ، ئىلىم يولىنى ئىنكار قىلساق، ئۆزلۈكسىز ئۆزگەنمىسەك، ئىدىيەمىزنى توغرىلىمىساق مىللىتىمىزنىڭ كەلگۈسى يەنە قانداق بولار؟ كەلگۈسى ئەۋلادلىرىمىز قايسى كۈنگە قالار؟

جۇڭگو ئارزۇسى ئېلىمىزدىكى 56 مىللەتنىڭ ھەممىسىنىڭ ئارزۇسى. بۇ ئەلۋەتتە بىزنىڭمۇ ئارزۇيىمىزدۇر. شۇڭا بىز بۇنداق دىنىي ئەسەبىيلىكنىڭ بىزنى ئوتتۇرا ئەسىر قاراڭغۇچىلىقىغا سۆرەپ كېتىشىگە ھەرگىز يول قويمايمىز. ھازىر ئېلىمىزدىكى ھەممە مىللەتلەر تەرەققىياتنىڭ پۇرسەتلىك چاغلىرىنى چىڭ تۇتۇپ ئىلگىرىلەۋاتىدۇ. ئېلىمىزدىكى ھەممە مىللەتلەر ئۇلۇغ بىر چوڭ ئائىلىنىڭ قوينىدا ئۆزلىرىنىڭ مىللىي مەدەنىيىتىنى جەۋلان قىلىپ جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ رەڭدارلىقىنى نامايان قىلىۋاتسا، بىز بىردەم ئۇنى، بىردەم بۇنى دوراپ، ئەمدى بۈگۈن ئەرەبلەرنى دوراپ ئېزىپ - تېزىپ يۈرۈۋەرسەك بولمايدۇ. شۇڭا بىزمۇ ئەقلىمىزنى تېپىپ، زامانىۋى مەدەنىيەتنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئىلغار ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇشىمىز لازىم.

(ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات ئىنستىتۇتى 2011 - يىللىق ئۇيغۇر ھازىرقى، بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتى ماگىستىر ئاسپىرانتى)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# ئۇيغۇرلارنىڭ ئاشلىق، مېۋە، سەي- كۆكتاتلارنى ساقلاشتىكى ئەنئەنىۋى ئۇسۇللىرى



ئابدۇرۇسۇل مۇھەممەد ئەلتۇغ

رايونىمىزدا تۆت پەسىل ئېنىق ئايرىلغان، قىش بىلەن يازنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى ناھايىتى چوڭ، ئىقلىمى قۇرغاق، سۇ قىس بولۇشتەك تەبىئىي جۇغراپىيەلىك ئەھۋالى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ مۇقىم ئولتۇراقلىشىش، دېھقانچىلىق، سەي- كۆكتاتچىلىق، باغۋەنچىلىكنى ئاساسىي ئىشلەپچىقىرىش كەسپى قىلىشتەك ئالاھىدىلىكى ۋە تۇرمۇش شەكلى ئاساسىدا ئۆز جايىنىڭ تۇپراق، سۇ ۋە ئىقلىم شارائىتىغا ئاساسەن، قەدىمدىن تارتىپلا دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك ۋە سەي- كۆكتاتچىلىققا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن. ئۇلار ئۆز جايىنىڭ تۇپراق، سۇ ۋە ئىقلىم شارائىتىغا ئاساسەن، دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىدىن بۇغداي، ئارپا، قوناق، شال، تېرىق، ھەر خىل پۇرچاق، كېۋەز، زىغىر، كۇنجۇت، قىچا، زاراڭزا، ئاپتاپپەرەس، خاسىڭ قاتارلىق ئاشلىق تۈرلىرى ۋە ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنى، سەي- كۆكتاتچىلىقتا چامغۇر، تۇرۇپ، يېسىۋىلەك، پەمىدۇر، كۇدە، مۇچ، كاۋا، پېدىگەن، سەۋزە، بەرەنگە، پىننە، يۇمغاقسۇت، قىزىلچا، كەرەپشە، باقلە (دادۇر) قاتارلىق سەي- كۆكتاتلارنى، باغۋەنچىلىكتە ئاساسلىقى ئۈزۈم، ئۇجمە، ئۆرۈك، ئالما، شاپتۇل، نەشپۈت، ئامۇت، ئانار، ئەنجۈر، بېھى، گىلاس، ئەينۇلا، جىنەستە، ياڭاق، بادام، چىلان، پىستە، شاتۇت، قارىئۆرۈك، قوغۇن، تاۋۇز قاتارلىق مېۋىلەرنى تېرىپ ئۆستۈرۈپ، ئۇنى كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئىستېمال قىلىشقا ئادەتلەنگەن. بۇ جەرياندا ئاشلىق، سەي- كۆكتات ۋە مېۋىلەرنى ساقلاشتا بىر قەدەر مۇكەممەل بولغان ئەنئەنىۋى ئۇسۇللارنى بارلىققا كەلتۈرگەن بولۇپ، ئۇ خەلقىمىزنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق جاپالىق ئەجرىنىڭ ۋە ئىزدىنىشلىرىنىڭ بىزگە قالدۇرغان قىممەتلىك مىراسى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىلمىيلىكى، ئاددىيلىقى، قولايلىقى، كەڭ ئىشلىتىشچانلىقىغا ئاساسەن، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ.

### 1. گەمىدە ساقلاش

ئۇيغۇرلار ئادەتتە ئاشلىق، سەي- كۆكتات ۋە مېۋە- چېۋىلەرنى ساقلاشتا گەمىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ كەلگەن. يەنى ئۆيلەرنىڭ ئاستىغا ياكى ھويلىنىڭ مۇۋاپىق يېرىگە، سۇپا ئاستىلىرىغا گەمە كولاپ، ئۇنىڭ تۆت تەردىپىنى مۇستەھكەم ياساپ چىقىدۇ ۋە ئۈستىنى پۇختا يېپىپ يەر ئاستى ئۆيى ياسايدۇ. ئاندىن ھەر خىل سەي-

كۆكتاتلارنى، مېۋە-چېۋىلەرنى تۈر-تۈرى بويىچە ئەك-رىپ رەتلىك تىزىپ ساقلايدۇ. بۇ خىل گەمىلەرنىڭ تېمپې-راتۇرىسى نىسبەتەن تۇراقلىق، يازدا سالقىن، قىشتا ئىللىق، شامال ئۆتۈشۈپ تۇرۇشقا ئەپلىك بولۇپ، ھەر خىل كۆكتات، مېۋە-چېۋىلەرنى ئىسسىق-سوغۇقنىڭ زەر-بىسىدىن ئۈنۈملۈك ساقلىيالايدۇ.

قوغۇن-تاۋۇزلار ئارىسىغا قوغۇن-تاۋۇز پىلەكلىرى-نى ۋە يوپۇرماقلىرىنى ئارىلاشتۇرۇش، گەمە ئاستىغا مۇۋا-پىق قۇم يېيىش، قوغۇن-تاۋۇز ۋە سەي-كۆكتاتلارنى، مېۋە-چېۋىلەرنى ئاۋايلاپ ئۈزۈش، تولا يۆتكىمەسلىك، سىلكىنىپ كېتىشىدىن، سىرتقى پوستىنىڭ زەخىملىنىشىدىن ساقلاش، سۇپىتى ناچار ياكى شالغۇت سورتلارنى شاللىۋې-تىش، سېسىپ قالغانلىرىنى ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىش قا-تارلىقلارغا تولىمۇ ئەھمىيەت بېرىپ، قوغۇن-تاۋۇزلىرىنى قىشتىن بىخەتەر ئۆتكۈزىدۇ.

### 2. ياغاچ كاتتا ساقلاش

ئۇيغۇرلار ئادەتتە دائىملىق ئىستېمال قىلىدىغان بۇغداي، گۈرۈچ، قوناق، ئارپا قاتارلىق ئاشلىق تۈرىدى-كى دانلىق مەھسۇلاتلارنى قازناق ئۆيدە، ئۆرۈك، تېرەك، سۆگەت ياغىچىدىن ياسالغان چوڭ كات (ساند-دۇق)قا قاچىلاپ ساقلاشقا ئادەتلەنگەن بولۇپ، بۇ خىل ئۇسۇل ئەڭ كۆپ ئومۇملاشقان ئۇسۇلدۇر. ئادەتتە كاتنىڭ قايسى خىل دەرەخ ياغىچىدىن ياسىلىشىغا ئالاھى-دە دىققەت قىلىدۇ. ياڭاق ياغىچى ۋە ئۈجمە ياغىچىدىن ياسالغان كات ئەڭ چىداملىق، سۆگەت ياغىچىدىن ياسال-غان كات زىيانداش ھاشاراتلارنى يوقىتىدۇ دەپ قارىلى-دۇ. ئاشلىقنى چاشقان، مېتە قاتارلىق زىيانداشلاردىن ساقلاش، پاختىلىشىپ، بۇزۇلۇپ قېلىشتىن ساقلاش ئۈچۈن ئادەتتە كات ئىچىگە ياڭاق، سۆگەت يوپۇرمىقى سېلىپ قويۇلىدۇ.

### 3. قۇرۇتۇپ ساقلاش

ئۇيغۇرلار بىر قىسىم دورىلىق قىممەتكە ئىگە سەي-كۆكتاتلارنى ۋە مېۋىلەرنى قۇرۇتۇپ ساقلاشقا ئادەتلەن-گەن بولۇپ، بۇ خىل ئۇسۇلمۇ ناھايىتى كەڭ ئومۇملاش-قان. قۇرۇتۇپ ساقلاش ئۇسۇلىدا ئاساسەن قوغۇن - تا-ۋۇزلارنى تىلىپ ئاسماققا ئېسىپ شامالدىتىپ قۇرۇتۇش، ئۆرۈك، شاپتۇل، ئەينۇلا، قارىئۆرۈك قاتارلىق مېۋىلەرنى بورا ئۈستىدە يېيىپ ئاپتاپقا سېلىپ قۇرۇتۇش، ئۇرۇقچە-سىنى ئېلىۋېتىپ ئېتىنى قۇرۇتۇش، ئۈجمىنى بورىغا يېيىپ قۇرۇتۇپ ۋاسالغۇ ياساش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالى-دۇ. بۇ خىل قۇرۇتۇلغان مېۋىلەر بىر تەرەپتىن، داستىخان-دىكى قوشۇمچە يېمەكلىكلەرنىڭ رولىنى ئۆتىسە، يەنە بىر تەرەپتىن، ھەرخىل كېسەللەرنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاسا-سەن تاماققا سېلىنىپ، دورىلىق ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

### 4. كۆمۈپ ساقلاش

ئۇيغۇرلار قىش ۋە ئەتىياز پەسىللىرىدىكى سەي-كۆكتات، مېۋە-چېۋىلەر قىش مەزگىلىدىن ئوڭۇشلۇق ئۆتۈش ئۈچۈن بىر قىسىم سەي-كۆكتاتلارنى ۋە مېۋىلەر-نى كۆمۈپ ساقلاشقا ئادەتلەنگەن، بولۇپمۇ سەۋزە، چامغۇر، تۇرۇپ، بەرەنگە قاتارلىق تۈگۈنەكسىمانلار ئائى-لىسىگە تەۋە سەي-كۆكتاتلارنى ۋە ئامۇت، نەشپۈت، بېھى قاتارلىق مېۋە-چېۋىلەرنى كۈزدە ھويلىنىڭ مۇۋاپىق يېرىگە، بولۇپمۇ توپىسى ئەت جايىنى تاللاپ، مۇۋاپىق كەڭلىكتە بىر مېتىردىن چوڭقۇرراق چوڭقۇرلۇقتا ئورەك قېزىپ كۆمۈپ ساقلايدۇ. بۇ خىل ئۇسۇلنى قوللانغاندا كۆمۈلگەن مېۋە-چېۋە ۋە سەي-كۆكتاتلارنىڭ نەم تۇرۇ-شى، سۈيىنىڭ قۇرۇپ كەتمەسلىكى، سۇپىتىنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن چوقۇم ئورەكنى قۇمساڭغۇ يەردىن نېرى كولاشقا ئالاھىدە دىققەت قىلىدۇ. بولۇپمۇ كۆكلەپ قالغان، كۆكىرىپ قالغان بەرەڭگە قاتارلىقلارنىڭ ئىستېمال قىلىنىپ قېلىشىدىن قاتتىق ساقلىنىدۇ.

### 5. تۈزلاپ ساقلاش

بۇ خىل ئۇسۇلدا ئاساسلىقى شوخلا، مۇچ قاتارلىق بىر قىسىم سەي-كۆكتاتلارنى تۈزغا چىلاپ ساپال كۆپ ياكى كوزىدا ساقلاش ئۇسۇلى بولۇپ، بۇ ئۇسۇلدا ساپال كۆپ ياكى كوزىغا مۇۋاپىق مىقداردا تۈزلۈق سۇ قۇيۇپ، شوخلا، مۇچ قاتارلىقلارنىڭ ئىچىنى يېرىپ، ئۇرۇقىنى تولۇق ئېلىۋەتكەندىن كېيىن كۆپكە چىلىنىپ، كۆپ ئېغ-زى ھم ئېتىلىپ، ئاپتاپ تولۇق چۈشىدىغان ئۆگزە ياكى كۈنگەي جايلاردا ساقلىنىدۇ، ئادەتتە بىر ئايدىن كېيىن ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

### 6. قورۇپ ساقلاش

ئۇيغۇرلار يەنە ئاز بىر قىسىم مېۋە، كۆكتاتلارنى ساقلاشتا ئادەتتە قازاندا قورۇپ ساقلاش ئۇسۇلىنى

قوللىنىدۇ. مەسىلەن، ئاپتاپپەرەس «گازىر»نى ساقلاشتا قازانغا قۇم قاچىلاپ، گازىرنى قۇمغا ئارىلاشتۇرۇپ، بىللە قىزدۇرۇپ قورۇپ ساقلاش ئۇسۇلىنى قوللىنىدۇ. باقلە «دادۇر» ۋە يەر ياڭىقى (خاسىڭ)نى ساقلاشتا چۇچۇتۇلگەن مايدا قورۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىدۇ.

**7. شەربەت ۋە قىيام ياساپ ساقلاش ئۇسۇلى**

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى باغۋەنچىلىكىدە ھەر خىل دورىلىق قىممەتكە ئىگە بولغان شىپالىق مېۋىلەردىن پايدىلىنىپ، ھەر خىل ئۇسۇللاردا شەربەت ۋە مۇراببا ياساش كەڭ ئومۇملاشقان. ئۇيغۇرلار ئادەتتە ئالما، بېھى، ئامۇت، نەشپۈت قاتارلىق مېۋىلەرنىڭ پوستىنى سويۇپ، ئۇششاق توغرامچە قىلىپ، قازان-كورىلاردا قاينىتىپ، مۇۋاپىق مىقداردا ھەسەل، شېكەر ئارىلاشتۇرۇپ، ئېغىزى ھەم ئېتىلگەن كوزا-شىشىلەرگە قاچىلاپ، كۈچلۈك ئاپتاپقا سېلىش ئارقىلىق ھەر خىل تەملىك ھەم شىپالىق شەربەت ۋە مۇراببالارنى ياساپ چىقىدۇ ھەم ئۇنى ئۆزلىرى ئائىلىدە كۈندىلىك ئىستېمال قىلىش بىلەن بىللە، ھېيت-بايراملاردا داستىخان بېزەشتىكى ئەڭ ئېسىل غىزا سۈپىتىدە داستىخانغا تىزىدۇ. كېسەل يوقلايدۇ، ھەر خىل كېسەللەرگە گىرىپتار بولغانلارغا دورا ئورنىدا ئىشلىتىشكە بېرىدۇ. شەربەت ۋە مۇراببا تەييارلاشتا چوقۇم مېۋىلەرنىڭ سورتى ۋە سۈپىتىنىڭ ياخشى بولۇشىغا، شېكەر نىسبىتىنىڭ مۇۋاپىق بولۇشىغا، قاچىلانغان شىشە-كوزىلارنىڭ ئېغىزىنىڭ ھەم بولۇشىغا، سۇ ئارىلىشىپ قالماسلىقىغا قاتتىق دىققەت قىلىدۇ.

**8. مۇزلىتىپ ساقلاش**

بۇ خىل ئۇسۇلمۇ بىر قەدەر كەڭ ئومۇملاشقان ئۇسۇل بولۇپ، ئادەتتە ئىسسىق خالىمايدىغان پالەك قاتارلىق سوغۇققا چىدامىلىق كۆكتاتلار مۇزلىتىپ ساقلىنىدۇ. بولۇپمۇ توي-تۆكۈن، نەزىر-چىراغلار قاتتىق ئىسسىق مەزگىلگە توغرا كېلىپ قالغاندا قەلەمچە قىلىپ تەييارلاندىغان سەۋزە قاتارلىق كۆكتاتلارنىڭ ئىسسىقتا بۇزۇلۇپ قېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئەتراپىغا مۇز پارچىلىرىنى دۆۋىلەپ ساقلاش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ.

**9. سوقۇم قىلىش ۋە تالقان قىلىپ ساقلاش**

ئۇيغۇرلار يەنە سوقۇپ تالقان قىلىپ ساقلاش ئۇسۇلىدىنمۇ ئۈنۈملۈك پايدىلىنىدۇ. يەنە ئېتى يۇمشاق بولغان پىننە، قارىمۇچ، يۇمغاقسۇت، مۇچ قاتارلىق كۆكتاتلارنى ۋە جىگدە قاتارلىق مېۋىلەرنى مەخسۇس ھاۋاداچىدا سوقۇپ ئېزىپ ئۇن قىلىپ، ساپال كوزىغا قاچىلاپ ياكى خالتىغا سېلىپ، ھاۋا ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان، قۇرغاق، كۆنگەي جايلاردا ساقلاش ئۇسۇللىرى كەڭ ئومۇملاشقان. بۇ خىل ئۇسۇلدا چوقۇم ئەتراپتىكى مۇھىتنىڭ قۇرغاق بولۇشى، يامغۇر-يېشىن، قار تۆپەيلى نەملىك ئۆتۈپ كېتىشتىن ساقلىنىشقا ئالاھىدە دىققەت قىلىدۇ.

**10. تاغار ۋە باداڭدا ساقلاش**

بۇ خىل ئۇسۇل ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغان ساقلاش ئۇسۇللىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئادەتتە دانلىق زىرائەتلەرنى تاغار، خالتا ۋە باداڭدا ساقلاش كەڭ ئومۇملاشقان. بۇ خىل ئۇسۇلدا زىرائەت خاماندا ياكى ھويلىدا ئاپتاپقا سېلىنىپ قۇرۇتۇلغاندىن كېيىن، پاختا رەخت، سەگەز، چىگە قاتارلىقلاردىن تەييارلانغان ھەر خىل تاغار، باداڭلارغا قاچىلىنىپ، قازناق ئۆيدە، قۇرغاق مۇھىتتا ساقلىنىدۇ. ئادەتتە تاغار، باداڭلارنىڭ تەبىئىي بولۇشىغا، سۇلياۋ تاغار، خىمىيەلىك ئوغۇت خالتىلىرىنىڭ ئىشلىتىلىپ قېلىشىدىن ئالاھىدە ساقلىنىدۇ.

**11. قۇمغا كۆمۈپ ساقلاش**

ئۇيغۇرلار بىر قىسىم مېۋىلەرنى، مەسىلەن، ئامۇت،







نەشپۈت، بېھى قاتارلىق مېۋىلەرنى قۇمغا كۆمۈپ ساقلاش ئۇسۇلىنى قوللىنىدۇ. يەنە بىر قىسىم كۆكتاتلارنى، مەسىلەن، تۇرۇپ، چامغۇر، سەۋزە، بەرەنگە قاتارلىقلارنى قۇمغا كۆمۈپ ساقلاش، يېسىۋىلەك قاتارلىق كۆكتاتلارنىڭ باش قىسمىنى قۇمغا كۆمۈپ ساقلاش ئۇسۇلىمۇ بىر قەدەر كەڭ ئومۇملاشقان.

## 12. چاتقال تاشلاش

ئۇيغۇرلار ئادەتتە بىر قىسىم كۆكتاتلارنى ساقلاشتا چاتقال تاشلاش ئۇسۇلىنى قوللىنىدۇ، يەنى يېسىۋىلەك، پالەك، كۇدە، كەرەپشە قاتارلىق كۆكتاتلارنى ساقلاشتا ئاۋۋال كۆكتاتلارنىڭ يىلتىز قىسمىنى مۇۋاپىق قۇم ياكى توپىغا كۆمۈپ ئەتراپىنى قۇم ياكى توپا بىلەن مۇۋاپىق قالىۋەتكەندىن كېيىن، ئاندىن ئۈستىنى ھەر خىل يوپۇرماق، شاخ-شۇمبىلار بىلەن مۇۋاپىق چۆمكەپ ساقلايدۇ، بۇ خىل ئۇسۇلنى قوللانغاندا كۆكتاتلارنى توپىدا كۆمۈپ قويماسلىققا ئالاھىدە دىققەت قىلىدۇ.

نۆۋەتتە كەلگەندە شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 90-يىللىرىنىڭ ئالدى-كەينىدە جەنۇبىي شىنجاڭدا دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنى، سەي-كۆكتاتلارنى، مېۋىلەرنى ھەر خىل زىيانداش ھاشاراتلار، چاشقان، يەر يولۋىسى، سېرىق قۇيرۇق، ياۋا توڭگۇز ۋە تۈرلۈك ئۇچار قۇشلارنىڭ زىيىنىدىن ساقلاش ئۈچۈن ئامبار، قازناق ئۆي، ھويلا-ئارانلارغا ۋە ئېتىز باشلىرىغا ھەرخىل زەھەرلىك دورىلار قويۇلدى. نەتىجىدە تۈرلۈك زىيانداش ھاشاراتلارنى، زىيانداشلارنى يوقىتىشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك دۈشمىنى بولغان ئۇچار قۇشلار، بىر قىسىم ھايۋاناتلار زور دەرىجىدە زەھەرلىنىپ ئۆلۈپ تۈگىدى. ھەتتا نەسلى قۇرۇپ كېتىش گىردابىغا بېرىپ قالدى. نەتىجىدە مۈشۈك، ئىت قاتارلىق كۆپ ئۇچرايدىغان ئۆي ھايۋانلىرى، قاغا، قۇشقاچ، تۇمۇچۇق، قارا قۇشقاچ، ھۆپۈپ، سۈگۈگۈچ، كەپتەر، توخۇ، ئۆردەك، غاز... قاتارلىق دائىم ئۇچرايدىغان ھايۋانات ۋە قۇشلار ئېغىر دەرىجىدە نەسلى قۇرۇش گىردابىغا بېرىپ قېلىپ، ئاساسەن دېگۈدەك كۆرۈنمەس ھالغا كېلىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن كېيۋەزلىكتىن قۇرت تۇتۇش، زىيانداش ھاشاراتلارنى يوقىتىشتا نوقۇل ھالدىلا دېھقانچىلىق دورىلىرىغا تايىنىدىغان، ھەتتا قول بىلەن تۇتىدىغان ۋەزىيەت شەكىللىنىپ، تەبىئەت ئادەملەردىن ئۆچ ئالدى، ھەتتا زەھەرلەنگەن ھايۋانات، ئۇچار قۇشلارنىڭ گۆشىنى ئىستېمال قىلىش سەۋەبىلىك ئادەملەرنىڭ زەھەرلىنىپ ئۆلۈشىدەك ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتلەرمۇ كېلىپ چىقتى.

شۇڭا ئاشلىق، مېۋە ۋە سەي-كۆكتاتلارنى ساقلاشتا چوقۇم زەھەرلىك دورىلارنى ئىشلىتىشتىن قاتتىق ساقلىنىش، ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ بىر گەۋدىلىشىشىگە، تەبىئىي ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداشقا ئەھمىيەت بېرىش لازىم.

شۇنىمۇ ئالاھىدە ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئىلىم-پەننىڭ ئۈچقاندەك تەرەققىي قىلىشى، خەلقىمىزنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسىنىڭ ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى بىلەن ھەرخىل توڭلاتقۇ، ئىسسىق-سوغۇق ساقلاش ئۇسكۇنىلىرى، ئىلغار يانجىش-ئېزىش، سىقىش ئۈسكۈنىلىرى شەھەر، بازارلاردىكى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا سىڭىپ كىرىپ، ئۇلارغا زور دەرىجىدە قۇلايلىق ئېلىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ پايدىلىنىش قىممىتى يەنىلا چەكلىك بولۇپ، خەلقىمىز ئارىسىدا ساقلىنىۋاتقان ئاشلىق، مېۋە-چېۋە، سەي-كۆكتاتلارنى ئەنئەنىۋى ساقلاش ئۇسۇللىرىمىز يەنىلا كەڭ يېزا - قىشلاقلىرىمىزدا زور ۋە كەڭ بولغان پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە.

ئومۇمەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئاشلىق، مېۋە-چېۋە ۋە سەي-كۆكتات ساقلاش ئادىتى ھەرقايسى جايلارنىڭ روشەن جۇغراپىيەلىك ئالاھىدىلىكىگە ۋە روشەن مىللىي خاسلىققا ئىگە بولۇپ، ئەجدادلىرىمىزنىڭ يۈكسەك ئەقىل-پاراستى ۋە مول ئىشلەپچىقىرىش تەجرىبىسىنىڭ يۈكسەك نامايەندىسى.

پايدىلانغان ماتېرىياللار:
1. ئابدۇكېرىم راخمان، رەۋەيدۇللا ھەمدۇللا، شېرىپ خۇشتار: «ئۇيغۇر ئۆرپ-ئادەتلىرى»، شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 2008-يىلى 4-ئاي، 2-نەشرى.
2. ئابدۇكېرىم راخمان: «20-ئەسىر ئۇيغۇر ماددىي فولكلور مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2006-يىلى 5-ئاي، 1-نەشرى.
3. ئابدۇرېھىم ھەبىبۇللا: «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيەسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993-يىل.
4. «ھاياتلىق» ژۇرنىلىنىڭ مۇناسىۋەتلىك سانلىرى.

(ئاپتور: يەكەن ناھىيەلىك مىشا يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپتە)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئاتىسىنىڭ قىلغان ھۈنىرى



(چۆچەك)

بىر شەھەردە بىر كىشى بار ئىكەن. ئۇنىڭ قىلىدىغان ھۈنىرى تالادا يۈرۈپ جانىۋارلارنى باقات ئىكەن، ئۇنىڭ بالىسى يوق ئىكەن. خۇداي تائالادىن تىلەپ بىر بالا تېپىپتۇ. خوتۇنىغا ئېيتىپتۇ، ئەگەر مەن ئۆلۈپ قالسام، قوسىقىڭدىن بالىنى تۇغساڭ، مەن قىلغان ئىشنى قىلسۇن. ئەگەر بۆلەك ئىش قىلسا، مەن ئۇنىڭدىن رازى بولمايمەن، دەدى. شۇنداق دەپ خوتۇنىغا ئېيتىپ بىر نەچەن كۈندىن كېيىن ئۆلۈپ قالدى.

ئەر ئۆلگەندىن كېيىن ئول خوتۇن بىر ئوغۇل تۇغدى، ئول ئوغۇل چوڭ بولدى، ئاتىسى قىلغان ئىشلەرنى قىلمىدى. هاراقچى، قىمارباز بولۇپ كەتتى. ئاتىسىدىن قالغان پۇللىرىنى يوقاتتى. ئانىسى ھەر كۈنى ئېيتاتتى: سەن ئاتاڭ قىلغان ئىشنى قىلغىن دەپ، سەن ئاتاڭ قىلغان ئىشنى قىلمىساڭ ئاتاڭ سەنىڭدىن رازى بولمايدۇ، دەپ ئانىسى بۇ نەسىيەتلەرنى قىلىپ كۆپ يىغلىدى. ئاندىن كېيىن بۇ ئوغۇل تۇرۇپ خىيال

قىلدى. خىيال قىلسا ئانىسىنىڭ دېگىنى راست، ئاندىن كېيىن ھاراق ئىچمەس بولدى، قىمار ئويناماس بولدى. ئاتىسى قىلغىنى ئىشلەرنى قىلدى. ھەر كۈنى جانىۋارلار يەيدىغان نەرسىلەرنى ئېلەپ چىقىپ جانىۋارلارغا بېرىپ يۈردى. بىر كۈن كېتىپ باراتتى، ئىككى بالا بىر مۈشۈكنى باغلاپ-قىيناپ () ئويناپ يۈرۈپتۇ. ئىنى كۆرۈپ: مۈشۈكنى ساتامسەن؟ دەپ سورىدى. ئۇل باللار ساتىمەن، دەدى. مۇنى قانچىغا ساتىسەن دەپ سوردى. مۈشۈكنىڭ باساسى بەش سەر دەدى. ئۇل مۈشۈكنى بەش سەرگە ئېلىپ ئانىسىنىڭ قېشىغا ئېلىپ كەلدى. بۇ مۈشۈكنى بەش سەرگە ئالدىم دەدى. ئانىسى ئوبدان قىلىپسەن دەدى. يانا بىر كۈنى كېتىپ باراتتى

، بىر شاتۇتنى باللار ئويناپ يۈرۈپتۇ. شاتۇتنى ساتامسەن؟ دەپ سورىدى. باللار ساتىمەن، دەدى. قانچىغا بېرىسەن دەپ سورىدى. باللار ئون سەر دەدى. ئون سەر بېرىپ سېتىپ ئالدى. شاتۇتنى ئېلىپ ئىنى ئانىسىنىڭ قېشىغا ئېلىپ كەلدى. ئانىسىغا شاتۇتنى ئون سەرگە سېتىپ ئالدىم دەدى. ئانىسى ئوبدان قىلىپسىز. دەدى. بىر كۈن يول بىلەن كېتىپ باراتتى، بىر كىشى ئىلاننى چېپىپ ئارىدىن ئىككى قىلىپ قويۇپتۇ. ئۇ ئوغۇل ئىنى كۆردى، باقسا ئۆلمەگەن ئىكەن. ئۇل تۇرۇپ ئىنى تىكتى، ئىنى تىكىپ دورى سالدى، ئىلان ساقىيىپ قالدى. ساقايغاندىن كېيىن ئىنى تىكىپ دورى سالدى، ئىلان ساقىيىپ قالدى. ساقايغاندىن كېيىن ئىلان ئايتتى: مەنى كىشى چېپىپ ئۆلتۈرۈپ ئىدى. سەن مەنى ساقايتتىڭ. سەن ئەمدى مەندىن نەمەنى تىلىسەڭ، تىلەگىڭنى مەن ساڭا بېرىمەن، مەن ئىلان پادىشاھىنىڭ ئوغلى، دەدى. ئۇ ئوغۇل ئايتتى: سەنىڭ ماڭا ھەش نەمەڭنىڭ كەرەگى يوق، مەنىڭ ئۆزۈمنىڭ ئۆزۈمگە يەتەدۇ، دەگەندىن كېيىن سەن مەندىن ھەش نەرسە تىلىمىسەڭ، مەن بېرىپ سەنىڭ ئۆيىڭدە خىزمەتىڭنى قىلىمەن، دەدى. ئوغۇل ئايتتى: مەنىڭ سەن قىلىدىغان خىزمەتىم يوق، بىر ئانام بار، سېنىڭدىن قورقۇدۇ دەپ ئۆيى تۆرەپكە يۈردى. ئىلان ئارقىسىدىن كەلدى. ئۆيگە يېقىن كەلىپ ئارقىسىغا يېنىپ قالسا ئىلان كەلىپ ياتىدۇ. ئۇ ئوغۇل ئىلاننى كۆرۈپ ساقلاپ تۇردى. ئىلان يەتىپ كەلدى. قايدا بارىسەن دەدى. ئىلان سەنىڭ خىزمەتىڭنى قىلغىلى بارىمەن دەدى. ئۇ ئوغۇل يانا ئايتتى: سەن قىلىدىغان مەنىڭ

ھەش خىزمەتىم يوق دەدى. ئاڭا ئىلانى ئۇنۇمىدى، بىللە ئوغۇلنىڭ ئۆيىگە باردى. ئۆيىنىڭ يېنىغا بارغاندا ئۇ ئوغۇل ئايتتى: سەنى ئانام كۆرسۈ قورقۇدى، مەن سەنى قوينۇمغا سېلىپ ئېلىپ كىرەي. ئانامدىن سوراي، بىر ئىلان خىزمەتىڭنى قىلىمەن دەيدۇ، خىزمەت قىلسىنمۇ دەپ ئانامدىن سوراي، دەدى. ئانام خىزمەت قىلغاي دەسە، خىزمەت قىلغىن، ئانام ئۇنىمىسا سەن يېنىپ ئۆزىڭنىڭ جايىغا كەتكىن، دەدى. ئىلاننى قوينىغا سېلىپ ئانىسىنىڭ قېشىغا كىردى. ئانىسىغا ئايتتى: يول بىلەن كېتىپ باراتتىم، بىر ئىلاننى كىشى چېپىپ ئارىدىن ئىككى قىلىپ قويۇپتۇ، مەن ئىنى تىكىپ، دورى سېلىپ ساقايتىپ قويدۇم، دەدى. ئانىسى: ئوبدان قىلىپسەن، دەدى. دەگەندىن كېيىن ئۇل ئوغۇل ئايتتى: ئىلان ئايتىدۇ، مەن ئىلان پادىشاھىنىڭ ئوغلى. مەنى بىلەن بىرگە يۈر، مەن ساڭا كۆپ پۇل بېرىمەن، دەدى. مەن ئايتتىم: ئۆزەمنىڭ پۇلى ئۆزەمگە يەتىدۇ، سەنىڭ پۇلۇڭنىڭ كەرەگى يوق، دەدىم. دەگەندىن كېيىن ئۇل ئىلان ئايتتى: پۇل كەرەك بولمىسا، مەن سەنىڭ خىزمەتىڭنى قىلىمەن، دەيدۇ. مەن ئايتتىم، مەنىڭ سەن قىلىدىغان خىزمەتىم يوق دەدىم، بىر ئانام بار، سەنىڭدىن قورقۇدى دەدىم، دەسەم ئىلان ئايتىدۇ: مەن ساڭا ھەرگىز زەرەل يەتكۈزمەيمەن، ساڭا ماڭا چوڭ ياقشىلىق قىلدىڭ. بۇ ئىلاننى نەمە قىلىمەن؟ دەپ ئانىسىدىن سورىدى. ئانىسى ئايتتى: ئىلان دېگەن يامان نەمە، ئىنى سەن ھەرگىز ئۆيگە ئېلىپ كەلمەگىن، دەدى. ئانداق بولسا ئۇل ئىلان مەنى ئۆز يۇرتىغا ئېلىپ كەتىدۇ، دەدى. مۇنداق دەگەندىن كېيىن ئانىسى كۆڭلىدە ئايتتى: بالامنى بىر يەرگە ئېلىپ بېرىپ ئۆلتۈرۈر. خىزمەتىڭنى قىلىمەن دەسە، بىر ئۆيگە سولاپ ئىلاننى شۇندا باقىلى، دەدى، بىر كۈنى ئۆزى كەتەر. ئانداق بولسا ئۆيگە ئېلىپ كەلگىن، دەدى. مانا ئېلىپ كەلدىم دەپ ئىلاننى چىقىرىپ قويدى. ئىلاننى كۆرۈپ ئانىسى يىغلاپ ئورنىدىن قوپۇپ كەتتى. بۇ ئىلاننى قايدا ئېلىپ بارساڭ، شۇندا ئېلىپ بار. مەنىڭ كۆزۈمدىن يوقات، دەدى. دەگەندىن كېيىن ئىلاننى ئېلىپ چىقىپ ئىلانغا ئايتتى: مەنىڭ ئانام سەنىڭدىن قورقۇدى، سەن ئەمدى كەتكىن. ئىلان ئايتتى: سەن مەندىن بىر نەرسە ئالمىساڭ ھەرگىز كەتمەيمەن، دەدى. دەگەندىن كېيىن بالا ئايتتى: كەتمەسەڭ، سەنى بىر ئۆيگە سولاپ باقاي، شۇندا ياتقىن، دەدى.

uyghurkitap.com



ئاندىن كېيىن ئىلاننى بىر ئۆيگە سولاپ قويدى. كۆنلىگى يەيدىغىنىنى بەرىپ تۇردى. ئۇل ئىلان كۈندىن-كۈنگە يوغان بولدى. بىر كۈن ئانىسى كۆرسە، ئىلان يوغان بولۇپ، ئۆينىڭ ئىچىگە جىق كەلىپتۇ. ئاندىن بالىسىغا ئايتتى: بۇ ئىلاننى كۆزۈمدىن يوقات دەسەم، ئۆيگە سولاپ باقتىڭ. ھەلى يوغان بولۇپ قاپتۇ، ئەمدى مۇنى ئۆيدىن چىقارسالىڭ سەش كىشنى قويماي ئۆلتۇرۇدۇ، دەدى. دەگەندىن كېيىن ئوغلى ئايتتى: ئانداق بولسا، مۇنى بىر يەرگە ئېلىپ بېرىپ كەتكۈزۈپ ئەتەي، دەدى. ئانىسى ئۇنداق بولسا شۇنداق قىلغىن، دەدى. ئاندىن كېيىن بۇ ئىلاننى ئېلىپ چىقىپ ئايتتى: سەن ئەمدى كەتكىن، بىزنىڭ شەھەرنىڭ خەلقى سەنىڭدىن تولا قورقۇدى دەدى. ئىلان ئايتتى: سەن مەندىن بىر نەرسە سوراپ ئالمسالىڭ، مەن كەتمەيمەن دەدى. ئۇ ئوغۇل ئايتتى: مەن سەندىن نەمە سورايمەن؟ ئۆزۈمنىڭ پۇلى ئۆزۈمگە يەتىدۇ، دەدى. دەگەندىن كېيىن ئىلان ئايتتى: مەنىڭ ئاتامنىڭ بىر ئۆزىگە بار، شۇنى سوراپ ئالغىن، دەدى. سەن ئۇ ئۈزۈكنى ئالسالىڭ پادىشاھلىق سەنىڭ قولۇڭغا كەلدۇ. دەگەندىن كېيىن ئول ئوغلىنىڭ، ھەش ئىلاجى يوق، باردى، ئەگەر بارمىسا، ئىلان كەتمەيدۇ.

ئىلان بىلەن بىللە يولغا كىردى، ئول ئىلان ئۇ ئوغۇلنى ئۇچىسىغا مىندۇرۇپ ئېلىپ يۈردى. بىر مۇنچا يول يۈرۈپ ئىلان سورىدى. بارسالىڭ مەنىڭ ئاتامدىن نەمە سورايسەن؟ دەدى. ئول ئوغۇل ئايتتى: ئاتاڭنىڭ ئۈزىگىنى سورايمەن. دەگەندىن كېيىن ئىلان ئايتتى: سەن ئۈزۈكنى ئېلىپ بارسالىڭ، ئۆيلەرىڭنى ھەممەسىنى بۇزغىن، بۇزۇپ بولغاندىن كېيىن بىر ياغاچ بىلەن يەرنى سىزغىن، كۆڭلىڭ سۆيگەندەك ئۆي بولغىن دەپ سىز. ساڭ، غەزنەنى سىزغىن، ساڭنىڭ ئىچىگە بۇغداي تولۇپ قالدۇ، غەزنەنىڭ ئىچىگە ئالتۇن-كۈمۈش، ئۈنچە-مەرۋايىت تولۇپ قالدۇ. بۇ ئۈزۈكنىڭ شۇنداق خاسىيەتى تولا. يانا مۇنۇڭ تېشىدا كۆڭلۈڭدە قايداق ئىش بولسا شۇنداق بولسۇن دەسەڭ، بولۇدۇ دە ئۈزۈكنىڭ خاسىيەت ئىشلەردىنى ئۆرگەتتى. ئاندىن كېيىن يانا يول يۈردى. يانا بىر يەرگە يەتىپ ئىلان ئايتتى: بىزنىڭ يۇرتقا يېقىن كەلدۇك، يول ساخلايدىغان مەندىن يوغان ئىلانلار بار، ئۇلاردىن سەن قورقمىغىن، ئۇلاردىن ئۆتكەندىن كېيىن پادىشا بار يەرگە يەتەمىز، سەنى تالدا قويۇپ ئاۋال ئاتامنىڭ قېشىغا ئۆزۈم كىرەي، سەنىڭ ماڭا قىلغان ياقشىلىقىڭنى ئاتامغا ئايتاي. ئاندىن كېيىن سەنى قىشقىرار، ئاتام مەندىن نەمە تىلەيسەن دەسە، قولۇڭۇزدىكى ئۈزۈكنى تىلەيمەندە، دەپ يانا ئول يۈردى. باياقى دەگەن يوغان ئىلانلارنىڭ قېشىغا يېتىپ كەلدى. ئۇ ئوغۇلنى كۆرۈپ ئىلانلار ئۆلتۈرگەلى قەست قىلدى. ئۇ ئىلان پادىشانىڭ ئوغلى ئايتتى: سىلەر شۇك يېتىڭلار، مۇنى مەن ئېلىپ كەلدىم دەدى. ئۇ يەردىن ئۆتۈپ ئاتىسىنىڭ ئەشىگىگە كەلدى. كەلگەندىن كېيىن، سەن شۇ يەرگە تۇرغۇن، دەدى. مەن ئاتامنىڭ قېشىغا كىرەي، دەدى.

ئىلان ئاتىسىنىڭ قېشىغا كىردى، ئاتىسى بىلەن كۆرۈشتى. ئاتىسى سورىدى: نەچەن يىلدىن قايدا يۈردۈڭ؟ دەدى. ئوغلى ئايتتى: مېنى بىر كىشى چېپىپ ئۆلتۈرۈپ ئىدى. بىر ئوغۇل مەنى بېقىپ ساقايتتى. نەچەن يىلدىن ئۆيىدە باقتى، ھەلى مەن بىللە ئېلىپ كەلدىم، دەدى. ئاتىسى: ئانداق بولسا قىشقىرغىن، دەدى.

ئۇ ئوغۇلنى قىشقىرىپ پادىشانىڭ قېشىغا ئېلىپ كىردى. ئېلىپ كىرگەندىن كېيىن ئول ئوغۇلدىن سۆز سورىدى. مەنىڭ ئوغلۇمنى بېقىپ ساقايتتىڭمۇ؟ دەدى. ئوغۇل ئايتتى: مەن باقتىم، دەدى. ئانداق بولسا مەن ساڭا ئالتۇن-كۈمۈش، كۆپ پۇللارنى بەرەي، ئېلىپ كەتكىن، دەدى. ئول ئوغۇل ئايتتى: ماڭا ئالتۇن-كۈمۈش، پۇلنۇڭ كەرەگى يوق، ئۆزۈمنىڭ پۇلى ئۆزۈمگە يەتىدۇ، دەگەندىن كېيىن، ئانداق بولسا نەمە تىلەيسەن؟ دەدى. بەرسەڭىز قولۇڭۇزدېكى ئۈزۈكنى تىلەيمەن، دەدى. مۇنداق دېگەنگە ئىلان پادىشا تولا خىجالەت بولدى. يانا ئايتتى: مەندىن ئۈزۈكتىن بۆلەك باشقا نەرسە تىلەگىن، مەن ساڭا بەرەي، ماڭا بۇ ئۈزۈكنىڭ كەرەگى كۆپ، دەدى. ئول ئوغۇل ئايتتى: ماڭا باشقا نەرسەنىڭ كەرەگى يوق، دەدى. ئىلان پادىشاينىڭ ئوغلى ئايتتى: سەن ئۈزۈكنى مەنىڭدىن ياقشى كۆرسەڭ بەرمەگىن، مەن بۇ ئوغۇل بىلەن بىللە كەتمەن. بېرىپ بۇ ئوغۇلنىڭ خىزمەتىنى قىلىمەن، دەدى. دەگەندىن كېيىن ئاتىسى ئارقىسىغا قاراپ يىغلىدى، كۆڭلىدە ئايتتى: ئۈزۈكنى بەرمەسەم ئوغلۇم بۇ ئوغۇل بىلەن يانا كەتىدىغان چېغى دەپ ئۈزۈكنى قولىدىن چېلىپ ئول ئوغۇلغا بەردى. ئول ئوغۇل ئۈزۈكنى ئېلىپ قولىغا سالدى. شول سائەت دىۋەلەر كۆتەرىپ ئۆيىگە يەتكۈزۈپ قويدى. ئانىسىنىڭ قېشىغا

كىردى. ئىلاننى ئۆيگە ئاپىرىپ قويغىنىنى، ئىلان پادىـ
شا ئۈزىكنى بەرگەننى ئانىسىغا ئېيتتى. ئاندىن كېيىن ئاـ
نىسىغا يانا ئايتتى: بۇ ئۆيلەرنى بۇزىۋىلىن، ئىلان يانا
كەلسە بىزنى تاپالمىسۇن، دەدى. ئانىسى: ئانداق بولسا
شۇنداق قىل، دەدى.

چىقىپ ئۆيلەرنى بۇزدى. ئاندىن كېيىن ياغاچ
بىلەن ئۆيلەرنى سىزدى. ئانىسى ئېنى كۆرۈپ ئوغلۇم
ساراڭ بولغان چېغى دەپ يىغلىدى. يەرلەرنى سىزىپ
بولۇپ ئانىسىغا ئايتتى: بۈگۈن كەچە ئىلان كەلدۇ، بىز
يىراق بىر يەرگە بېرىپ بىر يەردە ياتىلىن، دەدى. ئانىسى
بىلەن بېرىپ بىر يەردە ياتتى. تاڭ ئاتقاندىن كېيىن ئانىـ
سىنى ئېلىپ باياقى ئۆيگە ئېلىپ كەلدى. كەلىپ كۆرسە
تولا ياقشى ئۆيلەر بولۇپتۇ، ئانىسىنى يۆتەلەپ ئۆيلەرنى
كۆرسەتتى. غەزنەنىڭ ئىچىدەكى ئالتۇن، كۈمۈشلەرنى
كۆرسەتتى، ساڭنىڭ ئىچىدەكى تولۇپ قالغان ئاشلارنى
كۆرسەتتى. ئاندىن كېيىن بۇ ئۈزۈكنىڭ خاسىيەتى تولا
دەپ ئانىسىغا ئايتتى. ئانىسى بۇلارنى كۆرۈپ تولا
خۇشال بولدى.

ئاندىن كېيىن بۇ شەھەرگە بىر ساۋدىگەر كەلدى،
بەش ئاتقا پۇل يۈكلەپ كەپتۇ، كەلىپ پادىشاغا كىشى
كىرگۈزۈپتۇ، بەش ئاتقا ساۋدا ئېلىپ كەلدىم، مۇنۇڭ باـ
هايىغا يېتىپ ئالىدىغان كىشى بارمۇ؟ دەدى، پادىشا ئۆزدىـ
نىڭ خەزىنەسىنى باقسا، ئول ساۋدىگەرنىڭ بەش ئاتتېكى
پۇلىغا پادىشانىڭ پۇلى يەتمەيدۇ. پادىشا كىشى چىقاردى:
سىلەردە بۇ ساۋدىگەرنىڭ بەش ئاتتېكى پۇلىنى ئالىدىغان
كىشى بارمۇ؟ كىرىڭلەر، دەدى. ئول ئوغۇل ئېنى
كۆرۈپ: مەن ئالىمەن، دەدى. بىر كىشى پادىشاغا ئايتتى:
بىر ئوغۇل بار ئىكەن، ئۇ ساۋدىگەرنىڭ پۇلىنى مەن ئالىـ
مەن، دەيدۇ، دەپ پادىشاغا ئايتتى. پادىشا ئېنى ئاڭلاپ
خۇشال بولدى: ئانداق بولسا ئول ئوغۇلنى قىشقىرىپ ئاـ
لىڭلار، دەدى. ئول ئوغۇلنى قىشقىرىپ پادىشانىڭ ئالدىغا
ئېلىپ باردى. پادىشا سورىدى: بۇ ساۋدىگەرنىڭ پۇلىنى
سەن ئالامسەن؟ دەپ سورىدى. ئول ئوغۇل: ئالىمەن،
دەدى. پادىشا ئايتتى: ئەگەر سەنىڭ پۇلۇڭ يەتمىسە،
كېيىپ قالغىنىنى مەن بەرەي، دەدى. ئول ئوغۇل ئايتتى:
مۇنداق يۈز ساۋدىگەر كەلسە مەنىڭ پۇلۇم يەتىدۇ، دەـ
گەندىن كېيىن پادىشا: ئانداق بولسا ساۋدىگەرنىڭ پۇلىنى
ئېلىپ پۇل بەرگىن، دەدى. ئاندىن ساۋدىگەرنى قىشقىرـ
تىپ: ئەپكەلگەن پۇلۇڭنى شۇ ئوغۇل ئالىدۇ، شۇ ئوغۇلـ
نىڭ ئۆيىگە ئېلىپ بارغىن، دەدى. ئول ساۋدىگەر ئەپكەلـ
گەن پۇلىنى ئول ئوغۇلنىكىدە ئېلىپ باردى. ئول ئوغۇل
ئايتتى: پۇلۇڭنى تۈشۈرگىن، دەدى. دەگەندىن كېيىن غەـ
زىنەسىنى ئېچىپ، مۇنۇ ئالتۇن-كۈمۈش ئالامسەن، ئۈنچە
-مەرۋايىت ئالامسەن؟ ئالغىن، دەدى. غەزنەسىگە كىرگۈـ
زۈپ قويدى. ئول ساۋدىگەر ئالتۇن-كۈمۈش، ئۈنچەـ
مەرۋايىتنى قىرىق ئاتقا يۈكلەدى. ئول ئوغۇل ئايتتى:
يانا ئالامسەن؟ دەدى. ساۋدىگەر ئايتتى: ئالغىلى قاچام
يوق، دەگەندىن كېيىن ئول يىگىت كەلىپ ئۈنچە-مەرۋاـ
يىتنى قوينىغا قويۇپ بەردى، ئىككى ئۆتۈكىنىڭ قونجىغا
قويۇپ بەردى. بۆرىكىگە قويۇپ، يەنە ئاغزىغا تىشلەتىپ
قويدى. ئۇ قىلغىنىنى پادىشا ئاڭلاپ تولا خۇشال بولدى.
پادىشا ئۆيىگە ئايتىپ بېرىپ يەتى كەچە-كۈندۈز مېھمان
قىلدى. ئول ئوغۇل پادىشانى ئۆيىگە ئايتىپ كەلىپ ئون
كەچە-كۈندۈز مېھمان قىلدى. ئاندىن كېيىن ئۇ ئوغۇل
بۇ ساۋدىگەر ئېلىپ كەلگەن قايداق پۇل ئىكەن دەپ
مۇنى يېزىپ كۆرۈي، دەدى، ساڭغا كىردى. بىر ئاتقا
يۈكلەپ كەلگەن يۈكنى يېزىپ كۆردى. ئاڭا ئالتۇندىن
قاچا ئېلىپ كەلگەن ئىكەن. يانا بىر يۈكنى يازدى، ئېنىڭـ
دىن ئالتۇن دەستار چىقتى، يانا بىر يۈكنى يازدى، ئېنىڭـ
دىن ئالتۇندىن قىلغان چاپانلار چىقتى. يانا بىر يۈكنى
يازدى، ئېنىڭدىن بىر ساندۇق چىقتى. ئاغزىغا قۇلۇپ سېـ
لىپتۇ، بۇ ساندۇقتا نەمە بار ئىكەن دەپ ئۆيىگە ئېلىپ
چىقتى. قۇلۇپنى ئاچالمىدى. ساندۇقنى سىندۇردى. باقسا
ئىچىدىن بىر قىزنىڭ سۈرەتى چىقتى. ئېنى كۆرۈپ ئۇ
ئوغۇل بىر هۇش بولۇپ يىقىلدى. بىر ۋاقتىن سوڭ هۇـ
شىغا كەلدى، كەلىپ كۆڭلىدە ئايتتى: ئەمدى ئىستەپ
بېرىپ بۇ قىزنى ئالاي، دەدى. ئاندىن ئانىسىنىڭ يېنىغا
كىردى. ئانىسىغا ئايتتى: ساۋدىگەر ئەپكەلگەن بىر
ساندۇق بار ئىكەن. ئېنىڭ ئىچىدە بىر چىرايلىق قىزنىڭ
سۈرەتى بار ئىكەن، مەن ئەمدى شۇنى ئىستەپ تېپىپ ئاـ
لىمەن دەدى. ئانىسى: ئالغىن، دەدى، ئاندىن كېيىن بۇ
سۆزنى شاۋتى ئاڭلاپ بىر قانىتىنى يۇلۇپ بەردى. بېـ
شىڭغا كۈن چىقسا بۇ قاناتنى ئوتقا سېلىپ كۆيدۈرگىن،
سەن قايدا بولساڭ تېپىپ بارىمەن، دەدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



ئول ئوغۇل ئانىسى بىلەن، شاۋتى بىلەن خوشلىشىپ يولغا كىرىپ قىزنى ئىستەپ يۇردى. بىر مۇنچا يول يۇرگەندىن كېيىن بىر سۇدا چۇمەلە ئېقىپ كەتىپ بارات ئىكەن. ئول سۇغا ئاغاچ سېلىپ ئاققان چۇمەلەلەرنى سۇدۇن ئەركەك ② چىقاردى. چۇمۇلەلەر ئايتتى: بىز ئېقىپ كەتىپ ئىدۇك، سەن بىزنى سۇدۇن چىقىرىپ قويدۇڭ، ئەمدى قايدا خىزمەتىڭ بولسا، بىزنى قىچقىرغىن، بىز كەلىپ بارىلىن، دەپ بىرى بۇتىنى يۇلۇپ بەردى. بېشىڭغا كۇن تۇشساھ ئوتقا سېلىپ كۆيدۇرگۇن، بىز سەنى تېپىپ بارىمىز، دەدى. ئاندىن كېيىن ئۇ ئوغۇل چۇمۇلەلەر بىلەن خوشلىشىپ يولغا كىرىپ يۇردى. بىر نەچەن يول يۇرۇپ ئول قىز بار شەھەرگە يەتتى.

ئول قىز پادىشانىڭ قىزى ئىكەن، ئوغۇل كۆڭىندە ئايتتى: بۇ قىزنىڭ قېشىغا بىر مەكرى ③ قىلىپ كىرەي، كىرىپ كۆرەي، سۇرەتنى سىزىپ ئېلىپ بارغان قىز شۇمۇ يا ئەمەسمۇ، ئېنى كۆرۇپ بىلەي دەدى، دەپ بىر كۇنى ئول قىزنىڭ قېشىغا كىردى، كۆرسە سۇرەتنى سىزىپ بارغان قىز شۇ. ئېنى كۆرۇپ كۆڭنى تولا قىزىدى. ئول قىز ئايتتى: سەن قايدىن كەلدىڭ؟ دەدى. ئوغۇل ئايتتى: مەن پالانى شەھەردىن، سىزنىڭ سۇرەتىڭىزنى كۆرۇپ سىزگە كۆڭنۇم قىزىپ ئالغىلى كەلدىم، دەدى.

قىز ئايتتى: مەنىڭ ئاتامنىڭ ئۇچ قىسمە ئىشى بار. كىم شۇنى قىلسا، مەنى شۇڭا بەرىدۇ. ئەگەر قىلالمىسا، ئول كىشنى ئۆلتۇرىدۇ، دەدى. ئۇ ئوغۇل ئايتتى: قىلىدىغان ئۇچ قىسمە ئىش نەمە؟ دەپ سورىدى. سورىغاندىن كېيىن قىز ئايتتى: ئاتامنىڭ ئىشىكىدە بىر كۆتەك بار. ئېنى ياغاچ پالتا بىلەن بىر چېپىپ ئول كۆتەكنى يارىدۇ. ئىككىنچىسى بىر چولڭ كۆل بار، ئېنى سۇغا توشقۇزىدۇ، ئېنى بىر دەمىڭدە ئىچىپ تۆگەتسەڭ، ئۇچىنچىسى بىر پاتمان نوقۇتنى ئېلىپ چىقىپ چاچىدۇ، ئېنى تاپىپ ئېلىپ پاتماننى يانا توشقۇزىدۇ. ئاتامنىڭ ئۇچ قىسمە ئىشى شۇبۇ. مۇنى كىم قىلسا،مەنى شۇڭا بەرىدۇ، دەدى. ئول سۆزنى ئاڭلاپ ئول يىگىت بېشىنى تۆبۆن سېلىپ خىيال قىلىپ ئولتۇردى. قىز سورىدى بۇ ئىشلەرنى قىلالامسەن؟ دەدى. ئول يىگىت ئايتتى: مۇنىڭ بىرىنى قىلىمەن، دەدى. قىز سورىدى: مۇنىڭ قايسىنى قىلىسەن؟ دەدى. ئول ئايتتى: نوقۇتنى تاپىپ ئېلىپ پاتماننى توشقۇزىمەن، دەدى. ئۇ ئىككى ئىشنى قىلالمايمەن، دەدى. دەگەندىن كېيىن قىز ئايتتى: ئانداق بولسا سەن پاتماننى نوقۇت بىلەن توشقۇزالساڭ، ئۇ قالغان ئىككى ئىشنى مەن ئۆزگەتىپ بەرەي، دەدى. بىزنىڭ بىر قارا دۆ بار، مەن ئېنى ئېلىپ كەلىپ مەن ئاڭا ئايتاي:سەن قولۇڭا پالتېنى ئېلىپ كۆتەككە ئۇرغىن، كۆتەكنى ئول دۆ يېرىپ ئىككى قىلىدۇ، كۆلدەكى سۇغا سەن دۇم يېتىپ ئاغزىڭنى سۇغا تۆككۇزۇپ تۇرغىن، دۆ ئىچىپ تۆگەتەدۇ دەپ، دۆنى ئالدۇرۇپ كەلدى، دۆگۆ شۇ سۆزلەرنى ئايتتى. دۆ قوبۇل قىلدى.

ئاندىن كېيىن ئول يىگىت بىر تازنىڭ ئەگنىنى كەيدى. ئۆزىنى تازنىڭ سۇرەتىدە قىلدى، قىلىپ پاتشانىڭ ئەشىكىگە باردى. ياساۋۇللار سورىدى: نەمە كەلدىڭ؟ ددى. ئول ئايتتى: پاتشانىڭ ئۇچ ئىشنى قىلىپ قىزىنى ئالغىلى كەلدىم. دەدى. دەگەندىن كېيىن ياساۋۇللار ئايتتى: سەن بۇ ئىشنى قىلالمساڭ پاتشا بېشىڭنى چاپىدۇ، سەن ئىشتىمەدىڭمۇ؟ ھەربەگلەر، ھەر باتۇرلار بۇ ئىشنى قىلالماي بېشىنى بەردى. سەن تازنىڭ چېغىڭ نەگە يەتىدۇ، دەدى. دەگەندىن كېيىن ئول تاز ئايتىدۇ: قىلىمەن بۇ ئىشنى، دەدى. دەگەندىن كېيىن ياساۋۇللار كىرىپ پاتشاغا ئاڭلاتتى: بىر تاز كەلىپتۇ، پاتشانىڭ ئۇچ قىسمە ئىشنى قىلىپ قىزىنى ئالىمەن، دەيدۇ. دەگەندىن كېيىن پاتشا: ئېلىپ كىرىڭلەر، دەدى. ئول تازنى پاتشانىڭ قېشىغا ئېلىپ كىردى. پاتشا سورىدى: نەمە ئىشكە كەلدىڭ؟ دەپ. تاز ئايتتى: سىزنىڭ ئۇچ قىسمە ئىشىڭىزنى قىلىپ، قىزىڭىزنى ئالغىلى كەلدىم، دەدى. پاتشا ياساۋۇللارغا ئايتتى: ئېپ چىقىپ شۇ ئۇچ قىسمە ئىشنى قىلدۇرۇڭلار، قىلالماسا ئۆلتۇرۇڭلەر، دەدى. تازنى ئېلىپ چىقىپ: بۇ كۆتەكنى يارغىن، دەدى. تاز قولىغا ياغاچ پالتېنى ئېلىپ كۆتەكنى بىر ئۇردى. ئارىدىن ئىككى بولدى. ئاندىن كۆلنىڭ بويىغا ئېلىپ باردى. بۇ كۆلنىڭ سۇيىنى بىر دەمىڭ بىلەن ئىچىپ تۆگەت، دەپ. تاز ئاغزىنى سۇغا قويدى. باياقى دۆ ئىچىپ تۆگەتتى. مۇنى كۆرۇپ ياساۋۇللار ھايران قالدى. كىرىپ پاتشاغا ئاڭلاتتى. بۇ تاز ئىككى قىسمە ئىشنى قىلدى. ياغاچ پالتې بىلەن كۆتەكنى ياردى، كۆلنىڭ سۇيىنى ئىچىپ تۆگەتتى. پاتشا بۇ سۆزنى ئىشتىپ ھايران قالدى. مۇڭا ئەمدى بىر پاتمان نوقۇتنى ئېپچىقىپ چېچىپ بېرىڭلەر، ئەگەر پاتماننى توشقۇزمىسا ئۆلتۇرۇڭلەر، دەدى. ئېپچىقىپ

بىر پاتمان نوقۇتنى چاشتى، ئەمدى تاپىپ تاپمانىنى توشقۇز-
غىن، دەدى. تاز چاقمىقىنى چاقتى، ئۇول يەرگە ئوتنى
ياختى، چۆمەلەنىڭ پۇتىنى ئوتقا سالدى. ئاندىن كېيىن چۆ-
مەلەلەر يىغىلىشىپ كەلدى. بىزنى نەمە خىزمەتكە بۇيرى-
سەن؟ دەدى. ئوغۇل ئايىتتى: بۇ يەرگە بىر پاتمان نوقۇت
چاشتى، سىلەر نوقۇتنى تەپىپ كەلىپ شۇ پاتمانىنى توشقۇ-
زۇڭلار، دەپ بۇيرىدى. چۆمەلەلەر شۇنداق قىلدى. بىر
نوقۇت كام قالدى. ئۇول يىگىت بىر نوقۇت كام قالدى دەپ
تۇرۇپ ئىدى، بىر ئاقساق چۆمەلە كۆتۈرۈپ كەلدى. سەن
نەمە كېيىن كەلدىڭ؟ دەپ سۇرىدى. چۆمەلە ئايىتتى: مەن
بىر پۇتۇمنى ساڭا ساڭا كەسىپ بەرگەن، مەن ئاقساق،
بۇلار بىلەن تەڭ يۈرەلمەدىم، دەگەندىن كېيىن چۆمەلەلەر
ياندۇردى. پاتماندىكى نوقۇتنى پاتشانىڭ ئالدىغا ئېلىپ
كىردى. پاتشا ئىنى كۆرۈپ بۇ تازغا قىزنى بەرمەكچى
بولدى. بىر كۆنى توي قىلىپ بۇ تازغا قىزنى ئېلىپ
بەردى. بىر ئات ئېغىلدا ئۆي قىلىپ بەردى.

ئۇول پاتشانىڭ ئىنىڭدىن بۆلەك ئىككى قىزى بار
ئىدى. بىر قىزنى ھەكىمنىڭ ئوغلىغا بەرگەن ئىكەن، بىر
قىزنى شاغىنىڭ ئوغلىغا بەرگەن ئىكەن: بىر كۆنى كۆيە ئو-
غۇللىرىنى قىشقىرىپ ئايىتتى: ماڭا بىر كىيىك ئېتىپ ئېپكەلىپ
بەرىڭلەر، دەدى. ھەكىمنىڭ، شاغىنىڭ ئوغلى نەچەن يۈز
كىشى بىلەن ئوۋغا چىقىپ كەتتى. ئۇلاردىڭ ئارقىسىدىن پا-
تشانىڭ تاز كۆيە ئوغلى بىر ئەشەكنى مىنىپ ئوۋغا چىقتى.
بىرىپ ئېتىنى تۇتۇپ مىندى. ئەڭنىنى كەيدى، بىر تاقا
بىرىپ كىيىكلەرنى ھەممىسى بىر يەردە يىغدى.

ھەكىم، شاغىنىڭ ئوغلى ھەش يەردىن كىيىك تاپالمى-
دى، ئوۋدان چىقىپ كەلسە، كىيىكلەر بىر يەرگە يىغىلىپتۇ،
ئىنىڭ قېشىدا بىر كىشى بار، ئۇلار ئۇول كىشىنىڭ قېشىغا
كەلدى، ئۇول كىشى سۇرىدى: سىلەر بۇ يەردە نەمە كەلىپ
يۈرىسىلەر؟ دەدى. ئۇلار: بىزنى پاتشا ئوۋغا چىقاردى،
دەدى. ئۇول كىشى ئايىتتى: مەنىڭ قانچا كىيىكلەرىم يوق،
ئىنى سىلەر ئېتىپ ئېلىپ كەتكەن ئىكەن سىلەر، مەن سىلەر-
نى ئۆلتۈرۈپ كىيىكلەرنىڭ كىنىنى ئالىمەن، دەدى. ئۇلار
تولا قورقتى. ئۇول كىشىگە كۆپ يالۋاردى: سىزنىڭ كىيىك-
لەرىڭىزنى كۆرگۆنۈمىز يوق. دەگەندىن كېيىن ئۇول كىشى
ئايىتتى: مۇندىن كېيىن مەنىڭ كىيىكلەرىمنى ئاتماڭلار.
ئەگەر ئاتساڭلار، كىيىك ئورنىغا سىلەرنى ئۆلتۈرىمەن،
دەدى. دەگەندىن كېيىن ئۇلار: بىز ئەمدى ھەرگىز ئاتماي-
مىز، دەپ ئۇول كىشىنىڭ ئالدىدا شەرت قىلدى. ئاندىن
كېيىن ئايىتتى: بىز پادشانىڭ كۆيە ئوغلى ئىدۇك، بىزنى پا-
تشا كىيىك ئېتىپ كەلىڭلەر دەپ چىقىرىپ ئىدى، بىز ھەش
يەردىن كىيىك تاپالمادۇق. بىزگە ئىككى كىيىك بەرسىڭىز،
دەپ سورىدى. سورىغاندىن كېيىن ئۇول ئايىتتى: سىلەرنىڭ
يوتاڭلارغا مۆھۈرىمنى بىسىپ ئالاي، دەدى، ئاندىن سە-
لەرگە كىيىك بەرەي، دەدى. ئۇلار ئىلاجىسى يوق ماقۇل
دەدى. مۆھۈرىنى قىزىتىپ ئىككىسىنىڭ يوتىسىغا بىسىپ
ئالدى. ئاندىن ئىككى كىيىك تۇتۇپ بەردى. ئېلىپ پاتشا-
نىڭ قېشىغا باردى، ئۇلار كىيىكنى ئەپكىرىپ پاتشاغا
تۇتتى.

پاتشا ئۇلار كىيىك ئېلىپ كەلگەنگە تولا خوشال
بولدى. ئۇلار كەتكەندىن كېيىن ئۇول يىگىت ئۆزى بىر كە-
يىكنى ئېلىپ تاز ئەڭنىنى كىيىپ، ئەشەكنى مىنىپ، كىيىكنى
ئەپكەلىپ، ئۇ ھەم پاتشاغا تۇتتى، پاتشا ئىنى ئۇلارنى
كۆرگەندەك كۆرمەدى.

پاتشانىڭ ئالدىدىن چىقتى، خوتۇنىنىڭ قېشىغا
كىردى. مەنى پاتشا ياقشى كۆرمەدى دەپ بولغان ئىشلەر-
نى خوتۇنىغا ئەرەك ئايىتتى. ئاندىن كېيىن ئەشەكنى مىنىپ
چىقىپ كەتتى. بىرىپ ئېتىنى تۇتۇپ مىندى. ياقشى ئەڭنىنى
كەيدى، ئاندىن كېيىن پاتشانىڭ ئەشىكىگە كەلدى؛ كەلىپ
ياساۋۇللارغا ئايىتتى: ئاتامدىن قالغان ئىككى قۇلۇم بار
ئىدى. قېچىپ بۇ شەھەرگە كەلىپتۇ، ئىنى پاتشاغا ئاڭلىتىپ
بىرىڭلەر، دەپ ئەرز قىلدى. ئۇلار كىرىپ پاتشاغا ئاڭلات-
تى: بىر شەھەردىن بىر كىشى كەلىپتۇ، ئىككى قۇلۇم بار
ئىدى. قېچىپ بۇ شەھەرگە كەپتۇ دەپ ئەرز قىلدى،
دەدى. دەگەندىن كېيىن پاتشا ئېلىپ كەلىڭلار، دەدى. پا-
تشانىڭ قېشىغا ئېلىپ كىردى. پاتشا سۇرىدى: نەمە
ئەرزىڭ بار؟ دەپ . ئۇول يىگىت ئايىتتى: ئاتامدىن قالغان
ئىككى قۇلۇم بار ئىدى، قېچىپ بۇ شەھەرگە كەلىپتۇ، شۇنى
پاتشا ماڭا تۇتۇپ بەرەرمىكىن دەپ ئەرز قىلدىم، دەدى.
پاتشا: قۇللىرىڭنى تونۇمسەن؟ ئۇول ئايىتتى: تونۇيمەن،
دەدى. پاتشا ئاڭا كىشى قوشتى، تونۇساڭ بۇ قوشقان
كىشى بىلەن بىرىپ ئېلىپ كەل، دەدى. ئۇول بىرىپ ھەكىم-
نىڭ، شاغىنىڭ ئوغلىنى، مەنىڭ قاشقان قۇللىرىم شۇ، دەدى.
ئۇلارنى ئېلىپ پاتشانىڭ ئالدىغا كەلدى، قۇللىرىمنى

ئېلىپ كەلدىم، دەدى. پاتىشا ئۇلارنى كۆرۈپ ، بۇ بىرى ھەكىمنىڭ ئوغلى ، بىرى شاغىنىڭ ئوغلى بولسا، بۇ سەنىڭ قايداق قۇلۇڭ بولىدۇ، سەن يالغان ئېيتىسەن، دەدى. دەگەندىن كېيىن ئول ئايىتتى: بۇلارنىڭ يوتىسىدا ئاتامنىڭ باسقان مۆھۈرى بار، دەدى. ئاندىن پاتىشا بۇيرىدى: ئۇلارنىڭ كۆتەسىنى كۆرۈڭلار، مۆھۈرى بارمۇ؟ دەدى. مۇنى ئېلىپ چىقىپ كۆرسە، ئىككىلەسىنىڭ يوتىسىدا باسقان مۆھۈرى بار. كىرىپ پاتىشاغا ئايىتتى: باسقان مۆھۈرى بار ئىكەن، دەدى. پاتىشا ئايىتتى: بۇلارنى ماڭا بەرگىن، قانچى پۇل ئالساڭ مەن بەرەي، دەدى. ئول ئايىتتى: ماڭا پۇلۇڭنىڭ كەرەگى يوق، بۇلارنى ئېلىپ بېرىپ، قۇلاق-بۇرنىنى كېسىپ، خىزمەتىمگە سالىمەن، دەدى. ئانداق دەگەندىن كېيىن بۇلار تولا قورقتى. پاتىشا يانا ئايىتتى: بۇلار مەنىڭ كۇيە ئوغلۇم، بۇلارنى ماڭا بەرگىن، دەدى. دەگەندىن كېيىن ئول ئايىتتى: قانچى كۇيە ئوغلىڭىز بار، دەدى. پاتىشا: ئۈچ كۇيە ئوغلۇم بار، دەدى. ئۈچلەسى ھەكىم، شاغىنىڭ ئوغلىمۇ؟ دەپ سورىدى. بۇ ئىككىسىنى ھەكىم، شاغىنىڭ ئوغلى دەپ قىزىمنى بەرىپ ئىدىم، بۇ سەنىڭ قۇلۇڭ ئىكەن. يانا بىرى بۆلەك شەھەردىن كەلگەن مۇساپىر، دەدى. شۇ مۇساپىرگە نە ئۈچۈن قىزىڭىزنى بەردىڭىز؟ دەدى. پاتىشا ئايىتتى: ئول قىزىم تولا چىرايلىق ئىدى، ھەر تۆرەپتىن كىشى تولا چىقتى، بىرىگە بەرىپ، بىرىگە بەرمىسەم مەندىن كۆڭلى ئاغرىيدۇ، مەن ئۈچ ئىش قويدۇم. كىم شۇنى قىلسا، قىزىمنى بەرىمەن، دەدىم. ھەش كىشى ئۇل ئىشنى قىلالمىدى، پالانى شەھەردىن بىر تاز كەلگەن ئىكەن، شۇ قىلدى. ۋەدەمدىن يانمىدىم، تاز بولسىما قىزىمنى شۇڭا بەردىم، دەدى. دەگەندىن كېيىن تاز كۇيە ئوغلىڭىزنى تونۇمسىز؟ سورىدى. سورىغاندىن كېيىن پاتىشا كۆڭلىدە ئايىتتى: مەنىڭ كىچىك كۇيە ئوغلۇم شۇبۇ چېغى. تاز سۈرەتىدە بولۇپ كەلىپ، ماڭا قىماپ قىلغان چېغى ، دەپ پاتىشا ئايىتتى: مەنىڭ كىچىك كۇيە ئوغلۇم سەن، مەن سەنى تونۇدۇم، ئەمدى بۇلار سەنىڭ قۇلۇڭ بولسا، مەن ساڭا ئاتىلىق ھۆرمەتىم بار، سەن ئەمدى بۇ ئىككىسىنى ماڭا بەرگىن، دەدى. پاتىشا ئانداق دەگەندىن كېيىن بۇ قۇللارنى ئازات قىلىپ سىزگە بەردىم، دەدى. پاتىشا ئېنىڭ بىلەن قايتا كۆرۈشۈپ، ئاڭا يۇقۇرىدا ئورۇن بەردى. ئاندىن كېيىن پاتىشا ئاڭا ياقشى يەردە ئۆي قىلدۇرۇپ بەردى. ئېنىڭ بىلەن بىر نەچچە كۈن يۈردى، پاتىشا ئېنى ياقشى كۆردى، ھەر كۈنى ئۇۋغا چىقىپ كېيىكلەرنى ئېلىپ كەلىپ يۈردى.

ئول شەھەردە بىر ماھىنىڭ بىر ئوغلى بار ئىدى، ئۇل يىگىتنىڭ ئۈزۈگنىڭ تەرىپىنى ئاڭلىدى، ئانىسىغا ئايىتتى: شۇ پاتىشانىڭ كۇيە ئوغلىنىڭ ئۈزۈگنى بىر ھىكمەت قىلىپ، ئۈزۈكنى ئېلىپ كەلىپ ماڭا بەرگىن دەدى؛ ئول ئۈزۈكنىڭ خاسىيەت ئىشلەرى تولا، ئول ئۈزۈك قولدا بولسا، ھەر ئىشنى خالىسا بولىدۇ، دەدى. دەگەندىن كېيىن ئانىسى ئايىتتى: ئانداق بولسا بىر مەكرى قىلىپ باقاي، دەپ ئول يىگىتنىڭ ئۆيىگە باردى، خوتۇنىنىڭ قېشىغا كىردى، ئانچا-مۇنچا سۆز قىلىشتى. ئول ماما ئايىتتى: سىزنىڭ ئەرىڭىزنىڭ راست كۆڭلى يوق. ئەگەر راست كۆڭلى بولسىدا، ئۈزۈكنى سىزگە بەرەتتى، ئەرىڭىزنىڭ سىزنى تاشلاپ كەتىدىغان كۆڭلى بار، دەدى. ئول پاتىشانىڭ قىزى ئايىتتى: ئانداق بولسا قايداق سىناپ باقىمەن؟ دەدى. دەگەندىن كېيىن ئۇ ماما ئايىتتى: ئۈزۈكنى ماڭا بەرىڭ، سىز ئەر كىشىگە ئۈزۈكنىڭ كەرەگى يوق دەڭ، ئەگەر سىزگە راست كۆڭلى بولسا، ئۈزۈكنى بەرىدۇ، ئەگەر كۆڭلى بولمىسا بەرمەيدۇ، دەدى. ئول كۈنى كۈن كەش بولدى. ئەرى ئۇۋدۇن كەلدى. كەلگەندىن كېيىن خوتۇنى ئايىتتى: سىز ئۈزۈكنى ماڭا بەرىڭ، مەن قولۇمغا سالاي، سىز ئەر كىشىگە ئۈزۈكنىڭ كەرەگى يوق، دەدى. ئول ئەرى ئايىتتى: بۇ ئۈزۈك خوتۇن سالىدىغان ئۈزۈك ئەمەس، بۇ ئۈزۈكنىڭ خاسىيەت ئىشلەرى تولا، بۇ ئۈزۈك مەنىڭ قولۇمدۇن چىقسا، بۇ ھەممە ئىشلەر قولۇمدۇن كەتىپ قالىدۇ، ساڭا مۇندىن ياقشى، كۆڭلىڭگە ياراغىدەك ئۈزۈك قىلدۇرۇپ بەرەي، دەدى.

ئەرتەسى يانا ئوغۇل كەتتى. ئول ماما يانا كەلدى سورىدى: ئۈزۈكنى بەردىمۇ؟ ئول پاتىشانىڭ قىزى ئايىتتى: مەن ساڭا مۇندىن ياقشى ئۈزۈك قىلدۇرىپ بەرەي، دەدى. بۇ ئۈزۈك مەنىڭ قولۇمدۇن كەتسە، ھەممە ئىش قولۇمدۇن كەتىدۇ، دەدى. دەگەندىن كېيىن ماما ئايىتتى: مەن سىزگە دەمەدىممۇ ئەرىڭىزنىڭ كۆڭلىدە ئالىسى بولمىسا ئۈزۈكنى سىزگە بەرەتتى. ئول ئۈزۈكنىڭ قانچى خاسىيەتى بولسا، ئىككىڭلار تەڭ كۆرۈسلەر، ئول ئۈزۈكنى سىز سالسىڭىز، ئەرىڭىز سالسا ئوخشاش بولىدۇ.

كۆڭىننىڭ يامانلىرى بار ئۈچۈن سىزگە بەرمەدى، دەدى. ئول ئايتتى: مۇنى ئانداق بولسا نەمە قىلىمەن؟ دەدى. ئوۋدۇن كەلسە، سىز يىغلاپ ئولتۇرۇڭ، كىرىپ سىزدىن سۇرار، نەمە يىغلايسەن؟ دەپ، سىز سۆز قىلماڭ، تولا سورىغاندىن كېيىن، سىز ئايتىڭ. سەن ئۈزۈگىڭنى مەندىن ياقشى كۆرەت ئىكەنسەن، ئۈزىكنى سۈرىسام بەرمەدىڭ، بىر كۈن مەنى تاشلاپ شەھەرىڭە كەتتىدىغان كۆڭلۈڭ بار، دەپ يانا يىغلاڭ، دەدى. ئاندىن كېيىن ئۈزۈكنى سىزگە بەرەر، ئۈزۈكنى ئالغاندىن كېيىن ئۈزۈكنى ھەرگىز بەرمەڭ، ئۈزۈكنى بەرسەڭىز سىزنى تاشلاپ كەتىدۇ، دەدى.

يانا ئول كۈنى كۈن كەش كىردى، ئەرى ئوۋدۇن يېنىپ كەلدى، ئۆيگە كىرسە، خوتۇنى يىغلاپ ئولتۇردى. نەمە بولدۇڭ دەپ سۇرىدى: سۆز قىلمايدۇ، تولا سۇرىغاندىن كېيىن، سەن ئۈزۈگىڭنى مەنىڭدىن ياقشى كۆردۈڭ، ماڭا بەرگىن دەسەم بەرمەدىڭ، سەنىڭ كۆڭلىڭنىڭ بىر ئالىسى بار، بىر كۈنى مەنى تاشلاپ كەتىسەن، دەدى. دەگەندىن كېيىن ئۈزۈكنى ئېلىپ بەردى. بۇ ئۈزۈكنى ياقشى تۇتقىن، بۇ ئۈزۈك قولدىن كەتسە، بۇ دۆلەت بىزدىن كەتىپ قالىدۇ، دەدى. يانا تاڭ ئاتتى، يانا ئوۋغا چىقىپ كەتتى، ماما كەلدى، كەلىپ يانا سۇرىدى، ئۈزۈكنى بەردىمۇ؟ دەپ. بەردى، دەپ ئۈزۈكنى ماماغا كۆرسەتتى. ماما ئايتتى: بۇ ئۈزۈكنى ئەمدى ياقشى ساقلاڭ، ياندۇرۇپ بەرمەڭ، دەدى. ئاندىن كېيىن ماما ئايتتى: مەن چاچنى ياقشى تارايمەن، چېچىڭىزنى تاراپ قوياي، دەدى. دەگەندىن كېيىن ماقۇل دەدى. بېشىڭىزنى ئوبدان يۇپ كەلىڭ، دەدى. ئول خوتۇن بېشىنى يۇغىلى قوپتى، ماما ئايتتى: بېشىڭىزنى يۇغىچە ئۈزۈكنى ياقشى بىر يەرگە ئېلىپ قويۇڭ، دەدى. ئۈزۈكنى بىر يەردە ئېلىپ قويدى. ئېلىپ قويۇپ بېشىنى يۇغىلى چىققاندىن كېيىن، ماما ئۈزۈكنى ئوغۇرلاپ ئاغزىغا سېلىپ ئالدى.

ئول خوتۇننىڭ چېچىنى تاراپ قويۇپ ماما ئۆيگە كەتتى، كەتكەندىن كېيىن، ئۈزۈكنى باقسا يوق، ئاندىن كېيىن خوتۇن تولا يىغلىدى، ئەرى كەلدى، يانا نەمە بولدۇڭ؟ دەپ سۇرىدى. مامىنىڭ ئۈزۈكنى ئوغۇرلاپ كەتكەننى، كەلىپ ئاڭا سۆز ئۆرگەتكەنلىرىنى ئەرەك ئايتتى. ئۇ يىگىت ئۈزۈكتىن ئايرىلغانىغا تولا غەملىك بولدى. توتىنىڭ قانىتىنى ئوتقا سالدى. توتى يەتىپ كەلدى. نەمە بولدۇڭ؟ دەپ سۇرىدى ؛ ئۈزۈكنى ماما ئوغۇرلاپ كەتكەننى ئايتتى. سەن بېرىپ بۇ مامادىن ئۈزۈكنى ئېلىپ كەلگىن، دەدى. شاتۇتى ئايتتى: ئۇ ئىش مەنىڭ قولۇمدىن كەلمەيدۇ، مەن بېرىپ مۆشۈكنى ئېلىپ كەلەي، دەپ بېرىپ مۆشۈكنى ئېلىپ كەلدى.

مۆشۈككە ئايتتى: ئاغامىنىڭ ئۈزۈگىنى بىر ماما ئوغۇرلاپ كەتىپتۇ، شول ئۈزۈكنى مامىدىن ئېلىپ كەلىپ بەرىڭلەر. سەن بېرىپ بۇ ئۈزۈكنى بىر ھىيلە بىلەن ئالغىن. مۆشۈك ئايتتى: ئانداق بولسا سەن مەنى ئېلىپ بارغىن. شاتۇتى مۆشۈكنى كۆتۈردى، مامىنىڭ ئۆيىگە كەلدى، كەلسە ماما ئۇخلاپ ياتىدۇ، ئۈزۈك مامىنىڭ ئاغزىدا، ئالادىغانىنىڭ ھەش ئىلاجى يوق. مۆشۈك خىيال قىلدى، بىر ساشقان تۇتاي، دەپ، ساشقانى قىنسام بىر ئىلاجىنى قىلىپ ئۈزۈكنى ئېلىپ بەرۇر، دەدى، دەپ بىر ساشقانى تۇتتى، ئۇ ساشقانى تولا قىنىدى. ساشقان ئايتتى: مەنى مۇنچا قىناپ نەمە قىلىسەن؟ يەگۈڭ بولسا، يەگىن، مەنى قىنىما، دەدى. مۆشۈك ئايتتى: مەن ساڭا بىر سۆزۈم بار، مەن ساڭا ئايتاي، بۇ مامىنىڭ ئاغزىدا ئۈزۈك بار، سەن مۇنى ئېلىپ بەرگىن، مەن سەنى قويۇپ ئەتەي، ئەگەر ئېلىپ بەرمىسەڭ، مەن تولا قىنايمەن، قىنىمدا ئۆلۈسەن، دەگەندىن كېيىن، ساشقان ئايتتى: مەنى قويۇپ ئەت، مەن ئېلىپ بەرەي، دەدى. مۆشۈك ساشقانىنى قويۇپ ئەتتى، ساشقان بېرىپ مامىنىڭ ئۈزىگە چىقتى، قۇيرۇغىنى مامىنىڭ بۇرنىغا تىقتى، ماما قاقاپ بىر يۆتەلدى، ئۈزۈك ئاغزىدىن يەرگە تۈشتى، مۆشۈك ئۈزۈكنى ئالدى، شاتۇتى مۆشۈكنى كۆتەردى، ئەپكەلىپ ئۈزۈكنى ئاغىسىنىڭ ئالدىدا قويدى، ئۈزۈكنى كۆرۈپ ئول يىگىت كەتكەن دۆلەتىم يېنىپ قولۇمغا كەلدى، دەپ تولا خوشال بولدى، شاتۇتى بىلەن مۆشۈكنى مېھمان قىلىپ، ياندۇرۇپ ئانىسىنىڭ قېشىغا ئەۋەتتى.

ئاندىن كېيىن بىر نەچەن يىل يۈردى. پادىشاھ ئۆلدى، ئورنىغا پادىشاھ بولدى، ئول شەھەردە پادىشالىق قىلىپ ئالەمدىن ئۆتتى.

تەييارلىغۇچى: **مۇختار مۇھەممەد**



# «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تىكى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىننىڭ ئائىت بايانلار

**روبېرت دانكوف**

ئىسكەندەر زۇلقەرنەين ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچى خەلقلەر تەرىپىدىن خەلق قەھرىمانى دەپ قارىلىپ كەلمەكتە. ئىسكەندەر ھەققىدىكى يازما رىۋايەتلەرگە ئاساسلانغاندا، ئۇنىڭ بەزى يەر - جاي نامىلىرى ۋە شۇ جايلارنىڭ يەر شەكلى ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن باغلىنىشلىق بولغان پائالىيەتلىرى بايان قىلىنغان رىۋايەتلەر قۇرئاندىكى بايانلار ۋە ئىران ئېپوسلىرىدىن ئىبارەت قوش مەنبە ئاساسىدا خەلق ئارىسىدا كەڭ تارقالغان. مەسىلەن، ئامېرىكىلىق ساياھەتچى سكايلېر سەمەرقەنتنى تىلغا ئېلىپ مۇنداق دېگەن: «ئالېكساندىر (قوش مۈڭگۈزلۈك ئىسكاندەر) نىڭ بۇ رايوندىكى ئىستىلاسى يەرلىكتىكى ھەممە كىشى بىلىدىغان رىۋايەت سۈپىتىدە ساقلىنىپ قالغان»①. بۇنىڭدىن باشقا، ئىسكەندەر كۆلىگە ئائىت مۇنداق بايانلارمۇ بار: «بۇخارادا مۇنداق بىر رىۋايەت تارقالغان: زەرەپشان دەرياسى ئەتراپىدىكى رايونلار تاشقىندا قالغاندا، ئالېكساندىر سۇنى ئېقىنغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن دەريانىڭ باش ئېقىنىغا باردى ھەمدە ئالتۇندىن توسما ياساپ سۇنى توختاتتى، شۇنىڭ بىلەن بۇ يەردە شەكىللەنگەن كۆل ئىسكەندەرنىڭ نامى بويىچە ‹ئىسكەندەر كۆلى› دەپ ئاتالدى، ئەتراپتىكى جىلغىلارمۇ ئادەم تۇرالايدىغان قىلىپ تۈزەشتۈرۈلدى. سۇ توسمىدىكى ئالتۇنلارنىڭ ئاز بىر قىسمىنى ئېقىتىپ كەتتى، كېيىن بۇ دەرياغا زەرەپشان (زەر

ئاقىدىغان دەريا) دەپ نام بېرىلدى» ②.

مەھمۇد كاشغەرىي مىلادى 1075 ـ يىلى يېزىپ تاماـ لىغان «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» ناملىق ئەسەر ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن قىسسەلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئارىسىدا تارقىلىشىدىكى ئاساسلىق ئامىلدۇر. بۇ چوڭ تىپتىكى تۈركچە ـ ئەرەبچە لۇغەت تىلشۇناسلىق ۋە لۇغەتشۇناسلىققا ئائىت ئۇچۇرلارنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپلا قالماستىن، يەنە جۇغراپىيە، تارىخ، فولكلور، ئىجتىمائىي تەشكىلات ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئەتكە ئالاقىدار بىلىملەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان.

مۇئەللىپ دىۋاندا، تۈركچە سۆزلەرنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە شەكلى توغرىسىدا تەپسىلىي توختالغان بولۇپ، دىۋاندىكى ھەر بىر سۆزنى ئىزاھلىغاندا نەقىل سۈپىتىدە ماقال ـ تەمسىل ياكى خەلق قوشاقلىرى قاتارلىقلاردىن پايدىلانغان. ئۇ يەنە قاراخانىيلار قەبىلىسى، بولۇپمۇ چىگىللارنىڭ تىلى بىلەن سالجۇقىيلارغا تەۋە بولغان ئوغۇز قەبىلىسىنىڭ تىلىدىكى دىيالېكتىكلىق پەرقلىرىنى كۆرسىتىپ بەرگەن.

يەر ـ جاي ناملىرى ۋە ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشىگە مەھمۇد كاشغەرىي تۈنجى بولۇپ ئىزاھات بەرگەن. بۇ ماقالىدە بىز تىلغا ئالماقچى بولغىنىمىزمۇ دەل مۇشۇ يەر ـ جاي ناملىرىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا ئائىت ھېكايە ـ لەردىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ ھېكايىلەر تىلشۇناسلىق قائىدىلىرى بىلەن تارىخىي ۋەقەلەردىن پايدىلىنىپ، سۆزلەرنىڭ مەنبەسىنى چۈشەندۈرىدىغان، ئەمما كىشىلەر تەرىپىدىن خاتا ياكى ئەپسانىۋى تۈسكە ئىگە دەپ قارىلىپ كەلگەن «خەلق ئېتمولوگىيە»لىرى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن. بۇ خىل خەلق ئېتمولوگىيەلىرى ئىنتايىن زور بايلىق مەنبەسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، چۈنكى ئۇ خەلق ئېـ تىقادىنىڭ تەرەققىياتىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلىگەندىن باشقا، يەنە تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى ۋە ئۇلارنىڭ تېزلا ئىسلام دۇنياسىدىكى ھۆكۈمران كۈچكە ئايلىنالىشىدىكى سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ.

بۇ يەردە ئەينى دەۋردىكى ئۈچ تۈرك قەبىلىسىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش ئىنتايىن زۆرۈر، ئۇلار چىگىل (Chigil) (قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئاساس بولغان قەبىلىلەرنىڭ بىرى) ③، تۈركمەن (Türkmän) (ئوغۇز) ۋە ئۇيغۇر (Uyghur)لار بولۇپ، بۇ قەبىلىلەر نامىلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى ئىسكەندەر زۇلقەرـ نەيىن بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

تۇنجى بولۇپ چىگىللار ئۈستىدە توختىلىمىز. مەھمۇد كاشغەرىي چىگىللارنى ئوخشىمىغان ئۈچ تۈرگە بۆلگەن بولۇپ، بۇ يەردە بىزنىڭ تىلغا ئېلىۋاتقىنىمىز ئىكـ كىنچى تۈردىكى چىگىللارنى كۆرسىتىدۇ.

ئىككىنچىسى تالاس ـ Tarāz شەھىرىنىڭ يېنىدىكى بىر شەھەرچىدە ياشايدىغانلارمۇ «چىگىل» دەپ ئاتىلىـ دۇ. بۇلارنىڭ «چىگىل» دەپ ئاتىلىشىدىكى سەۋەب مۇنداق ئىمىش: ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن ئارغۇ ئېلىگە كەلـ گەندە، قاتتىق يامغۇر يېغىپ، يوللار ماڭغۇسىز دەرىجىدە پاتقاق بولۇپ كېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن زۇلقەرنەيىن پارس تىلىدا «نېمىدېگەن يامان پاتقاق ـ īn che gil ast» دەپ كايىپتۇ ۋە كېيىن ئۇ يەرگە بىر قورغان سالدۇرۇپتۇ. بۇ قورغان «چىگىل» دەپ ئاتىلىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ قورغاندا ئولتۇراقلاشقان تۈرك قەبىلىسىمۇ «چىگىل» دەپ ئاتىلىپتۇ. بۇ نام كېيىن ئەتراپلارغا يېيىلغانىكەن. ئوـ غۇزلارمۇ شۇ ئەتراپلاردا ياشىغان ۋە چىگىللەر بىلەن دائىم ئۇرۇشۇپ تۇرغان، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى دۈشمەنـ لىك بۈگۈنكى كۈنگىچە ساقلىنىپ كەلگەن. ئوغۇزلار چىگىل شەكلىگە كىرىۋالغان باشقا تۈرك قەبىلىلىرىنىمۇ «چىگىل» دەپ ئاتايدۇ، بۇ خاتا ④. مەھمۇد كاشغەرىيـ مۇ بۇ خاتالىقنى سادىر قىلغان، يەنى ئۇ چىگىللار بىلەن تۈركلەرنى، ئوغۇزلار بىلەن تۈركمەنلەرنى ئوخشاش دەپ قاراپ بۇلارنىڭ تىلىنى سېلىشتۇرغان.

مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «دىۋان»دىكى چىگىل دېگەن ئىسىم ھەققىدىكى ھېكايە ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن بىلەن باغلىنىشلىق. بۇ جاھانگىر ئۆزىدىكى بەزى ئالاھىدىلىكلەرگە ئاساسەن «قوش مۈڭگۈزلۈك» دەپ تەرىپلەنگەن. بۇ ھېكايىلەردە ئۇنىڭ نامىنىڭ تىلغا ئېلىنىشى ئىنتايىن تەبىئىي. چۈنكى ئۇ بۇرۇنقى يەر ـ جاي ۋە كىشىلەر توپىغا پارسچە ئىسىملارنى قويغان.

تۈركمەنلەرگە كەلسەك، بىز «دىۋان»دىن بۇ ھەقتە يۇقىرىقىلاردىنمۇ تەپسىلىيرەك بەزى ئۇچۇرلارغا ئېرىشەلەيمىز.

تۈركمەن. بۇلار ئوغۇزلاردۇر. بۇلارنىڭ تۈركمەن

uyghurkitap.com





دەپ ئاتىلىشىدا مۇنداق بىر ھېكايە بار: ئىسكەندەر زۇل-
قەرنەين سەمەرقەنتتىن ئۆتۈپ، تۈرك شەھەرلىرىگە يول
ئالغان چاغلاردا، تۈركلەرنىڭ شۇ (xu) ئىسىملىك بىر
ياش خاقانى بار ئىدى. ئۇ چوڭ قوشۇن ئىگىسى ئىدى.
بالاساغۇن يېنىدىكى شۇ (xu) قەلئەسىنى شۇ ئۆزى ئالغان
ۋە بىنا قىلدۇرغان. بۇ قەلئە ئالدىدا ھەر كۈنى بەگلەر
شەرىپىگە 360 قېتىم دۇمباق چېلىناتتى. ئادەملىرى ئۇنىڭ-
غا: «ئىسكەندىر زۇلقەرنەين يېقىن كېلىپ قاپتۇ، ئۇنىڭ
بىلەن ئۇرۇشمىزمۇ؟ نېمە بۇيرۇقلىرى بار ئىكەن؟»
دەپتۇ. ئەسلىدە شۇ (xu) خوجەند دەرياسى بويىغا قارا-
ۋۇل قويۇش ۋە ئىسكەندەر زۇلقەرنەيننىڭ دەريادىن
ئۆتكەنلىكىدىن خەۋەر بېرىش ئۈچۈن، بۇ دەريا قىرغىقىغا
تارخانلاردىن تەركىب تاپقان 40 كىشىلىك چارلىغۇچى ئە-
ۋەتكەن. چارلىغۇچىلار مەخپىي كەتكەچكە، ئۇلارنىڭ كەت-
كەنلىكىنى خان ئەسكەرلىرىدىن ھېچكىممۇ بىلمەيدىكەن.
خاقاننىڭ كۆڭلى بۇنىڭدىن خاتىرجەم ئىكەن. خاقاننىڭ
كۈمۈشتىن ياسالغان بىر كۆلچىكى بولۇپ، سەپەرگە چىق-
قاندا ئۇزى بىلەن بىللە ئېلىپ يۈرىدىكەن، ئۇنىڭغا سۇ
تولدۇرۇلغاندىن كېيىن، غاز، ئۆردەكلەر چۆشۈپ
شۇڭغۇپ ئوينايدىكەن. خاقان ئىسكەندەر زۇلقەرنەين
بىلەن ئۇرۇشمىزمۇ دېگەنلەرگە ئۆزىنىڭ مۇشۇ كۈمۈش
كۆلچىكىنى كۆرسىتىپ: «غاز، ئۆردەكلەرگە قاراڭلار،
ئۇلار سۇغا قانداق شۇڭغۇيدىكەن؟» دەپ جاۋاب بېرىپ-
تۇ. خاقاننىڭ بەرگەن جاۋابى ئادەملەرنى ئويغا سېلىپ قو-
يۇپتۇ. ئۇلاردا «خاقان شۇ ئىسكەندەر زۇلقەرنەين بىلەن
ئۇرۇشماقچىمۇ ئەمەس، چېكىنمەكچىمۇ ئەمەس» دېگەن
گۇمان پەيدا بولۇپتۇ. ئىسكەندەر زۇلقەرنەين دەريادىن
ئۆتۈپتۇ. چارلىغۇچىلار ئۇنىڭ ئۆتكەنلىكىنى خاقانغا كېچە-
سى كېلىپ مەلۇم قىپتۇ. خاقان شۇ كېچىسىلا دۇمباق چال-
دۇرۇپ، شەرققە قاراپ يول ئاپتۇ. خاقاننىڭ تەييارلىقسى-
زلا يولغا چىققانلىقىدىن، خەلق ئارىسىدا ئەنسىزلىك،
تەشۇىش پەيدا بوپتۇ. ئات، ئۇلاغ تاپالىغانلار ئالدىراش
- تېنەش ئۇدۇل كەلگەنلىرىگە مىنىشىپ خاقاننىڭ كەينى-
دىن مېڭىپتۇ. ئالدىراشچىلىقتا ئۇ بۇنىڭ، بۇ ئۇنىڭ ئۇلىغى-
نى ئېلىۋاپتۇ. تاڭ ئاتقاندا قارارگاھ تۇپتۇز بىر سايلىققا
ئايلىنىپتۇ. ئۇ چاغلاردا تىراز، ئىسپىجاپ، بالاساغۇن ۋە
شۇنىڭغا ئوخشاش شەھەرلەر بىنا قىلىنمىغانىكەن.
بۇلارنىڭ ھەممىسى كېيىن بىنا قىلىنغان بولۇپ، ئۇ يەرلەر-
دە چېدىرلاردا ياشايدىغان كۆچمەنلەر ھايات كەچۈرەتتى-
كەن. خاقان ۋە ئۇنىڭ قوشۇنى كېچىلەپ كېتىپ قالغاندا،
22 كىشى ئۇلار بىلەن بىللە كېتىشكە ئۇلاغ تاپالمىغانلىق-
تىن، بالا- چاقىلىرى بىلەن شۇ يەردە قېپقاپتۇ. بۇ 22 ئائى-
لە ئۇلارنىڭ كەينىدىن پىيادە بېرىش ياكى مۇشۇ يەردە
تۇرۇۋېرىش ھەققىدە مەسلىھەتلىشىۋاتقاندا، ئۇلارنىڭ يېنىغا
ئىككى كىشى كەپتۇ، ئۇلارنىڭ بالا- چاقىلىرىمۇ بىللە

ئىكەن، ئۇلار يۇك-تاقىلىرىنى دۈمبىلىرىگە ئارتىپ، قوشۇننىڭ كەينىدىن كېتىۋاتقان، ھېرىپ-ئاچقان، ئېغىر يۇكنىڭ دەستىدىن تەرگە چۆمگەنىكەن. بۇ ئىككى ئائىلە قېپقالغان ھېلىقى 22 ئائىلىگە يولۇقۇپ، ئۇلار بىلەن پاراڭلىشىپتۇ. 22 ئائىلە ئۇلارغا: «ھەي ئادەملەر، ھېلىقى ئادەم (زۇلقەرنەين) بىر يولۇچى، ئۇ بىر يەردە تۇرمايدۇ، بىزنىڭ يەرلەردە تۇرۇپ قالمايدۇ، ئۆتۈپ كېتىدۇ. بىز بەرىبىر ئۆز يېرىمىزدە ئۆزىمىز قالىمىز» دەپتۇ. ئۇلار ئىككى ئائىلىگە تۈركچە: « qāl ach -مۇشۇ يەردە تۇرۇپ قېلىڭلار» دەپتۇ. كېيىن ئۇلار « Khalach -خالاچ» دەپ ئاتىلىپ قاپتۇ. خالاچلارنىڭ ئەسلي شۇ. ئۇلار ئىككى قەبىلىدۇر.

ئىسكەندەر زۇلقەرنەين كەلگەندىن كېيىن، بۇ ئادەملەرنىڭ ئۇزۇن چاچلىرىنى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش تۈركلەرگە خاس بەلگىلىرىنى كۆرۈپ، ئۇلاردىن گەپ سورىمايلا بۇلار « Türkmän and -تۈرككە ئوخشايدۇ» دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ سۆز ئۇلارغا بۈگۈنگە قەدەر نام بولۇپ قالغان.

تۈركمەنلەر ئەسلىدە 24 قەبىلىدۇر. لېكىن ئىككى قەبىلىدىن ئىبارەت بولغان خالاچلار بەزى جەھەتتە ئۇلاردىن ئايرىم تۇرىدۇ. شۇڭا ئۇلار ئوغۇزلار قاتارىغا كىرمەيدۇ. بۇ سۆزنىڭ ئەسلي شۇدۇر.

خاقان شۇ (xu) چىن تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىپتۇ. زۇلقەرنەين ئۇنىڭ كەينىگە چۈشۈپتۇ. ئۇيغۇرلارغا يېقىن بىر يەردە خاقان ئىسكەندەر زۇلقەرنەينگە بىر قىسىم چارلىغۇچى قوشۇن ئەۋەتىپتۇ، ئىسكەندەر زۇلقەرنەينمۇ شۇنداق قوشۇن ئەۋەتىپتۇ. توقۇنۇش نەتىجىسىدە، ئىسكەندەر زۇلقەرنەين ئەۋەتكەن قوشۇن مەغلۇپ بوپتۇ. بۇ توقۇنۇش «ئالتۇن قان-Altūn Qān» دېگەن يەردە بولغانىكەن. بۇ تاغ ھازىرقى كۈندە «ئالتۇنخان-Khān Altūn» دەپ ئاتىلىدۇ. ئىسكەندەر زۇلقەرنەين ئەنە شۇ يەردە خاقان بىلەن سۇلھى تۈزۈپتۇ. ئاندىن ئۇيغۇر شەھەرلىرىنى بىنا قىپتۇ ۋە بىر مەزگىل شۇ يەردە تۇرۇپ قاپتۇ. ئىسكەندەر زۇلقەرنەين چېكىنىپ كەتكەندىن كېيىن، خاقان شۇ(xu) قايتىپ كېلىپتۇ ۋە بالاساغۇنغا قەدەر ئىلگىرىلەپتۇ، ئاندىن ئۆز نامى بىلەن ئاتالغان شۇ (xu) شەھىرىنى سالدۇرۇپ، ئۇ يەرگە بىر تىلسىم قۇردۇرۇپتۇ. بۈگۈنكى كۈندە لەيلەكلەر ئۇ تىلسىملىق شەھەرنىڭ ئەتراپىغا كېلىپ توختاپ قالىدۇ، ئۇنىڭدىن ئۇچۇپ ئۆتەلمەيدۇ. تىلسىم بۈگۈنگە قەدەر بۇزۇلماي كېلىۋاتىدۇ. ⑤ مانا بۇ «دىۋان»دىكى ئىسكەندەر زۇلقەرنەين ھەققىدىكى ئەڭ ئۇزۇن ھېكايە. ئەمما كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان يېرى شۇكى، بۇ ھېكايىنىڭ قەھرىمانى دۇنيانى بويسۇندۇرغۇچىسى ئىسكەندەر زۇلقەرنەين ئەمەس، بەلكى بالاساغۇننىڭ قۇرغۇچىسى، تۈركلەرنىڭ پادىشاھى شۇ. بۇ ھېكايىدە ئىسكەندەر زۇلقەرنەيننىڭ ئىسمى «تۈركمەن» دېگەن شۇ سۆزنىڭ كېلىپ چىقىشى سەۋەبلىك ئوتتۇرىغا چىققان. ئەمەلىيەتتە ھەقىقىي تۈركلەر بولغان شۇنىڭ قوشۇنى تىيانشاننىڭ مەلۇم جايىدا يۈز بەرگەن بىر قېتىملىق كىچىك توقۇنۇشتا ئىسكەندەر زۇلقەرنەيننى مەغلۇپ قىلغان. ئىسكەندەر زۇلقەرنەين تىنچلىق ئورنىتىشنى تەلەپ قىلغان. ئىسكەندەر زۇلقەرنەين ئۇيغۇر شەھرىدە بىر مەزگىل تۇرۇپ قالغاندا، پادىشاھ شۇ غەربكە قايتىپ بىر ئىمپېرىيە قۇرغان.

ئۇيغۇر دېگەن نامغا ئۆتۈشتىن ئاۋۋال بىز ئالتۇن قان ھېكايىسىنى تاماملىشىمىز كېرەك. بۇ ۋەقەلىكنىڭ تەپسىلاتى ئوگا Ögā ھەققىدىكى بايانلاردا ئۇچرايدۇ.

Ögā (ئۆگە). بۇ لەقەب (لەقەم) (laqab) ئادەتتىكى كىشىلەر (min as-suqa) ئارىسىدىكى ئەقىللىق، باشقىلارغا قارىغاندا تەجرىبىلىك ئادەملەرگە بېرىلىدىغان نام بولۇپ، بۇنىڭ كېلىپ چىقىشىدا تۆۋەندىكىدەك بايانلار بار:

زۇلقەرنەين چىنغا يېتىپ كەلگەندە، تۈركلەرنىڭ پادىشاھى ئۇنىڭغا قارشى ياشلاردىن تەشكىل تاپقان بىر قوشۇننى جەڭگە ئەۋەتتى. ۋەزىر ئۇنىڭغا: «سىز بۇ جەڭگە پۈتۈنلەي ياشلارنى ئەۋەتتىڭىز، ئەسلي پىشقان، ئۇرۇش تەجرىبىسى مول بولغان قوشۇن ئەۋەتىلىشى كېرەك ئىدى» دېگەندە، ئۇ: «Ögā (پىشقان ئادەم؟)» دېدى. ۋەزىر «شۇنداق» دەپ جاۋاب بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىر قىسىم تەجرىبىلىك قوشۇننى جەڭگە ئەۋەتىپ ئىسكەندەر زۇلقەرنەين قوشۇنىغا زەربە بەردى.

بىر تۈرك ئەسكىرى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيننىڭ بىر ئەسكىرىنى ئۇرۇپ يىقىتتى ۋە ئۇنىڭ بېلىگە قىلىچ ئۇردى. بۇ ئەسكەر بېلىگە دىنار سېلىنغان ھەميان باغلىۋالغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بولۇپ، ھەميانىدىن قانغا بويالغان دىنارلار چېچىلىپ چۈشتى. ئەتىسى ئەتىگىنى تۈرك قوشۇنى قانغا مىلەنگەن دىنارلارنى كۆرۈپ ئۇنىڭ نىمىلىكىنى بىلەلمەي ھەيران قېلىشتى ۋە بىرەيلەن: āltun qān (ئالتۇن بىلەن قان) دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇيغۇرلارغا يېقىن جايدىكى كۆچمەن چارۋىچىلار ياشايدىغان چوڭ تاغ ئالتۇن قان تېغى دەپ ئاتالدى.

بۇ تاغ بىلەن تاغ نامىنىڭ كېلىپ چىقىش جەريانى ئىسكاندەر زۇلقەرنەينگە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بۇ ھەقتە مۇ خېلى ئېنىق ماتېرىياللار بار. ئەمما «ئالتۇن قان» دېگەن بۇ سۆزنىڭ ئېتمولوگىيەسىدىن قارىغاندا، بۇ تۈركچە سۆز بولغاچقا، تۈركلەر تەرىپىدىن قويۇلغان دەپ قارىلىدۇ. ئەمدى گەپنى ئۇيغۇرنىڭ ھېكايىسىگە يۆتكەيمىز.

ئۇيغۇر. بىر ئەلنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ بەش شەھىرى بار. بۇ شەھەرلەرنى ئىسكەندەر زۇلقەرنەين تۈرك خاقانى بىلەن پۈتۈم تۈزگەندىن كېيىن سالدۇرغانىكەن.

ماڭا مۇھەممەد چاقىر توڭقا خان ئوغلى نىزامىدىن ئىسرافىل توغان تېگىن ئۆز ئاتىسىدىن ئاڭلىغانلىرىنى سۆزلەپ بېرىپ، مۇنداق دېگەنىدى: ئىسكەندەر زۇلقەرنەين ئۇيغۇر ئېلىگە يېقىنلاشقاندا، تۈرك خاقانى ئۇنىڭغا قارشى 4000 ئادەم ئەۋەتكەن. ئۇلارنىڭ قالپاقلىرىنىڭ قاناتلىرى لاچىن قاناتلىرىغا ئوخشايدىكەن، ئوقنى ئالدىغا قانداق ئاتسا، كەينىگىمۇ شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن ئاتىدىكەن. (ئىسكەندەر زۇلقەرنەين) بۇلارغا ھەيران قاپتۇ ۋە «nān khudh khurandī - بۇلار باشقىلارغا موھتاج بولماي، ئۆز ئوزۇقىنى ئۆزى تېپىپ يەيدىغانلار ئىكەن؛ بۇلارنىڭ قولىدىن ئوۋ قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، قاچان خالىسا، شۇ چاغدا ئېتىپ يېيەلەيدۇ» دەپتۇ. شۇنىڭدىن تارتىپ بۇ ئەل «khudhkhur» دەپ ئاتىلىپتۇ. كېيىن خ - kh ھەرپى ئەلىف - l كە ئالماشقان⑥.

بۇ ئەلدە بەش شەھەر بار. ئۇنىڭ خەلقى ئەڭ ئۇستا مەرگەنلەردۇر. بۇ شەھەرلەر سۇلمى - Sulmi، بۇنى زۇلقەرنەين سالدۇرغان، قوچۇ - Qōchu، چانبالىق - Chanbaliq، باشبالىق - Bēsh baliq، ياڭبالىق - Yangi Baliq ⑦.

يۇقىرىقى تۆت ھېكايىنى تەرتىپ بويىچە تىزىپ قارايدىغان بولساق، بىز ئىسكەندەر زۇلقەرنەيننىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سەپەر لىنىيەسىنى سىزىپ چىقالايمىز، ئەڭ بولمىغاندىمۇ بىز بۇ قىسسەمىزنىڭ تۈركچە ۋارىيانتىغا ئېرىشەلەيمىز. ئۇ سەمەرقەنتتىن يولغا چىقىپ، خوجەنددىكى سىر دەرياسىدىن ئۆتۈپ، تالاس (chigil)دا بىر سېپىل قۇرغان؛ تۈرك قوشۇنىغا يېتىشىۋېلىش ئۈچۈن تۈركمەنلەر رايونىدىن ئۆتۈپ، تۈرك قوشۇنى تەرىپىدىن چىن (Kāshghar) دا، يەنى تىيانشاندىكى جەڭدە مەغلۇپ بولغان ھەم شۇ ئەتراپتا بەش شەھەر (ئۇيغۇر بەگلىكى) نى قۇرغان.

«دىۋان»دىكى ئىسكەندەر زۇلقەرنەينگە ئائىت بايانلار ئىچىدە، تۇتماچ (Tutmăch) دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل تاماق نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدىكى مۇنداق بىر ھېكايە سۆزلەنگەن:

ئىسكەندەر زۇلقەرنەين قاراڭغۇلۇقتىن چىققاندا ئەسكەرلەرنىڭ ئوزۇقى تۈگەي دەپ قالغان، ئۇلار ئاچلىقتىن ئىسكەندەر زۇلقەرنەينگە زارلىنىپ، «بىزنى ئاچ قويما» دېگەن مەنىدە «bizni tutma āch» دەپ خىتاب قىلغان ۋە «بىزنى قويۇۋەت، يۇرتلىرىمىزغا كېتەيلى» دېگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ دانىشمەنلەر بىلەن كېڭىشىپ، ئاخىر مۇشۇ تاماقنى تاپقان. بۇ تاماق بەدەنگە قۇۋۋەت بېرىپ، يۈزنى قىزارتىدۇ ۋە قورساقتا ئۇزاق تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۆزىنى يەپ، شورپىسىنىمۇ ئىچىدۇ. تۈركلەر بۇ تاماقنى كۆرۈپ ئۇنى «Tutmāq» دەپ ئاتىغان. بۇ سۆزنىڭ ئەسلى «tutma aq» بولۇپ، ئىككى «ا - ئەلىف» نىڭ بىر قىلىپ ئوقۇلۇشى نەتىجىسىدە تۇتماچ بولۇپ قالغان. بۇنىڭ مەنىسى: «ئۆزۈڭنى ئاچ قويماي، مۇشۇ تاماقنى قىلىپ يە» دېمەكتۇر ⑧.

ئەمەلىيەتتە، بۇ تاماقنىڭ ئىسمى ئىككى خىل يول بىلەن پەيدا بولغان، بىرى، ئىسكەندەر زۇلقەرنەين ئەسكەرلىرىنىڭ tutma ach (بىزنى ئاچ قويما)، دەپ تىلىغا ئېلىشىدىن پەيدا بولغان. ئەمەلىيەتتە، بۇ خىل پەيدا بولۇش يولى بايان قىلىنغان ۋەقەلىككە ئۇيغۇن. يەنە بىرى، تۈركلەرنىڭ قاچىدىكى ئوزۇقلۇق قىممىتى مول تاماقنى كۆرگەندىن كېيىن tutma ach (ئۆزەڭنى ئاچ قويما، بۇنىڭدىن يېگىن) دېيىشىدىن كەلگەن. ئەمما، خۇددى مەھمۇد كاشغەرىي ياكى ئۇنى ماتېرىيال بىلەن

تەمسىلگۈچىلەرنىڭ بايانىدىكىگە ئوخشاش بۇ نامنىڭ ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن ياكى ئۇنىڭ پارس تىلىدا سۆزلەشىدىغان ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن ئەمەس، بەلكى تۈرك تىلىدا سۆزلىشىدىغان كىشىلەر تەرىپىدىن قويۇلغانلىقى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن.

بىز «دىۋان»دىكى باشقا ۋەقەلىكلەر بىلەن ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىننىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سەپەر خەرىتىسىنى سىزماقچى بولساق، يۇقىرىدىكى بۇ ۋەقە شۇ خەرىتىگە ئۇيغۇن كېلەرمۇ؟ باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، «زۇلمەت» قەيەرنى كۆرسىتىدۇ؟

بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىشتىن ئاۋۋال، «دىۋان»دىكى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن تىلغا ئېلىنغان باشقا بىر جايغا، يەنى، «دىۋان»دىكى خەرىتىگە نەزەرىمىزنى ئاغدۇرۇپ باقايلى ⑨. خەرىتىنىڭ شەرقىي جەنۇب تەرەپكە قارايدىغان بولساق، يەجۇجى - مەجۇجى (Yājūj ۋە Mājūj) لەر بىلەن تولغان ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن سېپىلىنى تاپالايمىز.

شەھرى زۇلمەت ۋە يەجۇجى-مەجۇجى زېمىنىدىن ئىبارەت بۇ ئىككى سىرلىق جاي «دىۋان»دا ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن باغلاپ تۇرۇپ پەقەت بىرلا قېتىم تىلغا ئېلىنغان بولسىمۇ، ئەمما بۇلار يۇقىرىدىكىلەر بىلەن قوشۇلۇپ، بىزنى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىننىڭ شەرق ۋە غەربتىكى ئىستېلاچىلىق پائالىيەتلىرىدىن خەۋەردار قىلىدۇ. ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن ئاجىز ھەم قورقۇنچاق شاھەر خەلقىنى يەجۇجى-مەجۇجىلەرنىڭ زىيانكەشلىكىدىن قوغداپ قېلىش مەقسىتىدە سېپىل ياسىغان.

يۇقىرىقى ۋەقەلىكلەردە ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن قىسسەلىرىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ۋارىيانتلىرىدا بولغان بەزى ئالاھىدىلىكلەر مەۋجۇت. ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن قىسسەلىرىنىڭ ھەر بىر ۋارىيانتىدا تۇتىماچ ھېكايىسىدىكىگە ئوخشاش، ئۇنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ تاماق كەمچىللىك سەۋەبلىك نارازىلىقى ئىپادىلەنگەن ۋەقەلىكتىن خېلى بار.

پادىشاھ شۇنىڭ كۈمۈش كۆلچىكى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن قىسسەلىرىدە كۆپ ئۇچرايدىغان مۇتىفلارنىڭ بىرى بولۇپ، شۇ (xu) بۇ ئىدىشنى دۈشمەن قوشۇننىڭ ھەرىكىتىنى بىلىشتە رەم سېلىشقا ئىشلەتتى. مىسىر پادىشاھى Nectanebos مۇ دۈشمەن قوشۇننىڭ ئەھۋالىدىن مۇشۇ خىل ئۇسۇلدا خەۋەر تاپقان. قىسسەدە تۇنجى بولۇپ ياۋايى ئادەملەرنىڭ مىسىرغا قارشى ئۇرۇش قىلغانلىقى سۆزلىنىدۇ. پىرىخونلار شاھى ئىلاھىنىڭ دۈشمەنگە يۈزلەنگەنلىكىنى بايقىغاندا، قانداق قىلىپ يەنە دۈشمەنگە قارشى تۇرالىدى؛ ئۇ قانداق قىلىپ بىر ئاسترونوم سۈپىتىدە ماكېدونىيەگە بارالىدى؛ يەنە قانداق قىلىپ فىلىپنىڭ ئايالى ئولىمپىسنى ئازدۇرۇپ، ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىننىڭ دادىسى بولۇۋالدى؟ ئەمەلىيەتتە بۇ پائالىيەتلەرنىڭ ھەممىسى سېھرىي يوللار بىلەن تاماملانغان.

سۇ سېھرگەرلىكى دۈشمەننىڭ دېڭىزدىكى پائالىيىتىدىن بېشارەت بېرەلەيدۇ. پادىشاھ شۇ (xu) بۇ خىل ئۇسۇل بىلەن ئوتتۇرا ئاسىياغا تەسىر كۆرسەتكەن، ئەلۋەتتە شۇ (xu) مىسىر پادىشاھىدەك ئەرلەرنىڭ شامىدىن ياسالغان ھەيكىلى ياكى كېمە ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى ئۆردەك ۋە غازلاردىن پايدىلانغان . ئەمەلىيەتتە، بىزنىڭ ھېكايىمىزدە كۈمۈش كۆلچەكنىڭ ئەسلىي مەنىسى ئۇنتۇلۇپ كەتكەن، كېيىنكى كۈمۈش كۆلچەك مۇتىفى ۋە ۋەقەنى سۆزلەپ بەرگۈچىلەرنىڭ بايانىغا ئاساسلانغاندا، كىشىلەر بۇنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشەنمەي، پادىشاھ شۇنى ئۆز زامانىسىدا ئاددىيلا ياشاپ ئالەمدىن ئۆتكەن دەپ قارايدۇ. پادىشاھ شۇ (xu) ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىننىڭ ھەرىكىتىنى كۆزىتىشكە ئادەم ئەۋەتكەن. ئەمەلىيەتتە رەمچىلىك نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ھېكايىدە بۇ تەپسىلاتنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشنىڭ پەقەت زۆرۈرىيىتى يوق. ئەمما بۇ ئالتۇن قان جېڭىدىكى قوشۇن چېقىرىشنى مۇتىف دەرىجىسىگە كۆتۈرۈش مەقسىتىدە بۇ تەپسىلات ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان. قىسسەنىڭ ئەڭ دەسلەپكى بەزى ۋارىيانتلىرىدا قوشۇن چىقىرىشتىن ئىبارەت بۇ نۇقتا مەۋجۇت ئەمەس، دەپ پەرەز قىلساق، پادىشاھ شۇ (xu) رەم سېلىش ئارقىلىق ئۇرۇش قىلىشنىڭ ياخشى پەيتى ئەمەسلىكىنى بىلىپ، قوشۇنلىرىنىڭ ھەممىسنى سەپىرىدىن ۋاقىپلاندۇرۇشقىمۇ ئۈلگۈرمەي قېچىپ كېتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىنىڭ يېڭى شەھرى بالاسۇنغا ئورناتقۇزغان تۇمارى بىلەن سېھرگەرلەر شاھى دەپ قارىلىدۇ. يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسىدە مەھمۇد كاشغەرىي ياشىغان

www.uyghurkitap.com



دەۋرلەردە تارقالغان قىسسە ۋە رىۋايەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىش جەريانىنى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىننىڭ ئىستىلاچىلىق پائالىيەتلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ بايان قىلىنغان، «دىۋان»دا، قىسسە ۋە رىۋايەتلەر خەلق ئېتىمولوگىيەسىگە باغلىنىپ ئوتتۇرىغا چىققان، شۇڭا بەزى سۆزلەرنىڭ ئاساسىي لۇغەت تەركىبىگە كىرىدىغانلىقى ئانچە ھەيران قالارلىق ئىش ئەمەس. ئەمما «دىۋان»دىكى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن ۋەقەلىرى بىلەن «شاھنامە»دىكى ئىسكەندەر ھېكايىلىرى ۋە شۇ دەۋردىكى پارسچە ـ ئەرەبچە مەنبەلەردىكى ئوخشىماسلىق كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. گەرچە بىز «دىۋان»دىكى بۇ مەزمۇنلارنى مۇئەللىپ ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن قىسسەلىرىنىڭ ئىراندىكى ۋارىيانتلىرىدىن ياكى ئىسلامىي مەنبەلەردىن ۋە ياكى باشقا ئۈچىنچى بىر ماتېرىياللاردىن پايدىلانغان دەپ ئېنىق ئېيتىپ بېرەلمىسەكمۇ، ئەمما شۇنى ئېيتىشقا بولىدۇكى، بۇ تۈركلەر ئارىسىدا ئۇزاقتىن بېرى تارقىلىپ ۋە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىننىڭ تارىخىي ئىش ئىزلىرىغا ئائىت بايانلاردۇر. خۇددى رۇسىيەلىك ئالىم بىرتېلىسنىڭ ئېيتقىنىدەك، ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىننىڭ پارس تىلىدا سۆزلىگەنلىكى «ئۇنىڭ تۈركلەرنىڭ زېمىنىغا ماكېدونىيەلىكلەردەك ئەمەس، ئىراننىڭ شاھلىق سالاھىيىتى بىلەن كىرگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ». يەنە بىر نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ئۇ «دىۋان»دا ئىسكەندەر دېگەن نام بىلەن ئەمەس، بەلكى زۇلقەرنەيىن دېگەن نام بىلەن ئاتالغان. شۇنى ئېنىق ئېيتىشقا بولىدۇكى، بۇ پەرق مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ماتېرىيال تەمىنلىگۈچى تۈرك تىلىدا بايان قىلىپ بەرگەن مەزمۇنلارنى ئەرەب تىلىغا تەرجىمە قىلىش جەريانىدا كېلىپ چىققان مەسىلە بولۇشى مۇمكىن. ئەمما يۇقىرىدا بىز كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، بۇ ھېكايەلەردىكى نۇرغۇن تەپسىلاتلار ئەرەب ياكى پارسچە مەنبەلەردىن ئەمەس، بەلكى بىۋاسىتە تۈركچە مەنبەلەردىن كەلگەن.

موڭغۇللار باش كۆتۈرگەن دەۋرلەرگىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئەسلىي تۈركلەرگە ئائىت ئۇچۇرلار «دىۋان»دىكىدىن باشقا جايدا ئۇچرىمايدۇ. لېكىن كېيىنكى ماتېرىياللاردا مەيلى ئوغۇزخان بولسۇن ياكى چىڭگىزخان بولسۇن ھەر ئىككىسى ئالېكساندىر (ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن)نىڭ ئىزىنى باسقان دەپ خاتىرىلىنىدۇ.

بىز پەقەت «دىۋان»دىلا ئۇچۇرىغا ئىگە بولالىغان پادىشاھ شۇنىڭ خاراكتېرى بىزنى قايمۇقتۇرىدىغان ئاخىرقى بىر نۇقتىدۇر، بۇنىڭغا قارىتا ئەمدى بىز پەقەت پەرەزگە ئاساسەنلا پىكىر قىلالايمىز.

پادىشاھنىڭ نامىنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ، ۋەقەلىك ۋە يۈرۈش ـ تۇرۇشتىكى ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسلانغاندا، پادىشاھ شۇنى مىلادى 716 ـ يىلىدىن 738 ـ يىلىغىچە ھۆكۈمرانلىق قىلغان Tūrgesh، يەنى غەربىي تۈركلەرنىڭ پادىشاھى دەپ پەرەز قىلىش مۇمكىن. خەنزۇچە مەنبەلەردە بۇ پادىشاھنىڭ نامى SU-LU دەپ خاتىرىلەنگەن؛ ئەرەب تارىخشۇناسلىرى ئۇنى پەقەت خاقان (Khāqān) دەپلا تىلغا ئالغان. ئۇنىڭ بەگلىكىنىڭ پايتەختى سۇياب ياكى Nawākath بولۇپ، بۇ شەھەرلەرنىڭ توقماققا يېقىن جايدىكى چۇ دەريا ۋادىسىغا جايلاشقان.

(سۇ ـ لۇ) SU-LU ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىشتىن بىر قانچە يىل بۇرۇن ئەرەب سانغۇنى (قۇتەيبەئىبنى مۇسلىم) Qutaybaibn Muslim بىرقېتىملىق جەڭدە سەمەرقەنت، خوجەند ۋە كاشغەر قاتارلىق شەھەرلەرنى ئىشغال قىلدى، بۇ جەڭنى ھازىرقى زامان تارىخچىلىرى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ: «سەمەرقەنت ۋە فەرغانە تەرەپلەردىكى دۈشمەننى يوقاتقاندىن كېيىن، 712 ـ يىلى سانغۇن قۇتەيبەئىبنى مۇسلىم Qutaybaibn Muslim شاھلىق ئورنى ۋە خوجەندنى زورلۇق كۈچ بىلەن تارتىۋالغان؛ ئىككى يىلدىن كېيىن ھەتتا ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىنمۇ قەدەم بېسىپ باقمىغان جۇڭگونىڭ چېگرا رايونى بولغان قەشقەرگە كىرگەن». شۇنىڭدىن كېيىن 721 ـ يىلى (سۇ ـ لۇ) SU-LU قوماندان Kūrsūl (KüIchōr) كۇرسۇل (كۇل چور) رەھبەرلىكىدە بىر قوشۇن تەشكىللىگەن بولۇپ، بۇ قوشۇننى گىب «تۈركىيە ئالدىن يۈرەر قوشۇنى» دەپ ئاتىغان. 724 ـ يىلى (سۇ ـ لۇ) (SU-LU)نىڭ ئوغلى ئەرەبلەر «ئاچارچىلىق كۈنلىرى» دەپ بىلىدىغان بىر قېتىملىق چوڭ جەڭدە ئەرەبلەر قوشۇننى فەرغانىگە چېكىندۈرگەن ۋە سىر دەرياسىغىچە سۈرۈپ بارغان، 737 ـ

يىلى ئەرەبلەر Balkh (بەلخ)نىڭ غەربىدىكى Kharīstā (كارىشتا) جېڭىدە SU-LU نىڭ قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلغىچە بولغان 50 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە تۈركلەر سەمەرقەنت ۋە فەرغانە رايونلىرىدا ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزگەن. بىر يىلدىن كېيىن Kūrsūl, SU-LU سۇ - لۇ، كۇرسۇل تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن پادىشاھلىق گۇمران بولغان، گىبنىڭ قارىشىچە، «قاراخانىيلار سۇلالىسى قۇرۇلغىچە بولغان ئىككى ئەسىرگە يېقىن ۋاقىت جەريانىدا، غەربىي ئاسىيادا تۈركىيە بۈيۈك ئىتتىپاقى مەۋجۇت بولمىغان».

شۇ (xu) بىلەن SU-LU (سۇ - لۇ)نىڭ سالاھىيىتى توغرىسىدىكى يۇقىرىقى قاراشلار توغرا ياكى خاتا بولسۇن، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ بايانلىرىنىڭ ئۇلۇغ تۈرك پادىشاھىنىڭ مىللىتى، ئۇنىڭ غەربنى بويسۇندۇرغاندىكى غەلىبىسى، چۇدا ئۆز پايتەختىنى قۇرغانلىقى ھەققىدىكى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى ئېنىق. ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشتىن بۇرۇن، يەنى 942 - يىلى تۈركلەر بالاساغۇنغا يېقىن جايدىكى سۇياب سېپىلىنى ئىشغال قىلىپ، كېيىنچە شۇ جاينى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ خانلىق ئورنى تۇرىدىغان جاي قىلىپ بېكىتتى.

يۇقىرىدىكى مۇلاھىزىلەرگە ئاساسلانغاندا، يەنە مۇنداق ئىككى خىل كۈچ مەۋجۇت بولغان بولۇشى مۇمكىن، يەنى Tūrgesh تۈرگەشلەرگە قارشى ئەرەب كۈچلىرى ۋە سوغدىيەن ئىتتىپاقى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى Qutayba قۇتەيبە ياكى باشقا قوماندانلارنىڭ رەھبەرلىكىدىكى قوشۇنلار ئۆزلىرىنى ئىسلام دۇنياسىنىڭ قەھرىمانى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيننىڭ ۋارىسلىرى دەپ ئاتىشى مۇمكىن ئەمەس؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ھېكايىدە تۈرك سېھىرگەرلىك شاھىنىڭ مەلۇم دائىرە ئىچىدە دۇنيانى بويسۇندۇرغۇچىسىنى مەغلۇپ قىلغانلىقى سۆزلەنگەن.

شۇ دەۋرلەردىكى تۈركلەر بىلەن سوغدىلارنىڭ مۇناسىۋىتى، ئەرەبلەرگە قارىغاندا بەكرەك دىققەتنى تارتىدۇ. شۇنىسى ھەممىگە مەلۇمكى، VI ئەسىردە تۈركلەر ئوتتۇرا ئاسىيادا پەيدا بولغاندىن باشلاپ، سوغدىلار ئۇلار بىلەن ئىنتايىن قويۇق مۇناسىۋەتتە بولغان ھەم سودا، دىپلوماتىيە، دىن ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت قاتارلىق جەھەتلەردە ئۇلارغا تەسىر كۆرسەتكەن. يەنە شۇمۇ ئېنىقكى، سوغدىلار ئىراننىڭ قەھرىمانلىق ئۆتمۈشىدىن ئىنتايىن پەخىرلىنىدۇ، بۇنىڭدىن باشقا ئۇلارنىڭ تام رەسىملىرىدىمۇ ئەينى دەۋردىكى قەھرىمانلىققا دائىر ئىش ئىزلار تەسۋىرلەنگەن رەسىملەرنى ئۇچرىتىشقا بولىدۇ، ئەگەر تۈركلەر ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن، ماكېدونىسكىي قىسسەلىرىنى سوغدىلاردىن قوبۇل قىلدى دەپ قارىساق، ئۇنداقتا ئەينى دەۋردە ئۇ ئىران ئېپوسلىرىدا تېخى تولۇق ئۆزلىشىپ بولالمىغان بولۇشى مۇمكىن دەپ قاراشقا بولىدۇ.

ئىزاھاتلار:


(1) يۈگىن سىكالىرنىڭ كىتابى، 1877 - يىل، نيۇيورك، 1 - نەشرى، 237 - بەت.

(2) يۈگىن سىكالىرنىڭ كىتابى، 1877 - يىل، نيۇيورك، 1 - نەشرى، 277 - ، 278 - بەت.

(3) ئو. پرىستاك، «زاۋاللىققا يۈزلەنگەن قاراخانىيلار»، 1953 - يىل، 22 - بەت.

(4) «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، مەھمۇد كاشغەرىي، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2012 - يىل، 1 - نەشرى، 299 - ، 300 - بەت.

(5) «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، مەھمۇد كاشغەرىي، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2012 - يىل، 1 - نەشرى، 998 - ، 1000 - بەتلەر.

(6) «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، مەھمۇد كاشغەرىي، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2012 - يىل، 1 - نەشرى، 94 - ، 95 - بەت.

(7) «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» ، مەھمۇد كاشغەرىي، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2012 - يىل، 1 - نەشرى، 95 - بەت.

(8) «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، مەھمۇد كاشغەرىي، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2012 - يىل، 1 - نەشرى، 345 - بەت.


(9) خەرىتىدە زۇلمەت توغرىسىدا بىرەر مەزمۇن ئۇچرىمايدۇ، ئەمما ئۇنىڭدىن ئىسكەندەر زۇلقەرنەيننىڭ سەپىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان، شەرقىي شىمالدىكى «ئاياللار دۆلىتى» توغرىسىدا بەزى مەزمۇنلارنى بىلىۋالالايمىز.

بۇ ماقالە «ئىنسانىيەت ئىسلامشۇناسلىقى» ناملىق ماقالىلەر توپلىمىنىڭ 233 - ، 244 - بەتلىرىدىن ئېلىندى، بۇ توپلام 1973 - يىلى پارىژدا «ئىسلام تەتقىقاتى ۋە ئىنسانىيەت» نەشرىياتى تەرىپىدىن ئىنگلىز تىلىدا نەشر قىلىنغان.

نۇرنىسا ئېلى تەرجىمىسى

(تەرجىمان: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ ۋە مىللەتشۇناسلىق ئىنستىتۇتى مىللەتشۇناسلىق كەسپىنىڭ ئاسپىرانتى)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



# خاتۇشا
# (خىتىم شەھىرى)

مۇستەبىت خىتىم ئىمپېرىيە پايتەختى





**خاتۇشانى بايقاش**

1894 - يىلى فىرانسىيەلىك ئارختېكتور (بىناكارلىق ئۇستىسى)، ئاسار - ئەتىقە، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى سودىگىرى تۈركىيەدىكى ئاناتولىغا كېلىدۇ. بۇ كىشىنىڭ ئىسمى چارلى تېكسىر (Charlie TurkSier) بولۇپ، ئۇ بۇ يەردىن يۇنانىستان ۋە رىملىقلار قالدۇرۇپ كەتكەن بىر قىسىم مەدەنىي يادىكارلىقلارنى تاپقىلى بولىدىغان-بولمايدىغانلىقىنى بىر كۆرۈپ بېقىش مەقسىتىدە كەلگەندى. ئاناتولىنىڭ شىمالىدا بوغازكوي (Bogazkoy) دەپ ئاتىلىدىغان بىر كىچىك تاغلىق كەنت بولۇپ، يەرلىك كەنت ئاھالىلىرى ئۇنىڭغا كەنتنىڭ ئايىغىدىكى تاغ قاپتىلىدا بىر قەلئەنىڭ بارلىقىنى، ئۇ يەر بىر قەدىمىي خارابىلىك ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. ئۇ بىر ئىشىنىپ بىر ئىشەنمەي كەنتتىكى بىرەيلەننىڭ يول باشلىشى بىلەن بۇ يەرگە كېلىدۇ. ئۇنى راستىلا ھەيران قالدۇرغىنى، بۇ يەردە ئەزەلدىن بار بولغان قەدىمىي قەلئە بولدى. قەلئە ھەيۋەتلىك تاغ قىرىغا يۆلەپ سېلىنغان بولۇپ، تاغنىڭ ئۈستۈنكى ئومۇرتقىسىدىن تۆۋەنگە قاراپ شىمال تەرىپىدىكى بىر پارچە مۇنبەت تاغ جىلغىسىغىچە تۇتاشقان. ئارقا تەرەپىدىكى قاقاس يەر ئۇنى قوغداپ تۇرغان ھالەتتە ئىدى.

ئەمەلىيەتتە، بۇ يەرنى تېكسىر ئۆلگەندىمۇ خىيالىغا كەلتۈرۈلمەيتتى. ئۇ بىر چەت قاقاسلىقتىن تاسادىپىي بىر ئۇلۇغ ئىمپېرىيە، يەنى خىتىم ئىمپېرىيەسىنى بايقىغان بولۇپ، بۇ خارابىلىك دەل ئاشۇ ئىمپېرىيەنىڭ سەلتەنەتلىك پايتەختى خاتۇشا ئىدى. خاتۇشا خارابىلىكىنىڭ ئىگىلىگەن يەر مەيدانى 162 گېكتار بولۇپ، ئەتراپى ئېگىز - پەس، قورقۇنچلۇق تىك قىيالار بىلەن قاپلانغان. قەدىمىي شەھەرنىڭ جايلاشقان ئورنىدا ئىنتايىن كۆپ جىرا سۇلىرى تاغنىڭ يان باغرىنى بويلاپ تۆۋەنگە قاراپ ئاقىدۇ. خىتىملىقلار بۇ يەردە قاتتىق مېگالىت تاشتا كۆلچەك ياساپ سۇ ساقلاپ ئىشلەتكەن. يەنە شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئەينى يىللاردىكى مۇشۇ قەدىمىي شەھەرنى بىنا قىلغان ئارختېكتور كوچا يوللىرىنى قانۇنىيەتلىك چاسا شەكىلدە رەتلىك ياسىمىغان بولسىمۇ، ئەمما يەرنىڭ ئىشلىتىش دائىرىسىگە قاراپ

بىرەر پارچە يەرنىمۇ بىكار قويماي ئىشلەتكەن. ھەتتا تاغنىڭ ئېگىز - پەس يانباغىرلىرى تۆپتۈز تەكشىلىۋېتىلگەن. بۇ تەكشىلەش ئويلىمىغان يەردىن قىيا تاغ باغرىنىڭ ھالىتىنى پەلەمپەي تۈسكە كىرگۈزگەن.

قەدىمىي شەھەرنى چۆرۈدەپ ياسالغان ئالتە كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ئېگىز چۆرۈمە تام بار بولۇپ، تامنىڭ ئاستىغا مۇداپىئەلىنىش ئاكوبى ياسالغان، ئۈستىگە ئىنتايىن قېلىن تاشلار بىلەن ئېگىز تام قوپۇرۇلغان. دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن بۇ يەرگە كەلگەن كىشىلەر 3000 نەچچە يىللار ئىلگىرى بۇ شەھەرنىڭ گىگانت ئادەملەر تەرىپىدىن ياسالغانلىقىغا ئىشەنگۈسى كېلىدۇكى، ھەرگىز خىتمىلقلار تەرىپىدىن ياسالغانلىقىغا ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ.

سېپىلنىڭ ئاستى دۈشمەن ھۇجۇمىدىن مۇداپىئەلىنىدىغان تونىل بولۇپ، مۇداپىئەچى قىسىم ھەر ۋاقىت تاجاۋۇزچى دۈشمەنلەرگە قارىتا قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتەلەيدۇ. شەھەر دەرۋازىسىنىڭ ئىككى تەرىپىدە مۇنارسىمان قەۋەتلىك مۇھاپىزەت ئۆيى بار. ھازىر بۇ يەرگە كەلگەنلەر كۆرۈشكە بولىدىغان تاغ چوققىسىغا يېقىنراق ئەڭ مۇكەممەل ساقلانغان جەنۇبىي دەرۋازىدۇر. شەھەر دەرۋازىسىنىڭ ھەممىسى زىننەتلەنگەن بولۇپ، يەنە ئويما نەقىش چۈشۈرۈلگەن قورام تاشلىق ھەيكەللەرمۇ بار. سفېنكس (Sphinx) ئىشىكنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئىككى شىر باشلىق ئادەم ھەيكىلى ئاسمانغا قاراپ نەرە تارتقان ھالەتتە تۇرىدۇ.

بۇنداق قەدىمىي شەھەر خارابىسىنى كۆرۈپ تېكسىر ئىنتايىن ھاياجانلىنىپ كېتىدۇ. كەنتتىكىلەر ئۇنىڭغا يەنە يېقىن ئەتراپتا يەنە بىر بۇنىڭدىنمۇ چوڭ خارابىلىكنىڭ بارلىقىنى ئېيتىدۇ ھەم ئۇنى باشلاپ تاغ قاپتىلىنى بويلاپ شەرقىي شىمال تەرەپكە قاراپ ماڭىدۇ. تەخمىنەن بىر سائەتچە ماڭغاندىن كېيىن، تېكسىر ئالدىدىكى ھەيۋەتلىك ھاك جىنسلىق تاغنىڭ تۆپىسىدىكى تەبىئىي چوڭقۇر يېرىقنى كۆرۈپ قالىدۇ. ئۇ يېرىقنى بويلاپ ئىچىگە كىرىپ، كۆرۈنۈشى ئىنتايىن ھەيۋەتلىك 66 دانە ھەيكەلنىڭ ئىككى تەرەپنى بويلۇتۇپ رەتلىك تىزىلغانلىقىنى كۆرىدۇ. كۆرۈنۈشىدىن بۇ ئېنىقلا تەبىئىي ھاسىل قىلىنغان تۈۋرۈكلۈك كارىدور ئىدى. قاتار بولۇپ چوڭ قەدەم بىلەن ئالغا قاراپ كېتىۋاتقاندا، ئۇ ھەيكەللەرنىڭ بەزىلىرىنىڭ يېنىدا ئىنتايىن چوڭ ئەگمە شەمشەر ئېسىقلىق تۇرغانلىقى، بېشىغا كونۇسسىمان باش كىيىمى كىيگەنلىكىنى، بەزىلىرىنىڭ بوشاپ ئۈزۈلۈپ كەتكەن نىمچە چاپان كىيىۋالغانلىقىنى كۆرگەن ۋە يېقىن كېلىپ سىنچىلاپ قاراپ، ئىلگىرى كۆرۈپ باقمىغان نۇرغۇن تەسۋىرى يېزىقنىڭ بارلىقىنى بايقاپ قالغان. ئادەتتە يەرلىكلەر بۇ يەرنى «رەسىملىك ئۆڭكۈر» ياكى «پۈتۈك ئويۇلغان ئابىدە تاش» دەپ ئاتايدىكەن. تېكسىر تاشقا ئويۇلغان ھەيكەل ئادەمنىڭ كىملىكىنى ئېنىقلاپ بېقىشقا ئۇرۇنۇپ باققان بولسىمۇ، بىراق جەزملەشتۈرۈشكە ھەققەتەن ئامالسىز ئىدى. بەلكىم ئۇ داۋاملىق بۇ خارابىلىكلەرنى قەدىمكى تارىخشۇناس خېنو بىلەن تاسىنىڭ ئۆز ۋاقتىدا، ئانادولۇ قەدىمىي شەھىرىنى پۈۋېنترا دەپ تىلغا ئېلىپ ئۆتكىنىدەك ئويلاپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. خېنو بىلەن تاسىنىڭ پىكرىگە ئاساسلانغاندا، پۈۋېنترا مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 547-يىلى ئۇرۇش ئوتىدا ۋەيران بولغانمىش. تېكسىرنىڭ بۇ قېتىمقى ئانادولۇدىكى تاسادىپىي بايقىشى ئويلىمىغان يەردىن قەدىمكى خىتىم مەدەنىيىتىنىڭ دەرۋازىسىنى ئاچقان ھەم دۇنيانى زىلزىلىگە سالغان. شۇنداقلا 3000 يىل ئىلگىرىكى يوقالغان ئىمپېرىيە ئاخىرى ئىزدەپ تېپىلغان.

دۇنيا مىراسلىرى كىتابىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: مېھرىگۈل قادىر

(ئاپتور: شىنجاڭ خەلق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىدە)


## بىلدۈرگۈ

**ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەر:**

نەشرىياتىمىز «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 2003 - يىللىق سانلىرىدىن 2012 - يىللىق سانلىرىدىچە توپلام قىلىپ ئىشلىدۇق.

سېتىۋالغۇچىلارنىڭ بىز بىلەن ئالاقىلىشىشىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز، يەككە باھاسى 200 يۈەن.

ئالاقىلاشقۇچى: خۇرسەنئاي مەمتىمىن Tel: (0991) 4554017

www.uyghurkitap.com



# كوسراپىلقلارنىڭ ئۆزگىچە ئۆرپ - ئادەتلىرى

ئابدۇقەييۇم مۇھەممەد

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

**6. توي - تۆكۈن ئادىتى**

(1) نىكاھ تۈزۈمى: كوسراپىلقلاردا بىر ئەر بىر خوتۇنلۇق تۈزۈم ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغان بولسىمۇ، ئەمما ئازادلىقتىن بۇرۇنقى زامانلاردا توي قىلىپ خېلى يىللارغىچە پەرزەنت يۈزى كۆرمىگەن قىسمەن ئەرلەر، ئايال تەرەپنىڭ رازىلىقى بىلەن يەنە بىر خوتۇن ئالىدىغان ئەھۋاللار مەۋجۇت بولغان (ئەرلەر جەمئىيەتتىكى ئورۇنمەرتىۋىسى، بايلىقى ياكى باشقا ئىمتىيازدىن پايدىلىنىپ، ئۆز خاھىشى بويىچە خوتۇن ئۈستىگە خوتۇن ئالىدىغان ئەھۋال كۆرۈلمىگەن). ئازادلىقتىن كېيىن نىكاھ قانۇنى بويىچە كۆپ خوتۇنلۇق تۈزۈم ئەمەلدىن قالغان. لايىق تاللاشتا، ئالدى بىلەن ئۆز جەمەتىدىن، ئاندىن باشقا جەمەتتىكىلەردىن تاللايدۇ. ئاتا - ئانىنىڭ پىكرى بىرلىككە كەلگەندىن كېيىن، پەرزەنتلەرنىڭ پىكرىنى ئالىدۇ. ئوغۇل ئۆزىنىڭ نارازىلىق پىكرى بولسا باشقا تۇغقانلىرى ئارقىلىق ئاتا - ئانىسىغا مەلۇم قىلىدۇ. قىزلاردا ئاتا - ئانىنىڭ پىكرىنى رەت قىلىش ئۇياتسىزلىق ھېسابلىنىدۇ. ئۇرۇق - تۇغقانلار ياكى كۆڭلى يېقىنلار باللىرى كىچىك ۋاقتىدا ھەتتا ھامىلە ۋاقتىدىلا كەلگۈسىدە پەرزەنتلىرىنى چېتىپ قويۇشنى ۋەدىلىشىدىغان ئادەت بولۇپ، بالا تۇغۇلغاندا بىرى ئوغۇل، بىرى قىز بولسا نىكاھلاپ قويۇش، ھەر ئىككىسى ئوغۇل بولسا «قۇرئان» قۇچاقلىتىپ دوست قىلىش، قىز بولسا ئاداش قىلىش ئادىتى ئومۇملاشقان. ئوغۇللارنى 16 ياشقا كىرگەندىن باشلاپ، قىزلارنى 14-15 ياشلاردىن باشلاپ بالاغەتكە يەتتى دەپ قاراپ،

ئوغۇل تەرەپ لايىق كۆرگەن قىزنى گىلەم - كىگىز ئۈستىدە قاچا - قۇچىلارنى يۇغۇزۇش، قېتىقتا نان توغراتقۇزۇش (چوڭ ياكى كىچىك بولماسلىقى شەرت قىلىنىدۇ) قاتارلىق ئوخشاش ئىشلاردا سىناپ كۆرسە، قىز تەرەپمۇ ئوغۇلنى ئوتۇن يېرىش، ئاتقا مىنىش، چوڭلارغا سالام - سەھەت قىلىش قاتارلىق ئىشلاردا سىناپ كۆرۈش ئومۇملاشقان. كوسراپىلقلاردا بىر - بىرنى تونۇمايدىغان ئەھۋال مەۋجۇت ئەمەس، ھەممە ئادەم تونۇشىدۇ. شۇڭا ئوغۇل - قىزلاردا ئۆزئارا تونۇشماي تۇرۇپ توي قىلىش ئەھۋالى مۇمكىن ئەمەس. ئەمما ياش ئوغۇل - قىزلار ئوتتۇرىسىدا مۇھەببەتلىشىش ئارقىلىق توي قىلىش قاتتىق ئېغىر ئېلىنىدۇ، بولۇپمۇ قىز تەرەپ ئۈچۈن پۈتۈن جەمەتنىڭ يۈز - ئابرۇيىنى تۆكىدىغان قىلمىش ھېسابلىنىدۇ. كوسراپىلقلارنىڭ نىكاھ مۇناسىۋىتىدە چەكلىنىدىغان بىر قاتار بەلگىلىمىلەر (پەرھىزلەر) شەكىللەنگەن. مەسىلەن، نىكاھلىنىدىغان ئوغۇل - قىزلار ئۈچ ئەۋلادتىن يېقىن بولماسلىق، ئېمىلداش بولماسلىق، ئېمىلداش مۇناسىۋىتى بەش - ئالتە ئەۋلاد بولسىمۇ ئۆزئارا نىكاھ يۈرمەيدۇ دەپ قارايدۇ. قىزنىڭ يېشى ئوغۇلنىڭ يېشىدىن كىچىك بولۇشى شەرت قىلىنىدۇ. «قۇرئان» قويۇپ دوست ياكى ئاداش بولغانلارنىڭ پەرزەنتلىرى بىر - بىرىگە راۋا كەلمەيدۇ دەپ قارايدۇ. ئايالى ئۆلۈپ كەتكەن ئەرلەر ئايالىنىڭ سىڭلىسى بىلەن تويلاشسا بولىدۇ، ئەمما ئايالىنىڭ ئاچىسى راۋا كەلمەيدۇ دەپ قارايدۇ. نىكاھتىن ئىلگىرىكى ئۈچ كۈن ئىچىدە ئوغۇل بىلەن قىز سوغۇق سۇ ئىچىشتىن پەرھىز تۇتىدۇ. سوغۇق سۇ ئارىغا سوغۇقچىلىق سالىدۇ دەپ قارايدۇ.

(2) ئەلچى ئەۋەتىش: ئوغۇلنىڭ ئاتا - ئانىسى لايىق (قىز)نى مۇقىملاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن ئوغۇلنىڭ ئاچا - سىڭىللىرى قىزنىڭ ئايال تۇغقانلىرىدىن بىرەسىگە ئۆز مۇددىئاسىنى ئۇقتۇرۇپ دەڭسەپ باقىدۇ. ئەھۋال ئۆزلىرى ئۈچۈن پايدىلىق ئىكەنلىكىگە جەزىم قىلىنغاندىن كېيىن، ئاندىن ئوغۇل تەرەپتىن يۈز - ئابرۇيى بار، گەپ - سۆزلىرى جايىدا مويسىپىت كىشىلەردىن بىرى قىز تەرەپكە ئەلچىلىككە بارىدۇ (كىچىك باللار، تۇل خوتۇن، يۇرت ئىچىدە يامان ئاتىقى چىقىپ قالغان كىشىلەر ئەۋەتىلمەيدۇ). ئەلچى قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى بىلەن يۈزتۇرا ئولتۇرۇپ ئۆز مەقسىتىنى ئېنىق ئىپادىلەيدۇ. قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى رازىلىق بىلدۈرگەن بولسا، ئەلچى دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ «ھەشقاللا» دەپ ئۆز رەھمىتىنى بىلدۈرىدۇ ھەمدە ئىككىنچى قېتىمدا ئۆتكۈزۈلىدىغان «سۆز سېلىش» ۋاقتىنى بېكىتىپ قايتىدۇ.

(3) ياغلىق چىگدۈرۈش: سۆز سەلىش (سۆز سېلىش) كۈنى ئوغۇل تەرەپ قىز تەرەپنىڭ بارلىق ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى، يۇرت ئاقساقاللىرىنى ئۆز ئۆيىگە چاقىرىپ قوي سويۇپ مېھمان قىلىدۇ. مېھماندارچىلىق ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئوغۇلنىڭ دادىسى ياكى دادىسىنىڭ ئاكا - ئىنىلىرىدىن بىرى پەگاھدا قول قوشتۇرغانچە ئۆرە تۇرۇپ، ئۆز مەقسىتىنى «بىزنىڭ ئۆيدە بىر ئوغۇل چوڭ بولۇپتۇ، پالانچى ئاكام - ئاچاملىنىڭ ئۆيىدە بىر قىز چوڭ بولۇپتۇ، بىز سىلەرگە ئوتۇنچى بەرسەك، سىلە بىزگە سۇچى بەسەڭلە دېگەن ئۈمىدىمىز با ئىدى» دېگەندەك مەزمۇنلاردا ئوتتۇرىغا قويىدۇ. قىزنىڭ دادىسى «قىزنى بىز چوڭ قىلغان بىلەن، ئۇنىڭ بابا - مامىسى، چوڭ دادا، چوڭ ئانىسى، ئاكىلىرى... يۇرت ئاقساقاللىرى، ئۇرۇق - تۇغقانلارنىڭ مەسلىھەتى ھېساب بولسۇن» دېگەنگە ئوخشاش تەكەللۇپ سۆزلىرىنى قىلىدۇ. ئۇرۇق - تۇغقانلاردىن ئىككى - ئۈچ ئادەم سۆز قىلىپ ئاتا - ئانىسى قوشۇلغان بولسا، ئۆزلىرىنىڭ قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئوغۇلنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى «ھەشقاللا» دەپ ئورنىدىن تۇرۇشىدۇ. ئاياللار باشقا ئۆيگە باشلانغان بولسا، ئۇلارنىڭمۇ بىر قېتىم ماقۇللۇقىدىن ئۆتكۈزىدۇ. ئوغۇلنىڭ ئانىسى قىزنىڭ ئانىسىنىڭ ئالدىغا بولغۇسى كېلىنىگە ئاتاپ بىر تال ياغلىق، بىرەر كىيىملىك رەخت قويىدۇ. بۇ بەزىدە «ياغلىق چىگدۈرۈش» دەپ ئاتىلىدۇ. ھازىر ياغلىققا بىرەر تالدىن ئالتۇن ئۈزۈك ياكى زىرە ياندايدىغانغا ئۆزگەردى. ياغلىق چىگدۈرۈش رەسمىيەتلىرىدىن كېيىن، ئوغۇل بىلەن قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى «سۆز سەلىش»نىڭ ۋاقتىنى ۋە ئۇنىڭغا ئاپىرىدىغان ئاياغنىڭ سانى، ئۆلچىمى قاتارلىقلارنى كېڭىشىپ بېكىتىدۇ.

(4) سۆز سەلىش: سۆز سەلىش (سۆز سېلىش) كۈنى ئوغۇل تەرەپ ئۆزىنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى، قىز تەرەپنىڭ بارلىق ئۇرۇق - تۇغقانلىرىدىن تارتىپ، يۇرت ئاقساقاللىرىغىچە ئۆيىگە چاقىرىپ، داستىخان سالىدۇ. مېھماندارچىلىق ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئوغۇل تەرەپ ۋەكىلى بۈگۈنكى يىغىلىشنىڭ مەقسىتىنى ئوتتۇرىغا

www.uyghurkitap.com



قويۇپ، كۆپچىلىكنىڭ يەنە بىر قېتىم رازىلىقىنى ئالىدۇ.
ئاندىن كېيىن كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى قىز تەرەپنىڭ ئۆيە-
گە تەكلىپ قىلىنىدۇ. سۆز سەلىش ئاياغلىرى ئالدىنقى قې-
تىمقى كېلىشىم بويىچە تەييارلىنىدۇ. ئاياغ سانى يەتتە
ياكى توققۇزغىچە بولىدۇ. تۇنجى ئاياغقا ئىككى تاختا
چاي، ئىككى - ئۈچ كىلوگىرام ناۋات سېلىنىپ، ئۈستىگە
ياغلىق قويۇلىدۇ. ئىككىنچى ئاياغتىن باشلاپ نان ياكى
بوغۇرساق سېلىپ، ئۈستىگە بىر كىيىملىكتىن رەخت قويۇ-
لىدۇ (رەختلەر سۈپەت دەرىجە تەرتىپى بويىچە بولىدۇ)
بىر تۇياق قوي يانداش ئېلىپ بېرىلىدۇ.

كۆپچىلىك قىز تەرەپنىڭ ئۆيىگە بېرىپ چاي ئىچىپ
بولغاندىن كېيىن، ئوغۇل تەرەپنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى
(ئەرلەر) پەگاغا چۈشۈپ، قىز تەرەپنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلى-
رىنى تۆردە ئولتۇرغۇزىدۇ، ئالدىغا داستىخان سېلىپ ئە-
كەلگەن ئاياغلارنى تەرتىپ بويىچە بىر - بىرلەپ ئېچىپ
ئالدىغا قويۇپ (قوي پەگاھتا كۆرسىتىلىدۇ)، كەم -
كۈتۈك بولۇپ قالغان بولسىمۇ، كۆڭلىگە ئالماي قوبۇل
قىلىشنى ئۆتۈنىدۇ. قىز تەرەپنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى
«ئاز ئەمەسكەن، بەك كايىپسىلەر ...» دېگەنگە ئوخشاش
تەكەللۇپ سۆزلىرى ئارقىلىق ئۆز رازىلىقىنى بىلدۈرىدۇ،
ئاندىن يەنە ئوغۇلنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى قايتىدىن
تۆرگە تەكلىپ قىلىپ، قويغا دۇئا قىلدۇرىدۇ. گۆش تەييار
بولغۇچە ئارىلىقتا توينىڭ ۋاقتى، تويلۇق چارۋا مال
(قوي، ئۆچكە بولسا سەككىزدىن ئونغىچە ئەتراپىدا، كالا،
قوتاز بولۇپ قالسا ئۇنىڭغا ئىككى - ئۈچكىچە قوي ياكى
ئۆچكە قوشۇلىدۇ) سانى، ياغ - گۈرۈچ (ياغ 20 ـ 30
جىڭ، گۈرۈچ 100 جىڭ، ئۇن 150 ـ 200 جىڭ ئەتراپىدا)،
ئوتۇن (ئىككى - ئۈچ ئۇلاغ ئەتراپىدا)، كىيىم - كېچەك
(ھازىر ئالتۇن زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرى قوشۇلدى) قاتار-
لىقلار بېكىتىلىدۇ. بۇ توينىڭ «ئەلىغ - سەلىغى» دەپ ئا-
تىلىدۇ. سۆز سەلىش ئاخىرلىشىدۇ.

(5) تاۋاسقۇ: كوسراپلىقلارنىڭ قائىدىسىدە توي
ئىككى كۈن بولىدۇ. بىرىنچى كۈنى توي ئوغۇلنىڭ ئۆيە-
دە باشلىنىدۇ، بۇ «تاۋاسقۇ» دەپ ئاتىلىدۇ. تاۋاسقۇغا
پۈتۈن يۇرت - جامائەتنى ئوغۇل تەرەپتىن ئەرلەر ئەر-
لەرنى، ئاياللار ئاياللارنى ئۆيمۇ ئۆي بېرىپ چاقىرىدۇ.
باغاق ئارقىلىق چاقىرىش ئادىتى يوق. ياشلار، ئەلنەغمە-
چىلەر ئالدىنىراق كېلىپ، جامائەت يىغىلىپ بولغۇچە
مەشرەپ قىلىپ تۇرىدۇ. قىز تەرەپنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلى-
رى تولۇق يىغىلىپ بولمىغۇچە توي باشلاشقا بولمايدۇ.
قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى تۆرنىڭ بېشىدا ئولتۇرغۇزۇلىدۇ. قىز
تەرەپنىڭ ھەممە تۇغقانلىرى يىغىلىپ بولغاندىن كېيىن،
قىزنىڭ دادىسى «دوستىخان سالىلى» دەپ ئىجازەت بې-
رىدۇ. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن يۇرت - جامائەت سورۇنغا
تەكلىپ قىلىنىدۇ. ياش قۇرامى بويىچە ئەرلەر بىر سورۇن،
ئاياللار بىر سورۇن بولۇپ ئولتۇرغۇزۇلىدۇ. ئوغۇلنىڭ ئاتا-
ئانا، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ئۈنلۈك ئاۋازدا «يۇرت - جاما-
ئەت خۇش كېلىپسىلە» دەپ ئەھۋال سورايدۇ. جامائەتمۇ
«خۇشۋاخ بولۇڭلا، تويۇڭلارغا مۇبارەك بولسۇن» دەپ
تەبرىكلەيدۇ. مېھمانلارنىڭ قولىغا سۇ بېرىلىپ، بوغۇرساق،
نان، قەنت، ناۋاتلار بىلەن چاي بېرىلىدۇ، بۇ «قەنت
چاي» دەپ ئاتىلىدۇ. قەنت چاي بېرىلىپ بولغاندىن
كېيىن، پولۇ، بۇلماق تارتىلىدۇ. دۇئادىن كېيىن قىزنىڭ
ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ئالدىنىراق ئۆيىگە قايتىدۇ.

ئوغۇل تەرەپ يۇرت - جامائەت بىلەن بىرلىكتە
توينىڭ «ئەلىغ - سەلىغى»نى ئېلىپ قىز تەرەپكە بارىدۇ.
يول بويى ئەلنەغمىچىلەر راۋاب، داپلار بىلەن «كوسراپ
سەنىمى»نى ئوقۇپ، جامائەتنىڭ ئالدىدا ماڭىدۇ (تويلۇق
ئوتۇن بىر - ئىككى كۈن بۇرۇن ئاپىرىپ بېرىلىدۇ). قىز
تەرەپ توي جامائىتىنى ئىززەت - ئىكرام بىلەن كۈتۈۋال-
دۇ. چايدىن كېيىن، ئوغۇل تەرەپ تۇغقانلىرى پەگاھقا
چۈشۈپ، قىز تەرەپنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى تۆردە ئول-
تۇرغۇزىدۇ. ئوغۇل تەرەپنىڭ ئەرلەردىن بىرى توي
ئۈچۈن ئەكەلگەن، پارە نان، ياندىغ نان، كىيىم -
كېچەك، ئۇن - ياغ، گۈرۈچ، چارۋاماللارنى تەرتىپ بو-
يىچە ئوتتۇرىغا قويىدۇ. پارە ناننىڭ دىيامېتىرى 50 ـ 60
سانتىمېتىر، قېلىنلىقى يەتتە - سەككىز سانتىمېتىر ئەتراپىدا
بولىدۇ. يەتتە ياكى توققۇز نان بىر ئۆتكەمگە سېلىنىدۇ.
ناننىڭ ئۈستىگە قىزنىڭ تويلۇق كىيىملىرى، ئۇنىڭ ئۈستى-
گە تېكە مودېلى قويۇلىدۇ. ياندىغ ناننىڭ دىيامېتىرى 30 ـ
40 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى ئالتە - يەتتە سانتىمېتىر ئەتراپىدا
بولىدۇ. ئالتە ياكى سەككىز نان (چوقۇم جۈپ بولۇشى
كېرەك) بىر غەلۋىرگە سېلىنىپ، ئۈستىگە بىر - ئىككى كە-
يىملىك رەخت قويۇلىدۇ. بۇ جەرياندا ئىككى تەرەپ ئوت-
تۇرىسىدا ئۆزئارا تەكەللۇپ - رەھمەت سۆزلىرى داۋاملى-
شىدۇ. يۇرت - جامائەت «تويۇڭلارغا مۇبارەك بولسۇن»

دەپ قىز تەرەپنى قۇتلۇقلايدۇ. دۇئادىن كېيىن قىز
تەرەپ پەگاھغا چۈشۈپ، ئوغۇل تەرەپنى تۆرگە چىقىرد-
دۇ. پۈتۈن جامائەتنى ئەتىكى توي نەزىرىسى ئۈچۈن سو-
يۇلىدىغان چارۋا مالغا (سانى ئېنىق) دۇئا قىلدۇرىدۇ.
توي ئوغۇل تەرەپتىن قىز تەرەپكە ئۆتىدۇ. قىز تەرەپ
ۋەكىلى يۇرت ـ جامائەتنى كەچلىك مەشرەپكە تەكلىپ قى-
لىدۇ، جامائەت تارقايدۇ.

كەچتە قىز تەرەپ پۈتۈن يۇرت بويىچە مەشرەپ بې-
رىدۇ. مەخسۇس ئادەم ئەۋەتىپ ئوغۇل ۋە قولداشلارنى
(كوسراپلىقلاردا تويى بولغۇچى ئوغۇل «شەنئوغۇل»
قىز «شەنقىز» دەپ ئاتىلىدۇ) مەشرەپكە تەكلىپ قىلىدۇ.
مەشرەپ ياز كۈنلىرى هويلا ئىچىدە، قىش كۈنلىرى ئاي-
ۋاندا ئۆتكۈزۈلىدۇ. مەشرەپنى قىز تەرەپتىن بەلگىلەنگەن
مىرشاپ «كوسراپلىقلار پەششاپ دەپ ئاتايدۇ» باشقۇرد-
دۇ. مىرشاپ مەشرەپ ئەھلىنى رەتلىك ئولتۇرغۇزۇپ بول-
غاندىن كېيىن، نەغمىچىلەر «كوسراپ سەنىمى»نى باشلاي-
دۇ. مىرشاپ يۇرت ئاقساقاللىرى، سىرتتىن كەلگەن مېھ-
مانلارنى ئالدى بىلەن ئۇسسۇلغا تەكلىپ قىلىدۇ. مەشرەپ
جەريانىدا مىرشاپ ئورۇندىلىدىغان ناخشا ـ مۇزىكىنىڭ
مەزمۇن ئالاھىدىلىكى بويىچە ياشلارنى، ئاياللارنى، شەنئ-
ئوغۇل، شەنقىزلارنى ئايرىم ـ ئايرىم ئۇسسۇلغا تەكلىپ
قىلىدۇ. كىمنى تەكلىپ قىلسا شۇ ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ. تاما-
شىبىنلار ئۇسسۇل ئوينىغۇچىلارنىڭ بېشىدىن رەخت، پۇل
قاتارلىق نەرسىلەرنى ئۆرۈپ نەغمىچىلەرنىڭ ئالدىغا تاش-
لايدۇ. بۇ «راۋادا ئۆرۈش» دەپ ئاتىلىدۇ. مەشرەپ
ئىككى ـ ئۈچ سائەت ئەتراپىدا داۋاملاشقاندىن كېيىن،
سورۇن ئەھلى «مەشرەپ پىشتى» دەپ توۋلىشىدۇ،
مىرشاپ مەشرەپنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى جاكارلايدۇ.
سورۇن تارقىلىدۇ.

(6) تۆگلۈك بېرىش: توي باشلانغان كۈننىڭ ئەتى-
سى ئەتىگەندە، قىز تەرەپ ئوغۇل تەرەپ قۇدىلىرىنى،
شەنئوغۇل ۋە قولداشلىرىنى ئۆيگە چاقىرىدۇ. شەنئوغۇل
تۆرنىڭ بېشىغا ئايرىم سېلىنغان كۆرپىگە ئولتۇرغۇزۇلىدۇ.
ئوغۇل قولداشلىرىدىن ئىككى ـ ئۈچ كىشى ئۆگزىگە
چىقىپ تۆگلۈك ئەتراپىدا ئولتۇرىدۇ. قىز تەرەپتىن بىرسى
(ئايال كىشى) شەنئوغۇل ئۈچۈن تەييارلانغان چاپان،
كۆڭلەك، دوپپا (تەلپەك)، چورۇق، بەلباغ، قول ياغلىق،
چاي خالتىسى، قاتلىما نان، تۇخۇم، گۆلە، ياڭاق، مېغىز
قاتارلىقلارنى يەتتە ياكى توققۇز لېگەنگە سېلىپ، بېيىت
ئوقۇپ تۆگلۈكتىن ئۆزىتىدۇ. تۆگلۈك بېشىدىكى ئوغۇل-
لارمۇ بېيىت ئارقىلىق تاپشۇرۇۋالىدۇ (هازىر ئۆينىڭ ئىچ-
دىلا ئۆتكۈزىدىغان بولدى).

قىز تەرەپ ئوقۇيدىغان بېيىت:

ئۈنچىنى مارجانغا تىزدىم،
چولڭ سەدەپ بولغايمۇ دەپ.
چىن كۆڭلۈمنى سىزگە بەردىم،
مېھرىبان بولغايمۇ دەپ.
مېھرىباندەك ئۆزلىرى،
شېرىن ناۋاتتەك سۆزلىرى.
هەر گۇناھ بولسا ئۆتەرمىز،
پادىشاھتەك ئۆزلىرى.

ئوغۇل تەرەپ ئوقۇيدىغان بېيىت:

ئېگىزگە چىقىپ سىيرىلدۇق پەسكە،
قىزىلگۈلنىڭ غۇنچىسىدەك ئېگىلدۇق سىزگە.
قىزىلگۈلنىڭ غۇنچەسى ساينىڭ بولاقى،
ئەجەبمۇ كۆيدۈرەركەن يارنىڭ پىراقى
يول نىراقى (يىراقى) بولسا بولسۇن،
كۆڭۈل يىراقى بولمىسۇن.
باشتا قىلغان ۋەدىمىز،
ئاياغدا يالغان بولمىسۇن.
ۋەدىسىدە تۇرمىغان
ئەسلي مۇسۇلمان بولمىسۇن.

بېيىت ئوقۇش تۈگىگەندىن كېيىن، تۆگلۈك بېشىدد-
كى ئوغۇللار قايتىپ چۈشىدۇ. داستىخان سېلىنىپ شەنئو-
غۇل ئۈچۈن تەييارلانغان نەرسە ـ كېرەكلەر قويۇلىدۇ.
ئوغۇل تەرەپتىن بىرسى (ئەر كىشى) ئوتتۇرىغا چىقىپ،
ئوغۇلغا تويلۇق كىيىملەرنى كىيگۈزىدۇ. ئاندىن داستىخان-
دىكى نازۇ ـ نېمەتلەرنىڭ بىر قىسمىنى ئاياللارغا تەڭشەي-
دۇ. پارە ناندىن ئىككىنى، تۇخۇم، مېغىز، ياڭاق قاتارلىق-
لاردىن ئازراقتىن قوشۇپ ئوغۇلنىڭ ئوزۇقلۇقى ئۈچۈن
سومكى (خورجۇن)غا سېلىپ بېرىدۇ، تۆگلۈك بېرىش مۇ-
راسىمى ئاخىرلىشىدۇ.

تۆگلۈك بېرىش ئادىتىدىن كېيىن، قىز تەرەپتىن بىر
ئەر، بىر ئايال ئۆيمۇئۆي بېرىپ، پۈتۈن يۇرتنى تويغا
چاقىرىدۇ. ئاياللار توي مۇبارەكلەش سوۋغاتلىرىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



كۆتۈرۈپ كېلىشىدۇ (ئايالى كېلەلمەيدىغان ئەرلەرمۇ سوۋغات ئېلىپ كېلىدۇ). كەلگەن مېھمانلار ئۇدۇلمۇئۇدۇل چايغا باشلىنىدۇ. چاي ئىچىپ بولغاندىن كېيىن، توي سوۋغىتىنى داستىخاندا قويۇپ «مۇبارەك»لەيدۇ، ئەمما قايتىپ كەتمەيدۇ. پۈتۈن جامائەت يىغىلىپ بولغاندىن كېيىن، جەمەت بىرلىكى بويىچە نوپۇسى جىق جەمەتلەر ئايرىم، نوپۇسى ئازلىرىدىن ئىككى ـ ئۈچ جەمەت بىرلەشتۈرۈلۈپ ئولتۇرغۇزۇلىدۇ (ھازىر بۇ ئىش ئەمەلدىن قالدى).

جامائەت ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، كەلمىگەنلەر سۈرۈشتە قىلىنىپ قايتىدىن چاقىرغىلى ئادەم ئەۋەتىلىدۇ. پۈتۈن يۇرت خەلقى يىغىلىپ بولغاندا ئاندىن داستىخان سېلىنىدۇ. ھەر بىر سورۇندا ئولتۇرغان ئادەمنىڭ سانى ئېلىنىپ، شۇ سان بويىچە تۆتتىن ئادەمگە بىر لېگەندىن ئاش ـ گۆش تەييارلىنىدۇ. ئاشقا پولۇ ياكى بۇلماق ئېتىلىدۇ. گۆش مۇچە بويىچە مەخسۇس «بوچى» (گۆش تەڭشىگۈچى) تەرىپىدىن تەڭشىلىپ، ئاشنىڭ ئۈستىگە بېسىلىدۇ. مۇچىنىڭ رەت تەرتىپى ئارىلىشىپ كەتسە ياكى مۇچە پارچىلىنىپ كەتسە مېھمانلارنىڭ نارازىلىقىنى قوزغاپ قويىدۇ. كالا ياكى قوتاز سويۇلغان بولسا بىر مۇچە ئىككى پارە قىلىنىدۇ. قوي، ئۆچكە سويۇلغان بولسا پۈتۈن تارتىلىدۇ. دۇئادىن كېيىن نەغمە باشلىنىپ جامائەت مەشرەپ ئوينايدۇ. شەنئوغۇلنى ئۈچ قېتىم تەكلىپ قىلغاندىن كېيىن ئاندىن قىزنىڭ ئۆيىگە كېلىدۇ. شەنئوغۇلغا قوينىڭ «قېرى يىلىك» دېگەن مۇچىسى تارتىلىدۇ. قېرى يىلىك تارتىش (گۆشى ئاز بولىدۇ) ئادىتى قىز ـ ئوغۇلنىڭ مەڭگۈ بىللە ياشىشىنى ئۈمىد قىلىش مەنىسىدە دەپ قارىلىدۇ.

(7) نىكاھ ئوقۇش: شەنئوغۇل قولداشلىرى بىلەن قىز تەرەپنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كەلگەندە، قىز تەرەپتىن بىر نەپەر ئايال ۋەكىل بىر پىيالە سېرىق ماي، بىر لېگەن بوغۇرساق ۋە بىر كىيىملىك تاۋار ياكى ئەتلەس كۆتۈرۈپ چىقىپ، تاۋار ياكى ئەتلەسنى شەنئوغۇلنىڭ بوينىغا ئارتىپ، ئۈچ قېتىم پەسكە تارتىدۇ، شەنئوغۇل بوينىنى ئەگمەسلىككە تىرىشىدۇ، ئاندىن رەختنى شەنئوغۇلنىڭ بېلىگە باغلاپ، ئۇلۇغ مۇرىسىگە ئۈن سېپىپ قويىدۇ. بوغۇرساقنى سېرىق مايغا مىلەپ شەنئوغۇل ۋە قولداشلىرىغا يېگۈزىدۇ، سېرىق ماي تۆگىشى ھامان ئوغۇل تەرەپ پىيالىنى تارتىدۇ، قىز تەرەپ بەرمەسلىككە تىرىشىدۇ، تالاشقاندا ھەر ئىككى تەرەپ تۆت پەنجىسىنى پىيالىنىڭ ئىچىگە سېلىپ تارتىشى شەرت، كۈچ سىنىشىش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، شەنئوغۇل ئۆيگە باشلاپ كىرىلىدۇ.

شەنىقىز قولداشلىرى بىلەن مېھمانخانا ئۆيدە، موللام، قۇدا ـ باجىلار ئايۋاندا ئولتۇرىدۇ، شەنئوغۇل قولداشلىرى بىلەن ئايۋاننىڭ پەگاھىدا قول باغلاپ ئۆرە تۇرىدۇ. ئۆز ئۇرۇق- تۇغقانلىرى ئىچىدىكى يېشى چوڭراق، يۈز ـ ئابرۇيلۇق ئەر ـ ئاياللاردىن ئوغۇل تەرەپ ئايرىم، قىز تەرەپ ئايرىم ئۆكلە ئاتا، ئۆكلە ئانا كۆرسىتىدۇ. بۇ كىشىلەر تويدىن كېيىن قىز بىلەن ئوغۇلنىڭ جېدەل ـ ماجىرا ئىشلىرى بولۇپ قالسا كېلىشتۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ، ئۆكلە ئاتا بولغۇچىلار نىكاھ جەريانىدا گۇۋاھچى بولىدۇ.

موللام ئالدىغا قويۇلغان تۇزغا بىر تال بوغۇرساقنى چىلاپ قويۇپ نىكاھ ئايىتىنى ئوقۇيدۇ، ئايەتنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ئوغۇلنىڭ ئۆكلە ئاتىسى قىزنىڭ ئۆكلە ئاتىسىغا قىزنىڭ ھەقىقىي مېھرىنى بېرىدۇ. ئاندىن موللام يەنە سۆز باشلاپ شەنىقىزدىن «XX خان ئۇشبۇ تەيىن بولغان ھەقلەرگە رازى ۋە راغىپ بولۇپ، ئىككى جاھان ھالال جۈپتىلىقى ئۈچۈن، نىيەتى پەرزەنتى سالە ئۈچۈن، ئۆمرەلەرنىڭ شەرتلىرىنى قوبۇل قىلىپ، XX ئاخۇن (شەنئوغۇلنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ)غا ئۆزىڭىزنى خاتۇنلۇققا قوبۇل قىلىپ تەگدىڭىزمۇ ؟» دەپ سورايدۇ. ئوغۇل بىلەن قىزنىڭ ئۆكلە ئاتىلىرى يەنە بىر كىشىنى گۇۋاھچى قىلىپ ئۈچ ئادەم شەنىقىزنىڭ يېنىغا كىرىپ «XX خان، ئۆزىڭىزنى XX ئاخۇنغا قوبۇل قىلىپ تەگدىڭىزمۇ ؟» دەپ ئۈچ قېتىم سورايدۇ. قىز «تەگدىم» دەپ جاۋاب بەرگەندىن كېيىن، ئۇلار قايتىپ چىقىپ موللامغا قاراپ «گۇۋاھدۇرمەن، گۇۋاھدۇرمەن، گۇۋاھلىققا ياراردۇرمەن» دەپ «كەلىمە شاھادەت»نى ئوقۇپ XX خان ئۆزىنى XX ئاخۇنغا قوبۇل قىلىپ تەگدى» دەپ گۇۋاھلىقتىن ئۆتىدۇ.

موللام شەنئوغۇلدىن «XX ئاخۇن سىز ھازىر تۇرۇپ، ئۇشبۇ تەيىن بولغان ھەقلەرگە رازى ۋە راغىپ بولۇپ ئىككى جاھان ھالال جۈپتىلىقى ئۈچۈن، نىيەتى پەرزەنتى ئۈچۈن، چاھار ئۆمرەلەرنىڭ شەرتىنى قوبۇل قىلىپ XX خانى ئۆز ئەمرىڭىزگە خاتۇنلۇققا قوبۇل قىلىپ ئالدىڭىزمۇ؟» دەپ سورايدۇ. شەنئوغۇل

«ئالدىم» دەپ جاۋاب بېرىدۇ، موللام يەنە شەنسۇغۇلغا مۇنداق شەرتلەرنى ئادا قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

موللام: «چاھار ئۆمرەلەرنىڭ ئاۋۋالقى شەرتى ئۇل بولۇركى، ئۈچ گۇناھ سادىر بولمىغۇنچە، ئىككى مۇسۇلمان گۇۋاھلىق قىلمىغۇنچە ئۇنى بىر زەررە تاياق ئۇرالمايسىز» دەيدۇ، شەنسۇغۇل «خوش» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. موللام: «ئىككىنچى شەرت ئۇل بولۇركى، بىرسى ئۈچ كۈنلۈك ئۇزاقى ئالتە ئايلىق مۇددىتى سەپەردە بەكۇپايە تاشلاپ كېتەلمەگەيسىز» دەيدۇ، شەنسۇغۇل «خوش» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. موللام: «ئۈچىنچى شەرت ئۇل بولۇركى، بىر شەھەردىن يەنە بىر شەھەرگە ئۆزى رازى بولمىغۇنچە زورلاپ ئېلىپ بارامىغايسىز» دەيدۇ، شەنسۇغۇل «خوش» دەيدۇ. موللام «تۆتىنچى شەرت ئۇل بولۇركى، ئۆزى رازى بولمىغۇنچە، ئۈستىگە خايى بەندە، خايى سۈرىتى قاراقاش ئالالمىغايسىز» دەيدۇ. شەنسۇغۇل «خوش» دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

ئاخىرىدا موللام نىكاھ قۇتبىسىنى ئوقۇپ، تۇزغا چىلانغان بوغۇرساقتا سۇفلەپ ئۇنى ئىككىگە بۆلۈپ، ئوڭ قولىدىكىنى شەنسۇغۇلغا، سول قولىدىكىنى شەنقىزغا سۇنىدۇ. بوغۇرساقنى يەپ بولغاندىن كېيىن شەنقىز شەنسۇغۇلنىڭ يېنىغا ئولتۇرغۇزۇلىدۇ. شەنقىزنىڭ پەلتۇ چاپىنىنىڭ بىر پېشى پالتۇ بىلەن، يەنە بىر پېشى تۇز بىلەن باستۇرۇپ قويۇلىدۇ. سېرىق ماي سېلىنغان چايغا نان توغراپ، شەنسۇغۇل بىلەن شەنقىزغا بىللە (بىر قوشۇقتا) ئىچكۈزىدۇ. چاي ئىچىلىپ بولغاندىن كېيىن، نىكاھقا قاتناشقۇچىلار «تويۇڭلارغا مۇبارەك بولسۇن، بەختلىك ياشىغايسىزلەر...» دېگەن سۆزلەر بىلەن تەبرىكلەيدۇ. شەنسۇغۇل بىلەن شەنقىز قېينئاتا - قېينئانا، ئۆكلە ئاتا - ئۆكلە ئانىلىرىنىڭ قولىغا تاۋاپ قىلىدۇ، تاۋاپ قىلىشتا ئوڭ قولىنىڭ دۈمبە قىسمىنى ئاندىن ئوڭ كۆزىگە، ئاندىن سول كۆزىگە، پېشانىسىگە تەگكۈزۈپ، سۆيۈپ قويىدۇ (بۇ ئادەت ھازىر ئەمەلدىن قالدى). ئاندىن ئۆز ئاتا - ئانىسىنىڭ قولىغا تاۋاپ قىلىدۇ. دادا ئوغۇلنىڭ پېشانىسىگە بىۋاستە سۆيۈپ قويىدۇ. قىزنىڭ پېشانىسىگە ئوڭ قولىنى قويۇپ، ئۆز قولىنىڭ دۈمبىسىگە سۆيۈپ قويىدۇ. ئانا ئوغۇلنىڭ پېشانىسىگە قىزنىڭ مەڭزىگە بىۋاستە سۆيۈپ قويىدۇ، ئاندىن نىكاھقا قاتناشقان ھەممە كىشى موللامنىڭ باشچىلىقىدا توي بولغۇچىلارغا دۇئا بېرىپ، نىكاھنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ.

(8) توي كۆچۈرۈش: نىكاھتىن كېيىن، شەنسۇغۇل بىلەن شەنقىز بىر ئاتقا مىندۈرۈلۈپ، ئوغۇلنىڭ ئەر تۇغقانلىرىدىن بىرسى يېتىلەپ ماڭىدۇ (ھازىر ماشىنىدا يۆتكەيدىغان بولدى). ئەلنەغمىچىلەر «كوسراپ سەنىمى»نى ئوقۇپ ئارقىدىن ماڭىدۇ. ئۆيگە يېتىپ كەلگەندە، ئىشىك ئالدىغا بۇغداي، قوناق چېچىپ قويۇلىدۇ. شەنقىز ئوتتىن ئاتلىتىلىدۇ. ئاندىن گىلەم ياكى پالاسقا ئولتۇرغۇزۇلۇپ، ئۆيگە ئەكىرىلىدۇ. شەنقىز ئولتۇرغان كۆرپىنىڭ ئاستىغا پالتا، لاخشىگىر قاتارلىق نەرسىلەر قويۇپ قويۇلىدۇ. شەنسۇغۇل بىلەن شەنقىز ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، توي كۆچۈرۈشكە كەلگەن جامائەت «مۇبارەك بولسۇن» دەپ توينى تەبرىكلەپ قايتىشىدۇ. شەنقىز بىلەن بىللە كەلگەن يەڭگىلەردىن بىرسى قىزنىڭ ئاستىدىكى پالتا، لاخشىگىرنى ئېلىۋېتىدۇ. شەنسۇغۇلنىڭ ئاچا ياكى سىڭىللىرىدىن بىرسى شەنقىزنىڭ ئالدىغا بىر كىيىملىك كۆڭلەكلىك رەخت قويۇپ، يۈزىدىكى رومالنى ئېچىپ يەنە يېپىپ قويىدۇ. بۇ «يۈز ئېچىش» دەپ ئاتىلىدۇ. رومال ئۈچ كۈندىن كېيىن ئېلىۋېتىلىدۇ. مەخسۇس يۈز ئېچىش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلمەيدۇ. توي كۆچۈرۈپ كېلىنگەن كۈنى كەچتە ئوغۇل تەرەپتىن مەشرەپ ئۆتكۈزۈپ بېرىلىدۇ. مەشرەپنىڭ بارلىق ئىشلىرىغا ئوغۇل تەرەپ مەسئۇل بولىدۇ، قىز تەرەپنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى مېھمان قاتارىدا قاتنىشىدۇ، مەشرەپنىڭ قائىدە - رەسمىيەتلىرى ئالدىنقى كۈندىكى قىز تەرەپ ئۆتكۈزگەن مەشرەپ بىلەن ئوخشاش بولىدۇ.

(9) سالامغا ئەلتىش: توي كۆچۈرۈپ كېلىنگەن كۈننىڭ ئەتىسى ئەتىگەندىن باشلاپ ئۈچ كۈنگىچە، شەنقىزنىڭ ئاچا ياكى سىڭىللىرى بىر لېگەن پولۇ ياكى بۇلماق، بىر - ئىككى مۇچە گۆش ئېلىپ كېلىپ، شەنسۇغۇل بىلەن شەنقىزغا يېگۈزىدۇ، بۇ ناشتىلىق دەپ ئاتىلىدۇ. ناشتىلىقتىن كېيىن شەنسۇغۇل بىلەن شەنقىز ئۈچ كۈنگىچە قىزنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈپ كېلىدۇ. ئۇلار قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئوغۇلنىڭ ئاتا - ئانىسى يېقىن ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى يىغىپ ئوغۇل بىلەن كېلىننى باشلاپ، قۇدىلارنىڭ ئۆيىگە بارىدۇ. داستىخان ئاخىرىدا قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى ۋە ئۇلار بىلەن بىر ئۆيدە تۇرىۋاتقان ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ ئالدىغا رەخت قويىدۇ، بۇ سالامغا ئەلتىش (سالامغا

www.uyghurkitap.com



ئاپىرىش) دەپ ئاتىلىدۇ. كېيىنكى كۈنى (توينىڭ 4 ـ كۈنى) قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى قۇدىلارنى ئۆيىگە چاقىرىپ، قوي سويۇپ مېھمان قىلىدۇ. قۇدىلارنىڭ ئالدىغا رەخت قويۇپ سالامنى ياندۇرىدۇ. كېيىنكى كۈندىن باشلاپ كېلىننىڭ ئايرىم ئۆي تۇتقان تۇغقانلىرى، ئۆكلە ئاتا ـ ئۆكلە ئانىسىنىڭ ئۆيلىرىگىمۇ سالامغا ئاپىرىلىدۇ، كېلىننىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ئۆز ئائىلىسىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ خالىغان بىر كۈنى ئوغۇلنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى ئۆيىگە چاقىرىپ سالامنى قايتۇرىدۇ.

### 7. ئۆلۈم ـ يېتىم ئادىتى

(1) هازا تۇتۇش: بىمارنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ، سەكراتقا چۈشكەن هامان، ياسىن ئوقۇلۇپ، ئاغزىغا ياسىن سۈيى تېمىتىلىدۇ. جان ئۈزگەندىن كېيىن، ئېڭەكنى ئاق ماتا بىلەن بېشىغا چىگىلىدۇ. پۇت ـ قولى رۇس قىلىپ تۈزلەنگەندىن كېيىن ئىككى پۇتىنىڭ باش بارماقلىرى چېتىپ قويۇلىدۇ. ئايۋان ياكى سارايىنىڭ قىبلە تەرەپ سۇپىسىغا قۇم تۆكۈپ، قۇم ئۈستىگە ياتقۇزۇلۇپ ئۈستىگە ئاق ماتا يېپىلىدۇ. رەخت ياكى پالاس، كىگىز قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن ئەتراپىنى توسۇپ كۆچۈرگە قىلىنىدۇ (هازىر مېھمانخانا ئۆيدە ياتقۇزۇلىدۇ). ئەگەر ئۆلگۈچى كېچىدە جان ئۈزگەن بولسا، مېيىتنى يۇقىرىقى تەرتىپلەر بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ئىشىك ئالدىغا چىقىپ يىغا ـ زارە قىلىشىدۇ. يىغا ئاۋازى ئاڭلىنىشى هامان قولۇم ـ قوشنىلار پەتە قىلىپ كىرىپ هازىدارلارغا تەسەللى بېرىدۇ، يىراق ـ يېقىنغا خەۋەر قىلىش ئۈچۈن ئادەم ئورۇنلاشتۇرىدۇ. ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلىغانلىكى كىشى ئۆلۈمگە كېلىدۇ.

ئەرلەر مېيىتنىڭ باش تەرىپىدە ياش تەرتىپى بويىچە ئولتۇرۇپ يىغلايدۇ. بۇرۇن ئاتا ـ ئانىسى ياكى بالىسى ئۆلۈپ كەتكەن ئەرلەر چاپان، تەلپىكىنى تەتۈر كىيىپ هازا قىلاتتى، هازىر بۇ ئادەت يوق. ئاياللار ئاياغ تەرىپىدە ئولتۇرۇپ يىغلايدۇ. هازا ئاچقاندا ئۆزىدىن چوڭلارنى ۋاي دادام، ۋاي ئانام، ئايالى ئالەمدىن ئۆتكەن بولسا ۋاي ئاغىچام دەپ، ئېرى ئالەمدىن ئۆتكەن بولسا ۋاي تۆرەم دەپ يىغلايدۇ.

يىغىنىڭ ئۆزىگە خاس ئاھاڭ ـ ئۇدارى بولىدۇ. شۇ ئاھاڭ ـ ئۇدارى بىلەن يىغلىيالمىغان هازىدار باشقىلار تەرىپىدىن كۈلكىگە قالىدۇ (هازىر يىغلىغان يامان دەپ قارىلىپ بۇ ئادەت ئەمەلدىن قالدى).

يېقىن تۇغقانلار بىر ـ بىرىنىڭ بوينىنى قۇچاقلاپ يىغلايدۇ. ئۆلۈمگە كەلگەن ئەرلەر ئەر هازىدارلار بىلەن كۆرۈشۈپ «خەيرى ئۆلھۆكمىللا» دەيدۇ، ئاندىن ئاياللارنىڭ ئالدىغا بېرىپ، «خەيرى تەقدىر» دەپ كۆڭۈل قويىدۇ. ئاياللار پەگاھدا تۇرۇپ، «خەيرى بەندىچىلىك» ياكى «خەيرى پۇشماس» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر بىلەن كۆڭۈل قويىدۇ. بۇ «كۆڭۈل ئەيتىش» (كۆڭۈل ئېيتىش) دەپ ئاتىلىدۇ.

ئاتا ـ ئانىسى، ئېرى ياكى پەرزەنتى ئۆلۈپ كەتكەن ئاياللار بېشىغا قارا ياغلىق سېلىپ چېچىنى چۇگۇتۇپ ئالدىغا تاشلايدۇ. ئىككى مېتىر ئەتراپىدىكى ئاق خەسە رەختنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدىن باش پاتقۇدەك چوڭلۇقتا تۆشۈك ئېچىپ، ياغلىقنىڭ ئۈستىدىن كىيۋالىدۇ. بۇ «ئاق كېپىنەك» دەپ ئاتىلىدۇ (هازىر بۇ قائىدە يوق).

(2) يەرلىك ئېلىش: هەر بىر جەمەتنىڭ زاراتگاھلىقى ئايرىم بولىدۇ. زاراتگاھلىق (گۆر) كوسراپ شېۋىسىدە «يەرلىك» دەپ ئاتىلىدۇ. يەرلىك تاش يەرلىك، ئىچ يەرلىك ياكى تاش ئۆي، ئىچ ئۆي دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. تاش ئۆي ئىككى مېتىر پىلانلىنىپ تۆت چاسا كولىنىدۇ. 2.5 مېتىر چوڭقۇرلۇقتا كولانغاندىن كېيىن، تۆت تەرىپىگە بىر ئادەم پاتقۇدەك چوڭلۇقتا ئېغىز قويۇلۇپ، ئېگىزلىكى 80 سانتىمېتىر، كەڭلىكى بىر مېتىر ئەتراپىدا گەمە شەكىللىك ئىچ ئۆي كولىنىدۇ. مېيىت ئىچ ئۆيگە يۈزى قىبلىگە قارىتىلىپ، سەل ئوڭ تەرەپكە قىيپاش هالەتتە ئوڭدىسىغا ياتقۇزۇلىدۇ. مۇشۇ تەلەپ بويىچە تاش ئۆينىڭ شىمال، جەنۇب تەرەپلىرىگە كولىنىدىغان ئىچ ئۆيلەر «تۇلۇمچە»، شەرق، غەرب تەرەپتىكىلىرى «بۆگرەكچە» دەپ ئاتىلىدۇ.

(3) پاك قىلىش: مېيىتنى يۇيۇشنى كوسراپلىقلار «پاك قىلىش» دەپ ئاتايدۇ. پاك قىلىشتىن ئاۋۋال بارلىق ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى، يېقىن كىشىلىرى مېيىت بىلەن ۋىدالىشىپ رازىلىق بىلدۈرىدۇ. پاك قىلىپ بولغاندىن كېيىن، يۈزىنى ئېچىشقا بولمايدۇ. پاك قىلىشقا ئادەتتە ئۈچتىن ئادەم كىرىدۇ. بۇ ئادەملەر مېيىت ئىگىلىرى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ (بەزى كىشىلەر هايات ۋاقتىدا پاك قىلىشقا كىرىدىغان ئادەملەرنى ئالدىن بەلگىلەپ ۋەسىيەت قالدۇرىدۇ). پاك قىلىش باشلانغاندا، بىر ئادەم ئۆگزىگە

چىقىپ تۆگۈلۈك بېشىدا ئولتۇرۇپ، پاك قىلىش تۈگىگىچە «قۇرئان» ئوقۇيدۇ. پاك قىلغۇچىلارغا مەرھۇمنىڭ ھايات ۋاقتىدا كىيگەن يېڭىراق كىيىملىرىدىن بىرەر قۇردىن بېرىدۇ (ھازىر نەق پۇل قويىدىغان بولدى).

پاك قىلىشقا پاكىز، سۈزۈك، ئىللىق سۇ ئىشلىتىلىدۇ. بۇ «مەرھەم سۈيى» دەپ ئاتىلىدۇ. مەرھەم سۈيىنى پاكىز يەرگە تۆكۈش شەرت قىلىنىدۇ. پاك قىلىپ بولغاندىن كېيىن كېپەنگە ئېلىنىدۇ. كېپەنلىك ئاق ماتا ياكى ئاق خەسە (ھازىر تەييار كېپەنلىك ئىشلىتىلىدۇ)دىن تىكىلىدۇ. كېپەنلىك تىكىشتە قايچا، يىڭنە ئىشلىتىش چەكلىنىدۇ. يۇلغۇن ياغىچىدىن بىگىز ياسىلىپ، كېپەنلىك ماتانىڭ چېتىدىن ئۇزۇن تاسما يىپ يىرتىلىپ، ئەرلەرنىڭ ئۈچ قات، ئاياللارنىڭ بەش قات تىكىلىدۇ.

(4) يۈز ئاچقۇ: مېيىتنى كېپەنلەپ بولغاندىن كېيىن، ئۈستىگە تون ياكى بىرەر كىيىملىك رەخت يېپىپ قويىدۇ. مەرھۇمنىڭ قۇدا- باجىسى ياكى يېقىن ئۇرۇق- تۇغقانلىرىدىن بىرى تەيىنلىنىپ (ئەرگە ئەر كىشى، ئايالغا ئايال كىشى)، يېپىپ قويۇلغان رەخت ياكى توننى جەينەك بويى ئۇزۇنلۇقتىكى چوكا ياغاچ بىلەن ئېلىپ ئىككى قېتىم ئېچىپ يېپىپ، ئۈچىنچى قېتىمدا ئېلىۋېتىدۇ. بۇ «يۈز ئاچقۇ» دەپ ئاتىلىدۇ، يۈز ئاچقۇنى شۇ كىشى ئېلىپ كېتىدۇ.

(5) پەش ناماز: يۈز ئاچقۇ تۈگىگەندىن كېيىن، يۇرت ئىمامى باشلىق يەتتە- سەككىز كىشى مېيىت ياتقۇزۇلغان كۆچۈرگە ياكى ئۆيدە مېيىت نامىزىغا ئوخشاش ناماز ئوقۇپ ئاخىرىدا جەررە سۆھبەت (ھۆكمەت ئوقۇش) بىلەن ئاخىرلاشتۇرىدۇ، بۇ پەش ناماز دەپ ئاتىلىدۇ.

(6) مېيىتنى ئۆيدىن ئەچىقىش: مېيىت پەش نامازدىن كېيىن ئىشلەتمىگەن يېڭى ئاق كىگىزگە ئورىلىپ جىنازىغا (تاۋۇتقا) سېلىنىدۇ. مېيىتنىڭ باش قىسمى بوسۇغىدىن چىقىرىلىپ بولغاندا، تاۋۇتنى تالاغا ئۈچ قېتىم، ئۆي ئىچىگە ئۈچ قېتىم تارتىپ قويىدۇ. مېيىت چىقىرىلىپ بولۇش ھامان بوسۇغىغا مىخ قېقىلىدۇ (ھازىر بۇ ئادەت يوق). مىخ قېقىش ئادىتى مېيىتنىڭ ئۆيدىن يەنە باشقىلارنى سۆرەپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن شەرت قىلىنىدۇ دەپ چۈشەندۈرۈلىدۇ. تاۋۇتنى مەرھۇمنىڭ ئوغۇللىرى كۆتۈرۈپ ماڭىدۇ (ئارىلىق يىراق بولسا باشقا ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ياكى ياشلار نۆۋەتلىشىپ كۆتۈرىدۇ). باشقا جامائەت مېيىتنىڭ ئارقىسىدىن جەررە- سۆھبەت قىلىپ ماڭىدۇ (ھازىر بۇ ئادەت يوق).

(7) ئىسقات بېرىش: تاۋۇت مەسچىت ئالدىغا ياكى ئۆي ئەتراپىدىكى ناماز چۈشۈرىدىغان جايغا ئېلىپ بېرىلغاندىن كېيىن، مەرھۇمنىڭ ئەسلىي يېشىدىن 12 ياشنى چىقىرىۋېتىپ، قالغان ھەر ئون يېشى ئۈچۈن بىردىن ئادەم (كەمبەغەل كىشىلەردىن) تەيىنلەپ بۇقۇسا چىشى، كەتمەن، گۈرجەك (يەرلىك شۋىدە بەل)، ئورغاق ۋە بىر چېلەكتىن قوناق ياكى بۇغداي بېرىلىدۇ (ھازىر نەق پۇل بېرىلىدىغان بولدى)، بۇ ئىسقات دەپ ئاتىلىدۇ. ئىسقات ئالغۇچى مەرھۇمنىڭ ھەققىگە ئاتاپ تۆت كۈنگىچە كۈنلۈكى ئىككى رەكئەتتىن ناماز ئوقۇيدۇ، «كەلىمە تەييىبە»نى 400 قېتىم ئۆتكۈزۈپ دۇئا قىلىدۇ.

(8) قەۋزى قىلىش: ئىسقات بېرىش تۈگىگەندىن كېيىن، مەرھۇمنىڭ ئوغلى ياكى ئاكا- ئىنىلىرىدىن بىرى جامائەتنىڭ ئالدىغا چىقىپ، مەرھۇمنىڭ ھايات ۋاقتىدا، بىرەر كىمنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتىپ قويغان تەرەپلىرى بولسا ئەپۇ قىلىشنى ئۆتۈنىدۇ. قەرز بېرىش ئىشلىرى بولسا ئۆزلىرىنىڭ چوقۇم ياندۇرىدىغانلىقىنى، قەرز ئىگىلىرىنىڭ تارتىنماي قەرزنى ئېيتىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئاندىن تاۋۇتنى تۆت ئادەم كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. قەۋزى قىلىشقا بەلگىلەنگەن ئادەم (موللام) ئۈنلۈك ئاۋازدا «سۈرە تابارەك»نى قىرائەت قىلىدۇ. قەۋزى قىلىش تۈگىگەندىن كېيىن، ئىمام مېيىت نامىزىنى باشلايدۇ، نامازدىن كېيىن مېيىت يەرلىككە ئاپىرىلىدۇ، نامازغا قاتناشقان ھەممە جامائەت بارىدۇ.

(9) يەرلىكتە قويۇش: مېيىتنى ئىچ يەرلىككە ئەكىرىپ بېشىنى شىمالغا، ئايىغىنى جەنۇبقا كەلتۈرۈپ، يۈزىنى قىبلىگە قارىتىپ ياتقۇزىدۇ. يۈزىنىڭ قىبلىدىن باشقا تەرەپكە قاراپ قالماسلىقى ئۈچۈن، سول تەرەپ مۈرىسىنىڭ ئاستىغا، پۇتىنىڭ يىغىلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ئىككى تىزىنىڭ ئارىسىغا بىر تالدىن خام خىش قويۇلىدۇ، ئاندىن جاۋابنامە يېزىلغان قەغەزنى مېيىتنىڭ مەيدىسىگە قويىدۇ.

ئەگەر تەييار جاۋابنامە بولمىسا موللام يۇقىرىقى ئايەتنى ئوقۇپ، مېيىتكە سۈف دەپ دېمىدە قىلىدۇ.

جاۋابنامىنى قويۇپ بولغاندىن كېيىن، موللام يەنە ئەينەككە «ئايەتۇلكۇرسى»نى بىر قېتىم، «قۇلھۇۋەللاھۇ ئەھەد»نى ئىككى قېتىمدىن ئوقۇپ، ھەر قېتىمدا بىر نۆۋەتتىن مېيىتنىڭ يۈزىگە تۇتىدۇ. بۇ «ئەينەك كۆرسىتىش»

دەپ ئاتىلىدۇ. ئەينەك كۆرسىتىش «ھايات ۋاقتىدا ئەرلەر ھەپتىدە بىر قېتىم، ئاياللار كۈندە بىر قېتىم ئەينەك كۆرمىسە، قىيامەتتە پەرىشتىلەر ئۇ كىشىدىن تانىدۇ» دەپ چۈشەندۈرۈلىدۇ. ئاخىرىدا ئىخلاس چالمىسى قويۇلۇپ ئىچ يەرلىكنىڭ ئاغزى خام خىش بىلەن پۇختا ئېتىلىدۇ. تاش يەرلىكنى كۆمۈشتىن ئاۋۋال مەرھۇمنىڭ بىۋاستە تۇغقانلىرىدىن بىرى، ئىمامدىن «ئىمام ئاخۇنۇم، مەرھۇم XX قانداقراق ئادەم ئىدى؟» دەپ سوئال سورايدۇ. ئىمام ئاخۇن «مەرھۇم XX ئاخۇن (خان) ھايات ۋاقتىدا، بەش ۋاق نامازنى تەرك قىلمايدىغان، باشقىلار بىلەن ئىجىل ـ ئىناق ئۆتىدىغان... ئەھلى مۇسۇلمان ئىدى» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر ئارقىلىق گۇۋاھلىقتىن ئۆتىدۇ. ئۇ كىشى ئىمامدىن يەنە «ئىمام ئاخۇنۇم، تاھارەتنىڭ پەرزى قانچە؟» دەپ سورايدۇ. ئىمام «تاھارەتنىڭ پەرزى ئۈچ. بىرىنچىدىن، غۇسلىدىكى پەرز؛ ئىككىنچىدىن، تاھارەتتىكى پەرز؛ ئۈچىنچىدىن، تەيەممۇمدىكى پەرز» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. تاش يەرلىكنى كۆمۈشتە، ئاۋۋال مەرھۇمنىڭ ئەڭ يېقىن تۇغقانلىرى توپا تاشلايدۇ. (يەتتە كەتمەن) تاش يەرلىك يېرىم كۆمۈلىدۇ. كۆمۈش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئىمام خەتمە قۇرئان قىلىدۇ. دۇئادىن كېيىن پۈتۈن جامائەت مېيىت چىققان ئۆيگە ھازىدارلار بىللە بىللە بېرىپ، يەنە بىر قېتىم خەتمە قۇرئان قىلىپ ئاندىن تارقىلىدۇ.

(10) «قۇرئان» يېغىش: مېيىتنى دەپنە قىلىپ بولغاندىن كېيىن، مەرھۇمنىڭ ئوغلى ياكى بىر تۇغقانلىرىدىن بىرى قۇرئان ئوقۇيدىغان موللام بىلەن بىرلىكتە تاش يەرلىكتە ئولتۇرۇپ «قۇرئان» ئوقۇشنى باشلايدۇ. تۇپراق بېشىدا ئۈچ كۈنگىچە يېقىن تۇغقانلىرىدىن بىرىدىن ئادەم موللامغا ھەمراھ بولۇپ ياتىدۇ (مەرھۇمنىڭ ئۈچ ئوغلى بولسا تۇنجى ئاخشام چوڭ ئوغلى، ئەتىسى ئاخشام ئوتتۇرانچى ئوغلى، ئۆگنى ئاخشامدا كەنجى ئوغلى يېتىشى لازىم). مېيىتنى پاك قىلغان ئۆيدىمۇ «قۇرئان» بىر تامام قىلىنىدۇ، تۇپراق بېشىدا ۋە پاك قىلغان ئۆيدە ئۈچ كۈنگىچە چىراغ يورۇتۇپ قويۇلىدۇ.

«قۇرئان» ئوقۇش تامام بولغاندا، پۈتۈن ھازىدارلار تۇپراق بېشىغا چىقىدۇ. (ئاياللار نىشانەم يىراقلىقتا تۇرىدۇ). بىر لېگەن قۇيماق پىشۇرۇپ چىقىدۇ، بۇ «چىراغ نان» دەپ ئاتىلىدۇ. چىراغ نان تۇپراق بېشىدا يېيىلىدۇ.

«سۈرە تابارەك» قىرائەت قىلىنىپ دۇئا ئوقۇلىدۇ. ئاخىرىدا تاش يەرلىك تولۇق كۆمۈلۈپ، مەرھۇمنىڭ باش تەرىپىگە ئەلەم تىكلەپ قويىدۇ. بۇ «قۇرئان يېغىش» دەپ ئاتىلىدۇ.

(11) تەلىم: تەسبى يەلىل مېيىتنى يەرلىككە قويغان كۈننىڭ ئەتىسىدىن باشلاپ ئۈچ كۈن بامدات نامازدىن يېنىپ، پۈتۈن مەسچىت جامائىتى تۇپراق بېشىغا چىقىدۇ. تۇپراق ئەتراپىدا چەمبەرسىمان ھالەتتە ئولتۇرۇپ ئىمامنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئۈنلۈك ئاۋازدا 33 قېتىم تەسبىھ، پەس ئاۋازدا 11 قېتىم دۇرۇت ئوقۇيدۇ. ئىمام قۇرئان تىلاۋەت قىلىدۇ. دۇئادىن كېيىن ئىمام چىل پەرز (قىرىق پەرز) ئوقۇيدۇ.

تەلىمدىن يېنىپ جامائەت ئۆلۈم بولغان ئۆيگە كېلىپ، قۇرئان تالاۋەت قىلىپ قايتىشىدۇ.

(12) ئىسسىقلىق ئەكىلىش: مۇسىبەت بولغان ئائىلىدە ئۈچ كۈنگىچە تاماق ئېتىلمەيدۇ ھەم تاماقمۇ يېيىلمەيدۇ. قولۇم ـ قوشنىلار ئۆيلىرىدە تاماق ئېتىپ ئەكىلىپ ھازىدارلارنى ئايرىم ئۆيگە چاقىرىپ غىزالاندۇرىدۇ. بۇ ئىسسىقلىق ئاش دەپ ئاتىلىدۇ. ئىسسىقلىق ئاشنى ھەر بىر ئادەم ئۆز ئەھۋالىغا يارىشا ئەكەلسە بولىدۇ. قېتىم سانى چەكلەنمەيدۇ. بەزى ئائىلىلەر ئىككى ـ ئۈچ قېتىم ئەكىلىدىغان ئەھۋاللارمۇ بار. ئىسسىقلىق ئاشنى كىم ئەكەلگەن بولسا (داستىخان، قاچا، پىيالە، قوشۇق، چاي قاتارلىقلارنى بىللە ئېلىپ كېلىدۇ)، داستىخان سېلىش، تاماقنى تەقسىملەش، قاچا ـ قۇچىلارنى يۇيۇش قاتارلىق ئىشلارنىمۇ شۇ كىشى ئۆزى قىلىدۇ، ھازىدارلارنى ئاربىلاشتۇرمايدۇ.

(13) نەزىر بېرىش: كوسراپلىقلاردا ئۆلگۈچى ئۈچۈن چوڭ نەزىرى، يەتتە نەزىرى، قىرىق نەزىرى، بارات نەزىرىسى، يىل نەزىرىسى دەپ بەش قېتىم نەزىرچىراغ بېرىلىدۇ. چوڭ نەزىرى، قىرىق نەزىرى، يىل نەزىرلىرى چوڭراق ئۆتكۈزۈلىدۇ. چوڭ نەزىرىسى — بۇرۇن مېيىتنى دەپنە قىلىپ بولۇپ شۇ كۈنى ياكى ئەتىسى سەھەردە، ئۆي سىرتىدىكى مۇۋاپىق جايغا قازان ئېسىپ نەزىر بېرىلەتتى. ئۇ چاغلاردا قاتناش قولايسىزلىقى نەزەردە تۇتۇلغان بولۇشى مۇمكىن. ھازىر ھەممە مەھەللە ـ قىشلاقلار تاشيوللار بىلەن تۇتىشىپ قاتناش راۋانلىشىپ كەتكەچكە، ئۈچ كۈندىن كېيىن نەزىر بېرىش ئومۇملاشتى. نەزىر ئۆزۈتىش تويى نەزىرىسىدىكى تەرتىپ

بويىچە بولىدۇ. نەزىر ئاخىرىدا ئۆلگۈچى ئەر كىشى بولسا
ئەرلەر ئىچىدىكى مويسىپىتلارغا بىردىن تون ياكى
كۆڭلەك، ئايال بولسا ئاياللار ئىچىدىكى قېرىساللارغا
رەخت، سەرەڭگە، يىپ - يىڭنە، تارغاق - سۈزگۈچ قاتار-
لىقلار تارقىتىلىدۇ. بۇ «ئۆلۈملۈك تارقىتىش» دەپ ئاتىلى-
دۇ. يەتتە نەزىرى ــ مېيىت دەپنە قىلىنىپ ئۈچىنچى
كۈنى (ھازىر چوڭ نەزىرىسىدىن كېيىن 5 -، 6 - كۈنلى-
رى) مەھەللە ئىمام - مەزىنلىرى، ھەرقايسى جەمەتنىڭ ئاق-
ساقاللىرىنى چاقىرىپ بىرەر قوي سويۇپ نەزىر بېرىلىدۇ.
ئاساسەن ئەرلەر تەكلىپ قىلىنىدۇ. قىرىق نەزىر ــ بۇ-
رۇنقى چاغلاردا مېيىتنى دەپنە قىلغان كۈندىن باشلاپ
كېچە - كۈندۈز ھېسابلىنىدۇ. 20 كۈن توشقاندا قىرىق نە-
زىرىسى بېرىلەتتى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان 10 كۈن ئەت-
راپىدىلا بېرىلىدىغانغا ئۆزگەردى. قىرىق نەزىرىسىگە
پۈتۈن يۇرت - جامائەتنى ئەر - ئايال تەڭ چاقىرىلىدۇ.
نەزىر ئۈچۈن كالا، قوي، قوتاز، ئۆچكە قاتارلىقلار ئائىلە
ئىقتىسادىغا يارىشا سويۇلىدۇ. قىرىق نەزىرىسىگە كەلگەنـ-
لەردىن قۇدا - باجا، ئۇرۇق - تۇغقان، باردى - كەلدىسى
قويۇقراق ئائىلىلەر بىرەردىن قوي ياكى بولمىسا بىر -
ئىككى كىيىملىكتىن رەخت ئېلىپ كېلىدۇ. بۇ «چاي ئىچۈ-
رۇش» دەپ ئاتىلىدۇ. بارات نەزىرى ــ مەرھۇم دۇنيا-
دىن ئۆتۈپ تۇنجى كەلگەن بارات ئېيىنىڭ 14 - كۈنى
(تۈنەك ئاخشىمى)دىن بۇرۇن مەرھۇمنىڭ روھىغا ئاتاپ،
بىرەر قوي ياكى ئۆچكە سويۇپ، يۇرت ئاقساقاللىرىغا
نەزىر بېرىدۇ. بەزى ئائىلىلەردە ساۋابى كۆپ بولىدۇ دەپ
ئۈچ يىل ئۇدا بارات نەزىرىسى بېرىدىغان ئەھۋاللارمۇ بار.
يىل نەزىرىسى ــ يىل نەزىرىسى كوسراپ شۇۋىسىدە «مە-
رىكە بېرىش» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. يىل نەزىرىسى چوڭراق
ئۆتكۈزۈلىدۇ. پۈتۈن يۇرت ئىچىنى چاقىرغاندىن سىرت
قوشنا يۇرتلاردىنمۇ تونۇش - بىلىشلەر چاقىرىلىدۇ. نەزىر
بېرىشتىن ئىككى - ئۈچ كۈن بۇرۇن، نەزىر ئىگىلىرى
ئۇرۇق - تۇغقان جەمەتلىرىنى چاقىرىپ بىرەر قوي
سويۇپ، نەزىرنى قانداق ئۆتكۈزۈش توغرىسىدا مەسلىھەت
ئۆتكۈزىدۇ، مەسلىھەتكە قاتناشقان ئۇرۇق - تۇغقانلارغا
سىرتتىن كېلىدىغان مېھمانلار ئالدىن تەقسىم قىلىنىدۇ.

نەزىر بېرىدىغان كۈنى سەھەردە ئات بەيگىسى،
ئوغلاق تارتىش قاتارلىق پائالىيەتلەر ئۆتكۈزۈلىدۇ.
ئۆتۈپ چىققان ئات ئىگىلىرى مۇكاپاتلىنىدۇ. مۇكاپات
قىممىتى شۇ ئائىلىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا يارىشا بولىدۇ.
ئۆتۈپ چىققان ئاتنى مەدھىيەلەپ بېيىت - قوشاق ئوقۇيـ-
دىغان، بېيىت ئوقۇيدىغان ئات ئىگىسى يېنىدىكى پىچاق،
بەلباغ دېگەندەك بىرەر نەرسە سوۋغات قىلىدىغان ئادەت
بار. يىل نەزىرى بېرىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئاساسلىق ھا-
زىدارلار، يەنى بىۋاستە ئۇرۇق - تۇغقانلار ئۆزئارا بىر -
بىرىنىڭ ئالدىغا رەخت قويۇشىدۇ. بۇ «قارا ئۈشتۈش»
دەپ ئاتىلىدۇ.

(15) قارا تۈتۈش: كوسراپلىقلاردا قارا تۇتۇش ئا-
دىتى ناھايىتى قاتتىق. بىرەر ئائىلىدە مۇسىبەت بولسا،
قىرىق نەزىرىسى بېرىلمىگۈچە مەرھۇمنىڭ بىۋاستە تۇغ-
قانلىرى ئۆيگە قايتماي شۇ ئۆيدە تۇرىدۇ. پۈتۈن يۇرت
بويىچە توي - تۆكۈن قىلىش، مەشرەپ ئۆتكۈزۈش دې-
گەندەك كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزۈلمەيدۇ.
قىزىل، سېرىق رەڭدىكى كىيىملەر كىيىلمەيدۇ. قىرىق نە-
زىرىسىدىن كېيىنمۇ بىرەر يىلغىچە توي قىلماقچى بولغان
ئائىلىلەر ئۆلۈم بولغان ئۆي ئىگىلىرىگە كۆڭۈل قويۇپ
(يېقىنراق تۇغقانلار تون يېپىپ) رازىلىقىنى ئالغاندىن كېيىن
ئاندىن توي ئۆتكۈزىدۇ. مۇسىبەت ئىگىلىرى قىرىق نە-
زىردىن بۇرۇن چاچ - ساقال ئالمايدۇ، يۇيۇپ تارانماي-
دۇ. يىل نەزىرى ئۆتكۈزۈلمىگىچە (يىل توشمىغۇچە)
ئويۇن - تاماشا، توي - تۆكۈنلەرگە بارمايدۇ. ئاياللار
قارا، ئاق رەڭدىن باشقا رەڭدىكى كىيىملەرنى كىيمەيدۇ،
توي - تۆكۈنلەرنىڭ ئادەمگەرچىلىك رەسمىيەتلىرىنى
ئايرىم ئادا قىلىدۇ.

(15) باش چۈشۈرۈش: قىرىق نەزىرى ئۆتكۈزۈلۈپ
بولغاندىن كېيىن، مەرھۇمنىڭ يېقىن تۇغقانلىرى ياكى كۈيۈ-
ئوغۇللىرىدىن بىرى بارلىق ھازىدارلارنى ئۆيىگە چاقىرىپ،
قوي سويۇپ مېھمان قىلىدۇ. داستىخان يىغىشنىڭ ئالدىدا
ھەر بىر كىشىنىڭ ئالدىغا تون چاپان ياكى رەخت قاتارلىق
نەرسىلەرنى قويۇپ، ئۆلۈمگە سەۋر قىلىش دېگەن مەزمۇن-
لاردا تەكەللۇپ سۆزى قىلىپ چاچ - ساقاللارنى ئېلىۋېتىش
مەقسىتىنى ئۇقتۇرىدۇ، بۇ ئادەت «باش چۈشۈرۈش»
دەپ ئاتىلىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، مەرھۇمنىڭ يۈز
ئاچقۇسىنى كىم ئاچقان بولسا، باش چۈشۈرۈشنى شۇ كىشى
قىلىدىغان ئادەت ئومۇملىشىپ قالدى.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

(ئاپتور: ئاقتۇ ناھىيەلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى)

www.uyghurkitap.com

# شېرىن سۆزلۈك قەلەمقاش



ئۈچ يىل بولدى كۆرمىدىم،
ئۆزگىگە كۆڭۈل بۆلمىدىم.
مەيلىڭ يوقمۇ كۆلمەيسەن،
تۈزۈك ئويناپ تۆزمىدىم.
سەندەك ياخشى تاپالماي،
ئايرىلغانغا ئۆلمىدىم.

يار يىراققا كەتكىدەك،
كېلەرىنى بىلمەيمەن.
مەيلى كەلسۇن كەلمىسۇن،
يارغا ئاق يول تىلەيمەن.
قىزىلگۈلۈم خالىساڭ،
بېرىپ يوقلاپ كېلەيمەن.

يارنىڭ يۈزى بەك سۈزۈك،
تانىمايدىكەن سۆزىدىن.
ئىچىدىكى گېپىنى،
بىلىپ بولدۇم كۆزىدىن.
كىشى سۆزى يالغاندۇ،
ئاڭلاپ كېلەي ئۆزىدىن.

مېڭىپمۇ يېتالمادىم،
ئېقىپ تۇرغان تارىمغا.
بارساڭلار سالام دەڭلەر،
باغرى قاتتىق يارىمغا.
كېلىپ، يەتسە بولمامدۇ؟
مېنىڭ دەردۇ-ھالىمغا.

قوغۇننى تېلىپ قويدۇم،
ئۈزۈك يېمەي تۇرامسەن؟
مۇڭداشقىلى مەن كەلدىم،
لام-جىم دېمەي تۇرامسەن؟
ئىچىمگە تۈشتى ئوتلۇك،
ئەي مەلىكەم بىلەمسەن؟

ئىچ قارالىق قىلدىلا،
ھەممەلىسى بىر تاغلىق.
كۆيۈك ئوتى دەردىنى،
بىلمەيدىكەن چارالىق.
يولدا بارساڭ بىللىچە،
ئايرىلمايلى ھەمراھلىق.

ئىچىك بەكمۇ تار ئىكەن،
دەرياىمكىن دەپتىمەن.
ئۆزۈن-ئۆزۈن يول بېسىپ،
بىرسىنى دەپ كەپتىمەن.
ھاۋارەڭ تونىنى كىيىپ،
ئۇچۇپسەن بىلمەپتىمەن.

ئۇچساڭ ئۇچۇۋەر يارىم،
قاناتلارىڭ تالماسۇن.
ئۇينىۋالغىن ئازادە،
ئارمانلىرىڭ قالمىسۇن.
دەردىنى تارتسام مەن تارتاي،
يارىم دەردىنى تارتماسۇن.

يۈرىكىمگە ئوت سالغان،
شېرىن سۆزلۈك قەلەمقاش.
گەپ قىلسام كۈلمەيدىكەن،
مەڭزى قىزىل باغرى تاش.
كۈلسەم زايا دېدىڭمۇ؟
شۇنداق بولامدۇ ئويناش.

ئالمىخان دېگەن خاتۇن،
بوزەك ئەتمەڭگىن مەنى.
كېلىپ يۈرسەم مەلەڭگە،
يەپ كېتەر مەنمۇ سەنى،
تاشا يۈرتلۇق ئىكەن دەپ،
تاشلاۋەتمەڭگىن مەنى.

مۇساپىر كۆرمە، مەنى،
مەنمۇ يۈرەي مەلەڭدە.
ھەر ئادەم كۆن ئېلىپتۇ،
ئالما خېنىم ساياڭدە.
كۆيۈك دەردى-يامانكەن،
ئويناۋالاي ئايەمدە.

سالىپ بەردىم قىياق ئوت،
ھويلادىكى ئۇلاققا.
يارنى سۇغا چىقار دەپ،
ئارقادىكى بۇلاققا.
ساقلىسام يار چىقمىدى،
توخۇ چىقتى قونداققا.

نامازشام ۋاقتى بولۇپ،
توخۇ چىقتى قونداققا.
نېمە بالا بولغاندۇ،
كۆڭلۈم خوشى ئامراققا.
مەندە بولسا خىيالى،
چىقار ئىدى بۇ چاققا.

توخۇ دېگەن بەك سەگەك،
تاڭ سەھەردە سايرايدۇ.
يارنىڭ كۆڭلىدە كىم بار.
ئارقا يولغا قارايدۇ.
بۇۋاپالىق قىلساڭ يار،
ئەللەر سېنى قاغايدۇ.

ئولتۇرسەن گۈلئايىم،
قاش كۆزۈڭنى ئويناتىپ.
كۆيدۈرسەن نىمانچە،
يۈرەكىمگە ئوت ياقىپ.
كۆڭلۈڭ ئارام تاپارمۇ؟
مەن غېرىبنى يىغلاتىپ.

ئاقسۇيا، يايلاغىدا،
تىزغا كېلىپتۇ قىياق.
خەت-خالتىڭىز كەلمىدى.
ئارامىز قانچە يىراق.
يىراقلىقمۇ بىلىنمەس،
يۈرەكتە بولسا پىراق.

مەن غېرىبنىڭ ھالىغا،
يارىم قاچان يېتەرسەن؟
بەش-تۆت كۈن بەزلەپ قويۇپ،
ئاقسۇياڭغا كېتەرسەن.
غېرىبلىق ماڭا يەتتى،
كەتسەڭ قاچان كېلەرسەن؟

قارا ئاتنى ئالدىم مەن،
تويلۇغۇڭغا سالغالى.
كەلدىم يىراق چارادىن،
ئۆز قولۇمغا ئالغالى.
تىل تۇرغۇيۇم يارىمنى،
يۈرىكىمگە تاڭغالى.

«لوپنۇر خەلق قوشاقلىرى» توپلىمىدىن تەييارلاندى.
تەييارلىغۇچى: خۇرسەنئاي مەتتىمىن

# ئۇيغۇرلارنىڭ تۇغقاندارچىلىق تۈزۈمىدىكى

# ئېمىلداشلىق مۇناسىۋەت توغرىسىدا



ئابدۇقەييۇم مىجىت

تۇغقاندارچىلىق تۈزۈمى — مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقى تەتقىقاتىدىكى كىلاسسىك تېمىلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئىنسانشۇناسلار مەلۇم بىر جەمئىيەتنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە شۇ جەمئىيەتتىكى كىشىلىك مۇناسىۋەتلەرنى تەتقىق قىلغاندا، ئىشنى ئالدى بىلەن تۇغقاندارچىلىق تۈزۈمىدىن باشلايدۇ. تۇغقاندارچىلىق تۈزۈمى كىشىلەرنىڭ تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتى ناھايىتى مۇرەككەپ مۇناسىۋەت بولۇپ، ئۇ بىر خىل ئۇزاق مەزگىللىك تۈزۈم ئەنئەنىسى ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنى ئىپادىلەيدۇ. تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتى بارلىق ئىپتىدائىي مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈملىرىدە ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان. تۇغقاندارچىلىق تۈزۈمى ۋە مۇناسىۋىتى ئاساسىدا پەيدا بولغان تۇغقاندارچىلىق ئاتالغۇلىرىمۇ ھەرگىز ئاددىي پەخرىي نام-ئاتاقلار بولماستىن، بەلكى كىشىلەر ئارىسىدىكى ئۆزئارا ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتنى ئىپادىلەيدىغان ئاتالغۇلاردۇر. بۇ مەجبۇرىيەتلەر يىغىندىسى بىر مىللەتنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈملىرىنىڭ ماھىيەتلىك قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ. تۇغقاندارچىلىق — مىللەتنىڭ دەسلەپكى شەكلى بولغان ئۇرۇقنىڭ بىخلىنىشىنىڭ مۇنبەت تۇپرىقىدۇر. تۇغقاندارچىلىق سىستېمىسى ھەر

خىل ئۇرۇق-تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەيدىغان
ئاتالغۇلار سىستېمىسى ۋە تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتىدە
بەلگىلىك ھەرىكەتلەرنىڭ قېلىپلاشتۇرۇشىغا ئۇچرىغان
ھۆرمەتلەش ياكى ئامراقلىق، ھوقۇق ياكى مەجبۇرىيەت،
دوستلۇق ياكى دۈشمەنلىك پوزىتسىيەسى سىستېمىسىدىن
ئىبارەت ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىنسانشۇ-
ناسلار ھەرقانداق بىر خىل تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋەت
قۇرۇلمىسى چوقۇم تۆۋەندىكىدەك ئۈچ خىل ئامىلنى ھا-
زىرلىشى كېرەك دەپ قارايدۇ. ئۇلار قانداق تۇغقاندار-
چىلىق مۇناسىۋىتى، نىكاھ تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتى ۋە
ۋارىسلىق تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتىدىن ئىبارەت. تۇغ-
قاندارچىلىق مۇناسىۋەت بىر خىل ئىجتىمائىي ھادىسە.
شۇنداق ئىكەن ئۇنىڭ شەكىللىنىشى ئۈچۈن بەلگىلىك
ئىجتىمائىي قۇرۇلما مۇھىتى بولۇشى كېرەك. ئىجتىمائىي
قۇرۇلما «مۇئەييەن گەۋدە ۋە توپلار ئارىسىدىكى مۇنا-
سىۋەتنى، مەلۇم ئىجتىمائىي سىستېمىغا تەۋە كىشىلەرنىڭ
نىسبەتەن تۇراقلىق بولغان يۈرۈش-تۇرۇش شەكىللىرىنى
ياكى پائالىيەت قۇرۇلمىسىنى بەلگىلەيدىغان تۈزۈملەشكەن
قېلىپ ۋە تونۇش رامكىسىنى كۆرسىتىدۇ»①. ھەر بىر
جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسىدا تۇغقاندارچىلىق مۇ
ناسىۋىتى كىشىلەر ئارىسىدىكى ئىجتىمائىي ھوقۇق ۋە
مەجبۇرىيەتنى بەلگىلەش، تەقسىملەش، نىكاھ، ۋارىسلىق
مەسىلىلىرىنى بېكىتىش، كىشىلەرنىڭ ھەرىكەت شەكلىنى
قېلىپلاشتۇرۇشتا مۇھىم روللارنى ئوينايدۇ. مەسىلەن،
مىراس ۋە مۈلۈك ۋارىسلىقى ئىشلىرىدا مىراس قالدۇرغۇ
چى بىلەن ۋارىس (مىراسخور) ئوتتۇرىسىدىكى تۇغقاندار-
چىلىق مۇناسىۋەت ھالقىسى مىراس تەقسىملەشنىڭ تۈپ
ھالقىسى قىلىنىدۇ. تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتىنىڭ فۇنكسى-
يەسى جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ھەرقايسى باسقۇچ ۋە قاتل-
لاملىرىدا تەدرىجىي يېڭىلىنىپ، ئۆزگىرىپ، مۇكەممەللە-
شىپ بارىدۇ. ئىنسانشۇناسلار ۋە جەمئىيەتشۇناسلار مەلۇم
بىر جەمئىيەتنىڭ جەمئىيەت قۇرۇلمىسىنى تۇغقاندارچىلىق
مۇناسىۋىتىنى تۇتقا قىلىپ تۇرۇپ چۈشىنىش مۇمكىن دەپ
قارىغاچقا، ئۆزىنىڭ تەكشۈرۈش، تەتقىقاتلىرىدا مەلۇم بىر
جەمئىيەت ياكى ئىجتىمائىي كوللېكتىپنىڭ تۇغقاندارچىلىق
مۇناسىۋىتى ۋە تۇغقاندارچىلىق ئاتالغۇلىرىغا ناھايىتى
دىققەت قىلغان. ئامېرىكىلىق ئىنسانشۇناس مورگان —
تۇنجى بولۇپ تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتىنىڭ ئىجتىمائىي
مەنىسىگە دىققەت قىلغان ئادەم. مورگان ئۆزىنىڭ «قەدى-
دىمكى جەمئىيەت»، «ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تۇغقاندار-
چىلىق تۈزۈمى» (1869-يىل) ناملىق ئەسەرلىرىدە ئىن-
سانلارنىڭ تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتى ۋە ئاتالغۇلىرىنى
تەتقىق قىلىشى بىلەن ئىنسانشۇناسلىق تەتقىقاتىدا تۇغقان-
دارچىلىق تەتقىقاتى باشلانغان. مورگان ئىنسانىيەت تارى-
خىدا مالايانچە تۇغقاندارچىلىق تۈزۈمى، تۇرانىيىلارچە تۇغ-
قاندارچىلىق تۈزۈمى ۋە كانوۋانىيىلارچە، يەنى ئارىيانچە
تۇغقاندارچىلىق تۈزۈمىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل ئاساسلىق
تۈزۈم بولغان دەپ قارىغان. ئۇ يەنە تۇغقاندارچىلىق تۈ-
زۈمىنىڭ ئاساسى — ئائىلە شەكلى تۇغقاندارچىلىق تۈزۈ-
مىنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئاللىقاچان يوقالغان قەدىمكى
ئائىلە شەكىللىرىنى تېپىپ چىقىش مۇمكىن دەپ قارىغان.
نۆۋەتتە، «ئىنسانشۇناسلىقتىكى تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋە-
تى تەتقىقاتى مۇنداق بەش نۇقتىغا مەركەزلەشكەن: (1)
قان، مەنى، سۆڭەك، گۆش قاتارلىق جىسمانىيەتنى
تەشكىل قىلغۇچى ئامىللار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان
خاس قاراشلار. (2) كىشىلەرنىڭ جىنس، كۆپىيىش، ھامىلە-
دار بولۇش، يېڭىش قاتارلىق قايتا ھاياتلىق ئىشلەپچىقى-
رىش پائالىيىتى ھەققىدىكى فولكلورىستىك قاراشلار ۋە
ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك تۇغقاندارچىلىق مۇراسىملىرى. (3)
ھەر بىر جەمئىيەتتىكى تۇغقاندارچىلىق قارىشى ۋە تۇغقان-
دارچىلىق مۇناسىۋىتىگە ئائىت ئاتالغۇ-ئىبتىملار. (4) تۇغ-
قاندارچىلىق مۇناسىۋىتىدە مەۋجۇت دەپ قارالغان كىشى-
لەر بىلەن كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ھەرىكەت مىزانلىرى.
(5) ئەمەلىي تەشكىللەش ۋە ھەرىكەت②. ئىنسانلار جەم-
ئىيىتىدىكى كىشىلىك مۇناسىۋەتمۇ بىئولوگىيەلىك مەنىدىكى
قانداشلىق مۇناسىۋىتى، يەنى تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتى-
نى ئاساس قىلىدۇ. ئەمما تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋەت
نوقۇل بىئولوگىيەلىك مەنىدىكى ئىرسىيەت مۇناسىۋىتى
ۋە جىنسىي مۇناسىۋەتنىڭ نەق ئۆزى ئەمەس. ئۇ ئىنسانى-
يەت مەدەنىيىتىدىكى بىر تۈرلۈك ئىجادىيەت.

ئۇيغۇرلار تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتىنى ئۆز تارىخى-
دا شەكىللەندۈرگەن چوڭ-كىچىك ئىجتىمائىي گەۋدە ۋە
توپلارنىڭ ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت كاتېگورىيەسى دائىرى-
سىدە شەكىللەندۈرگەن ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇپ كەلگەن.
ئۇيغۇرلارنىڭ تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتى ناھايىتى قەدى-
مىي زامانلاردىلا شەكىللەنگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



دەسلەپكى ئىپتىدائىي، چېچىلاڭغۇ ھالەتتىن تەدرىجىي تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتى ئاساسىدا ئۇيۇشۇشى بىلەن بىر پۈتۈن ئىجتىمائىي گەۋدە، ئۇرۇق، قەبىلە ۋە مىللەت بولۇپ شەكىللىنىشىدە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغان ھەمدە شۇ جەريانىدا شەكىللەندۈرگەن تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتى ئۇيغۇر تىلىدا تۇغقاندارچىلىق ئاتالغۇلىرى شەكلىدە ئىپادىلەنگەن. ئۇيغۇرلاردىكى تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتى ۋە ئاتالغۇلىرىنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، ئۇيغۇرلارنىڭ تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتى ۋە ئاتالغۇلىرىدا قانداق ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولغانلىقىنى، ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى جەمئىيەت قاتلىمى ۋە قۇرۇلمىسىدا قانداق ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولغانلىقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش مۇمكىن. مورگاننىڭ بۆلۈش ئۇسۇلى بويىچە بولغاندا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى تۈركىي تىللىق قەبىلە- قوۋملار، جۈملىدىن، ئۇيغۇرلارنىڭ تۇغقاندارچىلىق تۈزۈمى تۇرانىيلارچە تۇغقاندارچىلىق تۈزۈمگە مەنسۇپ بولىدۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان بەش تۈر بويىچە نەزەرىيە جەھەتتىن سىستېمىلىق تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتىدە ئېمىلداشلىقتىن ئىبارەت بۇ ئالاھىدە تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتى تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتى تەتقىقاتىدا ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان تەرەپلەرنىڭ بىرىدۇر. ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن، ئىسلام دىنىنىڭ نىكاھ، ئائىلە ۋە تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋەت ھەققىدىكى شەرئىيەت ئەھكاملىرى ئۇيغۇرلارنىڭ نىكاھ ۋە تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋەتلىرىگە مۇئەييەن تەسىرلەرنى كۆرسەتتى، ئۇيغۇرلاردىكى ئېمىلداشلىق مۇناسىۋەت بۇنىڭ تىپىك مەسالىدۇر.

ئادەتتە بىر ئانىنى تەڭ ئەمگەن باللار «ئېمىلداش» دەپ ئاتىلىدۇ. مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» (تۆۋەندە قىسقارتىپ «دىۋان» دەپلا ئاتىلىدۇ)تە، قەدىمكى تۈركىي تىللىق خەلقلەردىكى كۆپلىگەن تۇغقاندارچىلىق ئاتالغۇلىرىنى خاتىرىلىگەن بولۇپ، ئۇ ئېمىلداشلىق ھەققىدىمۇ قىممەتلىك ئۇچۇرلارنى قالدۇرغان. «دىۋان»دا: «تۆدەش نەڭ ـــ تۆرداش نەرسە، بىر- بەرىگە ئوخشايدىغان، بىر جىنستىن بولغان نەرسىلەر. بۇ سۆز ‹تۆك› مەنىسىدىكى ‹تۆ- تۆ› سۆزىدىن كەلگەن.



ھايۋان ئۈچۈن ‹بۇ ئات نە تۆلۈگ ـــ بۇ ئات قانداق رەڭدە› دېيىلىدۇ. ‹داش ياكى دەش› تەڭداشلىق ۋە يېقىنلىقنى بىلدۈرىدىغان بىر قوشۇمچىدۇر. بىر ئانىدىن تۇغۇلغان ئىككى بالا ‹قارىنداش› دېيىلىدۇ. چۈنكى، ‹قارىن› سۆزىگە ‹داش› قوشۇلۇش بىلەن ‹بىر قېرىنىدا ياتقان› دېگەن مەنە ئاڭلىنىدۇ. ئەمچەك ‹ئەمك› دېيىلىدۇ، بىر ئەمچەكنى ئەمگەن ئىككى بالا ‹ئەمكداش› دېيىلىدۇ. يېقىن بىر تۇغقان ‹قاداش› دېيىلىدۇ. بۇ سۆزنىڭ ئەسلى ‹قاچا› مەنىسىدىكى ‹قا› سۆزى بولۇپ، ئۇنىڭغا ‹داش› قوشۇلغاندا، ‹بىر قاچىدا، يەنى بىر ئانىنىڭ قارنىدا بىللە ياتقان› دېگەن بولىدۇ»③ دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇنىڭدىن بىز مەھمۇد كاشغەرىي ياشىغان زامانلاردىلا ئۇيغۇرلارنىڭ تۇغقاندارچىلىق تۈزۈملىرىدە ئېمىلداشلىق مۇناسىۋەتنىڭ ئاللىقاچان شەكىللىنىپ بولغانلىقى ھەمدە «ئەمكداش» دېگەن ئاتالغۇنىڭ كەڭ ئومۇملاشقانلىقىنى جەزملەشتۈرەلەيمىز. مەرھۇم ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندى «نورۇزنامە» ناملىق ئەسىرىدە، «ئېمىلداش» ئاتالغۇسى ھەققىدە توختىلىپ، «بىر ئانىنى ئەمگەن ئۇرۇق- تۇغقان باللارنىڭ ‹ئېمىلداش›، ئۇرۇق- تۇغقانچىلىقى يوق باللارنىڭ ‹كۆكۈلداش›»④ دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى يازغان. ئېمىتكۈچى ئانا «ئىنىكئانا» دېيىلىدۇ. «ئىنىكئانا» سۆزى يەنە «سۈتئانىسى»، «دايە» ياكى «چارىيە» دەپمۇ ئاتىلىدۇ، بۇلار كىتابىي سۆزلەردۇر. «دايە» سۆزى چاغاتاي دەۋرىدىكى شائىرلىرىمىزنىڭ شېئىرلىرىدا كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، شائىر ناقىس:

«تاپىپ كەلتۈردىلەر بىر سەرۋى سايە،
بۇ گۈل يۈزلۈككە ئانى قىلدى دايە.»

دېگەن مىسرالارنى قالدۇرغان بولسا، نورۇز ئاخۇن زىيائىي: «دېدىم مەن: ئايا دايەئى مېھرىبان،

ۋەتەنگە يانارمەن سەھەر بىگۇمان.»
دېگەن مىسرالارنى يازغان. بۇ يەردىكى «دايەئى
مېھربان» سۆزى «مېھربان، كۆيۈمچان ئىنىكئانا»
دېگەن مەنىدە. «دايە گانە» دېگەن سۆز «ئىنىكئانىلار-
چە، ئىنىكئانىغا ئوخشاش» دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلگەن.
18- ئەسىردە چىڭ سۇلالىسى ئوردىسى تەرىپىدىن مانجۇ-
چە، تىبەتچە، موڭغۇلچە، ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە بەش خىل
تىلنى سېلىشتۇرۇپ تۈزۈلگەن «بەش تىللىق مانجۇچە لۇ-
غەت»تە «اينەكا (ئىنىكئانا)، امجك اناسى (ئەمچەك ئانى-
سى، سۈت ئانىسى)، سۈت ئانا (سۈت ئانا)» دېگەن
سۆزلەر خاتىرىلەنگەن بولۇپ، بۇنىڭدىن قارىغاندا ئەينى
دەۋرلەردىمۇ ئېمىلداشلىق مۇناسىۋىتىنىڭ ئىزچىل
مەۋجۇت بولۇپ كەلگەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. «بەش
تىللىق مانجۇچە لۇغەت»تە يەنە «ئاتاغا» دېگەن بىر
سۆزمۇ خاتىرىلەنگەن بولۇپ، بۇ ھەقتە تىل تەتقىقاتچىسى
غەيرەت ئابدۇرەھمان ئوزغات ئەپەندى: «‹ئاتاغا›
دېگەن بۇ سۆز قارىشىمىزچە ‹ئېمىكئانىنىڭ ئېرى› دېگەن
مەنىنى بىلدۈرسە كېرەك. چۈنكى بۇرۇنقى دەۋرلەردە
قول ئىلكىدە بار ھاللىق ئائىلىلەر باللىرىنىڭ ساغلام،
ۋاقۇل ئۆسۈپ يېتىلىشىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۆز ئانىسىدىن
باشقا يەنە بىر ‹ئېمىكئانا› تەكلىپ قىلىدۇ، ئېمىكئانا بالىنى
كىچىكىدىن بېقىش، ئېمىتىش ئىشلىرىنى قىلىپلا قالماي،
بەلكى خېلى چوڭ بولغۇچە ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغان
ئىشلارمۇ بولغاچقا، بالىغا نىسبەتەن ئانىغا ئوخشاش ھۆر-
مەتكە سازاۋەر كىشى سانىلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئېمىكئانى-
نىڭ ئېرىمۇ ھۆرمەتلىنىدۇ ۋە شۇ ئائىلىدىكىلەر بىلەن قان-
قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى بولمىسىمۇ، مەلۇم دەرىجىدە
تۇغقاندارچىلىق رىشتىسىدە بولىدۇ. بۇ يەردە ئەرلەر ئې-
مىكئانا بولىدىغان ئىش ئەسلا مەۋجۇت ئەمەس. ئاناغا
ئاتا ــ بۇمۇ يۇقىرىدىكى سۆزگە ئوخشاش ئېمىكئانا ياكى
سۈت ئانىسىنىڭ ئېرىنى كۆرسىتىدۇ»⑤ دەپ چۈشەنچە
بېرىدۇ. ئۇيغۇر تىلىنىڭ قۇمۇل شىۋىسىدە «ئاتىغا» دەي-
دىغان بىر سۆز بار بولۇپ، بۇ سۆز غۇلام غوپۇرى
تۈزگەن «ئۇيغۇر شىۋىلىرى سۆزلۈكى» ناملىق كىتابتا:
«ۋاڭ- غوجىلارنىڭ باللىرىنى ئېمىتىپ چوڭ قىلىدىغان
ئىنىكئانىلارنىڭ ئەرلىرى ‹ئاتىغا› دەپ ئاتىلىدۇ»⑥ دەپ
چۈشەندۈرۈلگەن. بۇ غەيرەت ئابدۇرەھمان ئەپەندىنىڭ:
«ئاتاغا سۆزى ئىنىكئانىنىڭ ئېرى دېگەن مەنىنى بىلدۈر-
سە كېرەك» دېگەن قىياسىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.
ئۇ ماقالىسىدە يەنە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئې-
نىكئانا» دېگەن سۆزنى «ئېمىكئانا» دېگەن شەكىلدە
ئىشلىتىش كېرەكلىكىنى تەشەببۇس قىلغان. ئۇنىڭ ئاساسى
مۇنداق «بىزنىڭچە، بۇ سۆز ئەسلى ‹ئېمىكئانا› بولۇشى
كېرەك. چۈنكى بۇ سۆز ‹ئېمىك+ئانا› شەكلىدە ياسالغان.
‹ئەمىك› سۆزى «دىۋان»دا مۇنداق ئىزاھلانغان: «ئەمىك-
ئېمىك، ئەمچەك؛ ئەمكلىگ ئىشلەر- ئېمىكلىك خوتۇن،
بالا ئېمىتىدىغان خوتۇن» (يېڭى نۇسخا، 3 ~ 66- ، 30 ~
309- بەتلەر؛ تۇنجى نۇسخا، 1- توم، 3 ~ 99- ، 14 ~
529- بەتلەر؛ يېڭى نۇسخا، 24 ~ 126- بەتلەر؛ تۇنجى
نۇسخا، 1- توم، 14 ~ 207- بەتلەر)»⑦ بىز بۇ پىكىرگە
قوشۇلىمىز، لېكىن بۇ سۆز ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا
«ئېنىكئانا» شەكلىدە تۇراقلىشىپ، ئومۇملىشىپ بولدى.
ئەمدى «ئېمىكئانا» سۆزىنى تەشەببۇس قىلساق، خەلق
ئاممىسى بۇنى قوبۇل قىلامدۇ- يوق؟ «ئېنىكئانا» دېگەن
سۆزنى ئەسلىگە قايتۇرۇپ «ئېمىكئانا» شەكلىدە ئىشلە-
تىشنىڭ قانداق ئىلمىي ۋە ئەمەلىي ئەھمىيىتى بار؟ بۇ يەنە
بىر مەسىلە. گەرچە ئېمىلداشلىق بىۋاسىتە قانداشلىق مۇنا-
سىۋىتى بولمىغان تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتى بولسىمۇ،
پەرزەنتلەر ئۆزلىرىنى ئېمىتكەن ئىنىكئانىلارنى خۇددى
ئۆز ئانىسىدەك ھۆرمەت قىلىدۇ. ئەنئەنىۋى قاراشلار بو-
يىچە، «سۈت ــ قان شىرنىسى» دەپ قارالغانلىقتىن، بىر
ئانىنى بىللە ئەمگەن باللار ئوتتۇرىسىدا قانداشلىق مۇنا-
سىۋىتى بولىدۇ، دەپ تونۇلىدۇ. فېئوداللىق جەمئىيەتتە
ياللانغان ئىنىكئانىلارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى تۆۋەن بول-
غاچقا، ئېمىتىلگەن بالا بىلەن ئىنىكئانا ۋە ئۇنىڭ باللىرى
ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت باللار ئەمچەكتىن ئايرىلىپ
ئۇزاق ئۆتمەيلا سۇسلايدۇ ياكى پۈتۈنلەي ئۈزۈلىدۇ.
ئۇيغۇرلاردا قەدىمدىن تارتىپ، بولۇپمۇ ئورۇقداش-
لىق تۈزۈمىدە ياشىغان دەۋرلەردىن تارتىپ، مۇمكىن
قەدەر ئۇرۇق ئىچىدىن نىكاھلانماسلىق، يېقىن تۇغقانلار
قۇدىلاشماسلىق، نەۋرە- چەۋرە ۋە ئەۋرىلەرنى بىر- بىرى-
گە چاتماسلىق يولى بىلەن ئەۋلادلىرىنىڭ ئەيىبناق،
مەجرۇھ، نۇقسانلىق ياكى كەمتۈك تۇغۇلۇپ قېلىشىنىڭ
ئالدىنى ئالغان. ئىسلام دىنى ئۇرۇق ئىچىدىن نىكاھلان-
غاندا نىكاھ ئوبيېكتىنىڭ ئېمىلداش بولماسلىقىنى زۆرۈر
شەرت قىلىدۇ. «ئۇيغۇرلار ئارىسىدا، ئەگەر ئانا كېسەللىك

www.uyghurkitap.com



ياكى باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئېمىتەلمىسە، ئۇرۇق- تۇغقانلىرى ياكى قولۇم- قوشنىلىرى ئىچىدىكى بالا ئېمىتۋاتقان ئانىنى ئېمىتىدىغان ئادەت بار. ئېمىلداشلار ئارا نىكاھلىنىش مەنئى قىلىنىدۇ»⑧. ئېمىلداشلىق ماھىيەتتە، ۋاستىلىك قانداشلىق مۇناسىۋىتى بولۇپ، ئۇ بىۋاسىتە تۇغۇلۇپ ئۆز ئانىسىدىن باشقا ئانىنى ئېمىشتىن پەيدا بولىدىغان ئالاھىدە قانداشلىقتۇر. ئۇرۇق - تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى تەتقىقاتىدا ئۇرۇق- تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتىدىكى بىئولوگىيەلىك خۇسۇسىيەت ۋە مەدەنىيەت خۇسۇسىيىتى ئارىلىشىپ كەتكەن. شۇڭا ئېمىلداشلىق مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلغاندا ئېمىلداشلىق مۇناسىۋىتىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئاساس بولىدىغان بىئولوگىيەلىك خۇسۇسىيەت ۋە مەدەنىيەت خۇسۇسىيىتىگە تەڭ دەرىجىدە ئېتىبار بېرىشكە توغرا كېلىدۇ.

ئىنىكئانا تۇغقان ئانىغا ئوخشاشلا ھۆرمەتلىنىدۇ، ئەمما ئۆز بالىسىدىن باشقا بىر بالىنى ئېمىتمەكچى بولغان ئايال چوقۇم ئېرىنىڭ رازىلىقىنى ئېلىشى شەرت. نەۋرىلەر ئىچىدىن بىرەرسى مومىسىنى ئەمگەن بولسا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئېمىلداش ھېسابلىنىپ نىكاھلىنىشى چەكلىنىدۇ. شۇ سەۋەبلىك ئۇيغۇر خەلقىدە «موما تالاق» دەيدىغان بىر تۇراقلىق ئىبارە بار بولۇپ، بۇ بىر قانچە نەۋرىلەردىن ھەرقانداق بىرسى مومىسىنى ئەمگەن بولسا، شۇ بىر نەۋرىنىڭ مومىسىنى ئېمىپ قويغانلىقى تۈپەيلى، ئۇلارنىڭ بولغۇسى نىكاھى ئاللىقاچان چەكلىنىپ بولغان بولىدۇ، دېگەنلىكتۇر. «بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا بەزى ئانىلار (موما بولغۇچى ياكى كېلىنلەردىن بىرەرى) مەلۇم نەۋرىگە ئەمچەك سېلىۋەتسە (ئېمىتىپ قويسا) جەمەت ئىچىدە ‹ئېمىلداش›لىق شەكىللىنىپ قېلىپ، مەزكۇر جەمەت ئىچىدىكى بارلىق بالا- چاقىلارنىڭ پەرزەنتلىرى، يەنى نەۋرىلەر ئۆزئارا نىكاھلىنىشقا بولمايدىغان ۋەزىيەت شەكىللىنىدۇ. بۇرۇن بەزى موما ياكى كېلىنلەر بىر نەۋرە كېلىدىغانلارنىڭ ئۆز ئارا نىكاھلىنىپ كېتىش ھادىسىسىنى توسۇش ياكى باشقا سەۋەبلەردىن شەرىئەتلىك توسۇق قۇرۇپ بىرەر نەۋرىسىگە ئەمچەك سېلىپ قويىدىغان ياكى مەلۇم بىر كېلىن، ئېپيەڭگىلەرنىڭ باللىرىنى ئېمىتىپ قويىدىغان ئەھۋاللار بولىدىغان. بۇ ئەھۋالدا بارلىق نەۋرىلەرنىڭ ئۆزئارا نىكاھلىنىش يولى قەتئىي ئېتىلگەن بولىدۇ. شۇڭا شەرىئەتتە پەتىۋا مەقبۇل بولمايدىغان بىر نەچچە تۈرلۈك ھادىسىنىڭ بىرى مۇشۇ ‹ئېمىلداش›لىقتىن ئىبارەت بولىدۇ»⑨.

ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشتىن بۇرۇن، ئېمىلداشلارنىڭ ئۆزئارا نىكاھلىنىشى چەكلەنمىگەن. ئەمما، ئىسلامىيەتتىن كېيىن، ئېمىلداشلار قېرىنداش دەپ قارىلىپ، ئېمىلداشلارنىڭ نىكاھلىنىشى قاتتىق چەكلەنگەن. شۇڭا ئۇيغۇرلار نىكاھ ئىشلىرىدا ئېمىلداشلىقتىن ئىبارەت ۋاستىلىك قانداشلىق مۇناسىۋىتىگە ئىگە كىشىلەردىن لايىق تاللىمايدۇ.

ئىسلام دىنىدا، ئېمىلداشلار گەرچە بىر ئانىدىن تۇغۇلمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار بىر ئانىنىڭ سۈتىدە تەڭ ئوزۇقلانغانلىقى ئۈچۈن، ئارىدا تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋەت شەكىللىنىدۇ دەپ قارىلىدۇ. ھەدىسلەردە: «بىر قورساق تۇغقانلارغا ھارام بولغان نەرسە ئېمىلداشلارغىمۇ ھارام بولىدۇ»⑩، «ئېمىلداشلىق دېگەن سۈت بىلەن ئوزۇقلىنىش مەزگىلىدە پەيدا بولىدۇ»⑪ دېيىلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەمزىنىڭ قىزى ھەققىدە: ‹ئۇ ماڭا ھالال بولمايدۇ، نەسەب جەھەتتە ھارام بولغان نەرسە، ئېمىلداشلىق تەرەپتىنمۇ ھارام بولىدۇ. ئۇ مېنىڭ ئېمىلداش قېرىندىشىمنىڭ قىزى› دېگەن»⑫. گەرچە ئېمىلداشلىق ئارقىلىق يات كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىمۇ نەسەبكە ئوخشاش مۇناسىۋەت شەكىللىنىدۇ دەپ قارالسىمۇ، لېكىن مىراس ۋە مۈلۈك ۋارىسلىقى مەسىلىلىرىدە ئىنىكئانا بولغۇچى بىلەن ئېمىتىلگەن بالا ئوتتۇرىسىدا ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئېمىلداش بولغان ۋاستىلىك قانداشلىرى ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق مىراسخورلۇق، ۋارىسلىق مۇناسىۋىتى بولمايدۇ، دەپ قارىلىدۇ. شۇڭا ئىسلام دىنىدا ئىنىكئانىغا نەفىقە بېرىش ۋاجىب ئەمەس، ئىنىكئانا بىلەن ئۇنى ئەمگەن بالا ئوتتۇرىسىدا ۋارىسلىق قىلىش ياكى قىلىنىش مۇناسىۋىتى بولمايدۇ، دەپ قارىلىدۇ. ئېمىلداشلىقنىڭ تەسىرى ئەمگۈچى ۋە ئۇنىڭ پەرزەنتلىرى، نەۋرە- چەۋرىلىرىگىچە بولىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئاتا- ئانىسى، تاغىسى، ھاممىسى ۋە باشقا ئۇرۇق- تۇغقانلىرى بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولىدۇ. ئېمىلداشلار «سۈنئىي قېرىنداشلار» بولۇپ، ئەمەلىيەتتە بىر- بىرىگە قارىتا ھېچقانداق دىني ۋە قانۇني مەجبۇرىيەت ئۆتىمەيدۇ. «ئېمىلداشلار بىلەن ئىنىكئانا ۋە ئۇنىڭ باللىرى ھەم تۇغقانلىرى ئوتتۇرىسىدا قانداشلىق مۇناسىۋىتى

تۇرغۇزۇلىدۇ دەپ قارالغاچقا، ئېملداشلىق مۇناسىۋىتىگە ئىگە ھەرقانداق كىشىلەرنىڭ بىر-بىرى بىلەن نىكاھلىنىشى چەكلەنگەن. شۇڭا ئۇيغۇر يىگىتلەرنىڭ ئىنىكئانا، ئىنىكئانىنىڭ ئاچا-سىڭلىسى، ئىنىكئانىنىڭ قىزى ياكى قىز نەۋرىسى بىلەن توي قىلىشى قاتتىق چەكلىنىدۇ، قىزلارنىڭ ئىنىكئانىنىڭ ئوغلى، ئىنىكئانىنىڭ ئېرى، ئىنىكئانىنىڭ ئوغۇل نەۋرىسى ۋە ئىنىكئانىنىڭ ئەر قېرىنداشلىرىغا ياتلىق بولۇشىمۇ قاتتىق چەكلىنىدۇ. بۇنىڭدىن سىرت، بىر ئانىنى بىر قېتىم ئېمىپ قويغان ياكى بىر ئىنىكئانىنى ئىلگىرى-كېيىن ئېمىپ چوڭ بولغان قىز-ئوغۇللار ئوتتۇرىسىدىمۇ ئېملداشلىق مەۋجۇت بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئۆزئارا نىكاھلىنىشىمۇ چەكلىنىدۇ»⑬. ماھىيەتتە، ئېملداشلىق ئېملداشلار ئوتتۇرىسىدىكى نىكاھنى توسىدىغان بىر خىل چەكلەش خاراكتېرىدىكى تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتىدۇر. جەمەت ئىچىدە نىكاھلىنىشقا توغرا كەلگەندە، ئۇيغۇرلار ئىككىنچى ئەۋلاد ياكى ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئەۋلادلار ئارىسىدىن لايىق تاللايدۇ، ئۇرۇق-جەمەت ئىچىدىكى نەۋرە تۇغقانلار ئوتتۇرىسىدا ئېملداشلىق مۇناسىۋىتىنىڭ بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن بولغانلىقتىن، ئانىلار نەۋرىلەر ئىچىدە ئېملداشلىق مۇناسىۋىتىنىڭ بار-يوقلۇقىغا گۇۋاھلىق بېرىدۇ، ئەگەر ئانىلىرى نىكاھلانماقچى بولغان يىگىت ۋە قىزنىڭ ئېملداشلىق مۇناسىۋىتىنىڭ بار-يوقلۇقىنى ئۇنتۇپ قالغان ياكى بىلمەسكە سالغان بولسا، بۇنداق ئانىلار قاتتىق گۇناھكار بولىدۇ، دەپ قارىلىدۇ. موسۇلماندارچىلىقتا، تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتى يوق ياكى نىكاھسىز ئەر-ئاياللارنىڭ بىر-بىرىنى كۆرۈشى ۋە يېقىن ئالاقىلەردە بولۇشى چەكلىنىدۇ ياكى نامەھرەم ئىش دەپ قارىلىدۇ، ئەمما ئېملداشلىق مۇناسىۋىتى بار يات جىنسلىقلار ئوتتۇرىسىدىكى بەزى كۆرۈشۈش ۋە نورمال ئالاقىلەر نامەھرەم ھېسابلانمايدۇ. «ئەگەر باشقا ئاياللار (ئىنىكئانىلار)غا ئېمىتىشكە توغرا كەلسە پۈتۈن بەدىنى ساغلام ئاياللارنى تاللايدۇ. ئۇيغۇر ئاياللىرى يەنە كىشىلەرنى بالىسىنى ئېمىتىپ قويۇشىدىن قاتتىق چەكلىنىدۇ. بۇنداق قىلىشتىكى مەقسەت پەرزەنتلەر ئارىسىدا ئېملداشلىق مۇناسىۋىتىنىڭ پەيدا بولۇپ، كەلگۈسىدە توي قىلىشقا توغرا كەلگەندە تۇغقانلار ئارا جىنسىي بۇزۇقچىلىقنىڭ يۈز بېرىپ قالماسلىقى ياكى ئۇلاردىن مەجرۇھ پەرزەنتنىڭ تۇغۇلۇپ قالماسلىقى ئۈچۈندۇر»⑭.

بۈگۈنكى كۈندە كىشىلەر ئىنىكئانا ئىشلەتمەستىن، بوۋاقلىرىنى ھەر خىل ئوزۇقلۇقلار بىلەن ئوزۇقلاندۇرىدۇ، بۇ ۋەجىدىن، نۆۋەتتە، ئۇيغۇرلاردىكى ئېملداشلىق مۇناسىۋىتى تەدرىجىي ئاجىزلاپ بارماقتا.

ئىزاھلار:

① نېئىل ج. سمېلسېر: «ئىجتىمائىي قۇرۇلما»، «جەمئىيەتشۇناسلىق ھەققىدە ئوقۇشلۇق» (نېئىل ج. سمېلسېر تەھرىرلىگەن)، SAGE نەشرىياتى نەشرى، لوندون 1988-يىل، 103-بەت. بۇ نەقىل دىلمۇراد مەھمۇدنىڭ «ئەنئەنىنىڭ يەنە بىر يۈزى» ناملىق ماقالىسىدىن ئېلىندى. «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»، 2007-يىل 6-سان، 68-بەت.

② خۇ چىۋاڭ، جۇۋەي جېنيۇ، ليۇ شىجى باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن: «مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقى لۇغىتى» (خەنزۇچە)، يۈەن فاڭ نەشرىياتى، 2000-يىل 10-ئاي، 1-نەشرى، 852-بەت.

③ مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981-يىل 8-ئاي، 1-نەشرى، 1-توم، 529-، 530-بەت.

④ ئىمىن تۇرسۇن: «نورۇزنامە»، شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 2001-يىل 1-ئاي، 1-نەشرى، 76-بەت.

⑤، ⑦ غەيرەت ئابدۇرەھمان ئوزغار: «بەش تىللىق مانجۇچە لۇغەت»تىكى ئۇچۇرلاردىن «ھازىرقى ئۇرۇق-تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرىغا نەزەر»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، 2011-يىل 1-سان، 119-بەت.

⑥ غۇلام غوپۇرى تۈزگەن: «ئۇيغۇر شېۋىلىرى سۆزلۈكى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1986-يىل 1-ئاي، 1-نەشرى، 2-بەت.

⑧ ئابدۇكېرىم راخمان، شېرىپ خۇشتار، رەۋەيدۇللا ھەمدۇللا: «ئۇيغۇر ئۆرپ-ئادەتلىرى»، شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1996-يىل 8-ئاي، 1-نەشرى، 119-بەت.

⑨ ھارۇت رەسۇل قادىرى: «شەرھىي ئىدىئوم»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2007-يىل 1-ئاي، 1-نەشرى، 68-بەت.

⑩، ⑪، ⑫ [مىسر] مۇھەممەد فۇئاد ئابدۇلباقى (ئابدۇللاھجان ئابدۇكەرىم تەرجىمە قىلىپ تۈزگەن): «ھەدىس شەرىفتىن ئۈنچە-مارجانلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003-يىل 12-ئاي 1-نەشرى، 350-، 351-، 352-بەتلەر.

⑬، ⑭ ئەنۋەر سەمەد قورغان: «ئۇيغۇرلاردا پەرھىزلەر»، شىنجاڭ نەشرىياتى، 2007-يىل 12-ئاي، 1-نەشرى، 110-، 170-بەتلەر.

(ئاپتور: ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەتلەر مەدەنىيىتى تەتقىقات ئىنستىتۇتىدا)

www.uyghurkitap.com



# ئۇيغۇرلاردا ياماقچىلىق

ئابدۇكېرىم تۇردى

تارىخي ۋە ئارخېئولوگىيەلىك مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، ياماقچىلىق كەسپى شىنجاڭدا مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 1000 يىللاردىن ئىلگىرى تۆمۈر تاۋلاش ۋە تۆمۈر ئىشلىتىش دەۋرىدە باشلانغان بولۇپ، ئېلىمىز ئەڭ بۇرۇن ئادەم كۆچى بىلەن تۆمۈر تاۋلىغان رايونلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

مەسىلەن، قومۇل شەھىرىدىكى يانبۇلاق، خېجىڭ ناھىيەسىدىكى چابخا جىلغىسى، ئېغىزى، بۇگۈرىدىكى چۇمباق، باي ناھىيەسىدىكى قىزىل، تاش قورغان ناھىيەسىدىكى تۆۋەندىكى بەلدىر، تەكرىتاغدىكى ئالغۇي قەبرىلىرىنىڭ ھەممىسىدىن تۆمۈر-تەسەك قېزىۋېلىنغان.

قېزىۋېلىنغان سايمانلارنىڭ تىپى: پىچاق، خەنجەر، ئۈزۈك، بىگىز (دەرەش)، ئوغاق، بولقا، كەكە، پالتا قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 5-، 6-ئەسىرلەردىكى تۆمۈردىن ياسالغان ئەسۋابلار كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا ئومۇمىيۈزلۈك ئىشلىتىلگەن. يەنە پىچان ناھىيەسىدىكى ياڭخى قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان شامان دىنى باخشىسىنىڭ پۇتىغا ئۆتۈك كىيگۈزۈلگەن. مانا بۇ بىگىز (دەرەش)، باخشىنىڭ پۇتىدىكى ئۆتۈك مىتالچىلىق تۆمۈر قوراللار دەۋرىدىلا ئۇيغۇرلار موزدۇزلۇق، ياماقچىلىق ھۈنىرى بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنىڭ دەلىلى.

ئۇيغۇرلار دەسلەپتىلا، قىلىچ، خەنجەر، پىچاق، نەيزە، پالتا، كەكە، ھەرە، ئۇشكە، رەندە، ئىسكىنا، دەرەش، بەلچە، بولقا، ئامبۇر، دۇكان پىچىقى، بىرەندە، ئىسمائىل تاپ، دەزگىر، قېلىپ، پەشتامان، شالىڭ، پاركوپ، ئەندىز، كۇسا، تاختا، كۆن، خۇرۇم، بۇرۇچ، چەم، بىشور، شالۇۋۇر قاتارلىق بۇيۇملار بىلەن ياماقچىلىقنى ئېلىپ بارغان.

«دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»كە مۇراجىئەت قىلغىنىمىزدا:

«ئەتتۈردى» (تۈزەتتۈردى). «مەنى ئىشىم ئەتتۈردى» (ئۇ ئىشىمنى تۈزەتتۈردى) «ئۇل ئۆتۈك ئەتتۈردى» (ئۇ، ئۆتۈك تۈزەتتۈردى) دېگەن سۆزلەمنى قەيت قىلغان. «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» ئۇيغۇرچە نەشرى، 1-توم، 292-بەت.

«ئۇ، تونىنى (بەدىنىگە) لايىق قىلىپ بەردى. بۇ ئۆتۈكنى ماڭا (پۇتۇمغا) لايىق قىلىپ بەردى» («دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» ئۇيغۇرچە نەشرى، 2-توم، 461-بەت).

«ئۆتۈك» سۆزىدىن «ئۆتۈكچى»: (مۇزدوز) دېگەن سۆز ياسالغان. («دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» ئۇيغۇرچە نەشرى، 2-توم، 64-بەت).

مەھمۇد كاشغەرىي 11-ئەسىردە تۈركىي خەلقلەر ئىچىدە ئاياغ كىيىمى ياماىدىغان كىشىلەرنىڭمۇ بارلىقىنى، ھازىر يېزا قىشلاق، بازار-شەھەرلەردىكى ھەم ئاياغ كىيىم تىكىدىغان، ھەم ياماىدىغان ئادەملەر ئاشۇ موزدوزغا ئوخشاش ئىكەنلىكىنى قەلەمگە ئالغان.

ئەل-ئاۋام ئارىسىدا: «ياخشى سۆزگە قۇلاق سال، يامان سۆزگە ياماق سال» دەيدىغان ماقال بار. ياماقچىلىق ئېسىل ھۈنەر - كەسىپ ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇرلاردا ياماقچىلىق كەڭ دائىرىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ۋە ئۆزىگە خاس ئاتالغۇ-سۆزلىرى بار. مەسىلەن، ياماپ-تۆشەپ، ياماپ-تۈمەپ، ياماپ-ياماشتۇرۇپ، ياماق چۈماق دېگەنلەرگە ئوخشاش. ياماقچىلىق يالغۇز ئاياغ كىيىملىرىنى ياماشقىلا قارىتىلغان ئەمەس. ياماقچىلىق كەسپىنىڭ كۆلىمى خېلى كەڭ.

كىگىز ئۆتۈك: ئۇيغۇرلاردا ئۆتۈكتىن باشقا يەنە مەنسەپدارلارنىڭ ئاياللىرىنىڭ كىيىمى ھېسابلىنىدىغان كىگىزدىن تىكىلگەن بىر ئۆتۈك بار، ئۇ «ئۇيىما» دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل كىگىزدىن تىكىلگەن ئۆتۈكنى ياخشى كۆرىدىغانلىقى ۋە كۆپ كىيىدىغانلىقى مەلۇم.

بىۋەسىتە مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئۇيىما ھەققىدە بەرگەن مەلۇماتلىرىدىن ھەر خىل كىگىزلەر بىلەن پۇت بىلەن تېپىپ پۇشۇرىدىغانلىقى، ئۇنىڭدىن باشقا ئۆتۈك تىكىلىدىغان كىگىزنى «تۈركمەن كىگىزى» دەپ ئاتايدىغانلىقىغا قاراپ ئۇ خىل ئۆتۈك ئاساسەن تۈركمەنلەرگە خاس ئۆتۈككەن دەپ چۈشىنىمىز.

پىيما: ئۇيغۇرلاردا ئۆتۈكتىن باشقا يەنە بىر خىل ئاياغ بولۇپ، ئۇنى ھەر بىر يۇرت مىللىي خاسلىقى، كىلىماتى، خاراكتېرى، ئۆرپ-ئادەتلىرى، تىل شۇۋىسى بويىچە ھەرخىل ئاتىغان.

مەسىلەن، پىيما، دەپسە، كىگىز ئۆتۈك، ئىسسىق ئاياغ، پايپاق دېگەنلەرگە ئوخشاش «پىيما» دېگەن ئاياغ كىيىمنى چوڭ - كىچىك، ئەر - ئايال قانداق مىللەت بولسا قىش كۈنلىرى پۇتىغا كىيسە بولۇۋېرىدۇ. ئۇ ئايالچە، ئەرەنچە باچكىنا دېگەن تۈرگە ئايرىلىدۇ. ئۇ ئاياغنىڭ رەڭگى قارا، بوز، ئاق بولىدۇ. ئۇنىڭ تەننەرخى كۆن، خۇرۇم ئاياغلىرىغا قارىغاندا خېلىلا ئەرزان باھادا سېتىلىدۇ. قارا يۇڭدا ئېتىلگەنلەرنى پۇت - قول مۇسكۇللارىغا شىپالىق ھەم كىر كۆتۈرۈشلۈك، سۆيەتلىك دەپ كۆپىنچە كىشىلەر قارا يۇڭدا ئېتىلگەن پىيمىنى ئازىلاپ ئالاھىدە بۇيرۇتۇپ، تومۇز كۈنلىرى ئەتكۈزۈپ قىشچە پۇتىغا كىيىدۇ. بوز پىيمىنى ياغاچچى، تۆمۈرچى، باققال، دۇكاندار قاتارلىقلار كىيىدۇ. ئاق پىيمىنى بازاردا نان ساتقۇچى ئاياللار، ئىشخانىدا ئولتۇرۇپ دوپپا، تۇماق تىكىدىغان كاسىپلار كىيىدۇ. بەزىلەر پىيمىنى پۇتىغا سايماي تۇرۇپ موزدوز ئۇستامنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ ئىنتايىن ياخشى چەمدە چەملىتىدۇ. باشمالتاق قول ئېگىزلىكتە پاشنا قويۇلىدۇ. توغرىسىغا كېڭىيىپ لاپچاق بولۇپ كەتمەسلىك ئۈچۈن پۇتنىڭ ئۆزۈڭگىلىكىنى چەللەپ، ئىككى قول كەڭلىكىدە چەمنى تىلىپ، پۇت پەنجىسىدىكى چەمگە تاقاپ كوبىخ قىلىپ ئىككى قېتىم تىكتۈرۈپ كىيىشكە باشلايدۇ. قىش چىقىپ بولغاندا پىيمىغا تېرەك قوۋزىقىنىڭ كۆلنى ياكى كۆك تاماكا، موخۇركىلارنى تاسقاپ، ئۇنىنى سېپىپ ياكى كۆي دورىسنى سېپىپ ساقلايدۇ.

uyghurkitap.com



قاپاق يامىقى: قاپاق كاۋا ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. ئۇنىڭ غولى يەر بېغىرلاپ ئۆسىدۇ. قاپاقنىڭ يوپۇرماقلىرى يۈرەك شەكلىدە نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ.

قەدىمكى پاراسەتلىك ئەجدادلىرىمىز هاياتلىق يولىدا ئېتىز-ئېرىقلارغا قاپاق تېرىپ ئۆستۈرۈپ ئۇنى جانغا ئەسقاتىدىغان تۇرمۇش بۇيۇمىغا ئايلاندۇرغان. قاپاقنى سۇ توشۇشقا، سۇ ساقلاشقا ئىشلىتىدىغان تۇرمۇش ۋاستىسى قىلغان. مىلادىيە كالېندارى بويىچە: 20-يانۋاردىن كېيىنكى ئارىلىقتىكى «قاپاق ياردى» دېگەن سوغۇق بولغاندا ئىچى سۇ بىلەن قىلىپ يېرىلىپ كەتكەن ياكى باشقا ئېهتىياجلىقتا يېرىلىپ كەتكەن قاپاق-نوگايلارنى ياماپ ئىشلەتكەن. بىر قانچە يىلدىن كېيىن سۇ سىزىپ كېتىدىغان ئەھۋال بولسا ئەتىۋارلىق زىرائەتلەرنىڭ ئۇرۇقىنى قاچىلاپ، ساقلاپ ئىشلەتكەندىن سىرت، 1962-يىلدىكى ئاچارچىلىق، قەھەتچىلىك كۈنلىرى كۈزدە تۇتۇپ تېرىق بۇغدايلار قاچىلاپ قويۇلىدۇ، قارا قۇشقاشقا ماكان قىلىپ بېرىلىدۇ.

قاپاق ياماش ئۇسۇلى: قاپاق ياماش ئۆتۈك ئاياغلىرىنى يامىغاندەك ئۇنداق ئاسان ئەمەس. قاپاق ئىچىگە قول سالغىلى بولمايدۇ. ئەڭ ئاۋۋال يوغان مىس چۆگۈندە چاينى قاينىتىپ قاپاقنىڭ ئىچىگە قۇيۇپ چالداقشىتىپ، قاپاق ئىچىنى قايناق سۇ بىلەن ئىككى-ئۈچ قېتىم چايقاپ قاپاق ئىچىنى ھوردۇتۇپ، ئىنچىكە تانا بىلەن ئوبدان ئۇقتىلاپ، قاپاقنىڭ يېرىقىنى بىر-بىرىگە يېملاپ، يېرىقتا چۆگۈندىكى قايناق سۇنى قايتا-قايتا قۇيۇپ، موزدوزنىڭ سىرەج دەيدىغان شىملىرى بىلەن شىلىمداپ، چاكلارنى شىلىمغا تويغۇزۇپ، بىشو، خۇرۇم، كۆن ياكى چەمدە ياماق سېلىنىدۇ.

توخۇنىڭ يېپىنى تېپىپ، يۇمران تۈكچىلىرىنى سېرىپ ئېلىۋېتىپ، ئۇ پەينى كىچىك-كىچىك كېسىپ بىخ دىرشى دېگەن دىرەشتە ئاۋايلاپ تېشىپ، پەينىڭ ئىككى ئۇچىنى قاپاقنىڭ قېلىنلىقىدا ئىسكاپ شەكلىدە ئېگىپ ياكى چىنە قادىقى شەكلىدە ئۆتكۈزۈپ ياماپ بولۇپ، قاپاق ئىچىنى يەنە بىر قېتىم قايناق سۇ بىلەن چايقىۋېتىپ قاپاق شامالداپ سەل قۇرىغاندىن كېيىن ئىشلەتسە بولۇۋېرىدۇ.

بوۋىلىرىمىز يەنە مۇنداقمۇ يامىغان: قاپاقنى يۇقىرىغا ئوخشاش شىلىملاپ سىرەج قېتىپ قالغۇچە قېلىنراق كۆن ياكى چەمدە ياماق چاپلاپ، سېرىق سۆگەتنىڭ قۇرۇق بادرىسىدىن ياغاچ مىخ تەييارلاپ (دىرەش تومۇقىدا)، دىرەش بىلەن تېشىپ، ياغاچ مىقنى قېقىپ ياماپ قايناق سۇ بىلەن چايقىۋەتسە، مىخ سۇدا ئېسىلىپ ياماقنى چىڭ تۇتىدۇ. ياماقچىلىقنىڭ يەنە باشقا تەرەپلىرىمۇ بار. مەسىلەن، ياغاچ ئاياغ، ياغاچ لىگەن، ياغاچ چۆمۈچ خېمىر تۇرۇچ قاپىقى، ئاش تەگلىسى، چوڭ كاساڭ، چۆچەك، سوغا، ياغاچ سۇ تۇڭى ئۇنىڭدىن باشقا هارۋا جابدۇقلىرى، ئۆتكەرمە، غەلۋىر، قاسقان، تاغار، خورجۇن، كىگىز، پالاش، جۇۋا سومكا قاتارلىقلارنىمۇ ئۆز ئۇسۇلى بويىچە يامايدۇ.

چىنە-تەخسە يامىقى: سۇنۇپ ئىككى پارچە ھەتتە تۆت-بەش پارچە بولغان چىنە، تەخسە، پىيالە، چەينەك قاتارلىق تۇرمۇش بۇيۇملىرى سۇنسا، چېقىلسا ئۇنى يامايدىغان ھۈنەرۋەنلەرنى قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز ياماقچى دېمەي «قاداقچى» دەپ ئاتاپ كەلگەن. ئىش ھەققى ھېسابلاشتا بىر قاداق، ئىككى قاداق دەپ ھېسابلىغان. قادالغان چەينەككە چاي دەملەپ قادالغان چىنە-پىيالىلەرگە قۇيۇپ ئىستېمال قىلغىلى بولۇۋېرىدۇ. يېملانغان چاكلىرى يىلمۇيىل سىزمايدىغان بولۇپ كېتىدۇ.

ياماش ئۇسۇلى، چېقىلغان چىنە-پىيالىلەرنىڭ ھەر بىر پارچىلىرىنى ئۆز جايىغا تىزىپ پىششىق يىپ بىلەن ئۇقتىلاپ قويۇپ سازەندىنىڭ كامالچىسىدەك ياسالغان بوش باكار يىپقا يۆگەپ ئۇچىغا تېرىقتىن كىچىكرەك ئالماس بېكىتىلگەن سايمان بىلەن ئۇستىنى بېسىپ تۇرۇپ تېشىپ، ئىنچىكە مىس سىم ياكى تۆمۈر سىمنى چەللەپ كېسىپ ئىككى ئۇچىغا تەگمەي ئوتتۇرىسىنى بولقا بىلەن ئۇرۇپ ياپىلاقلاپ، سىمنىڭ ئىككى ئۇچىنى ئىسكاپ شەكلىدە ئېگىپ، گۈلدەك چوڭلۇقتىكى بولقا بىلەن قېقىپ، قاداقچى ئۆزلىرى تەييارلانغان شىلىم بىلەن زاماسكىلاپ پۈتكۈزۈپ بېرىدۇ. ئۇ سايمانىنى تۇتقان ۋاقىت ئۇزارغانسېرى مۇقىملاپ كېتىدۇ.

(ئاپتور: پەيزاۋات ناھىيەلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ پېنسىيونېرى)




مۇنازىرە ئەدەبىياتىدىن پارچىلار①
مېۋىلەر مۇنازىرىسى②
ئوقۇلغۇسى ۋە ئىزاھاتلار
نەزمى بېيىت مۇجادىلەيى بەھس③
مېۋىلەرنىڭ ھىكايەسىن ئوقۇبان،
ئىشتىڭلار ھىكايەسىن تاپىبان.
مېۋىلەر بىر بىرى بىلە ئۇرۇشۇپ،
جەڭ مەيدانىدا ئەجەب تۇرۇشۇپ.
چىقتىلار شۇل زەمان④ ئەجەب غەۋغا،
ئەيلەدى بىر بىرىسىنى رەسۋا.
ئۇجمە ئايدىكى ⑤ ئەفزەلىدۇرمەن⑥،
نە ئۈچۈن ھەممەدىنكى ئەفزەلىدۇرمەن.
پىشادۇرمەن تەمامىدىن ⑦ بۇرنا ⑧،
ئاچ يالاڭ كۆزىگە قىلۇرلار سۇرما⑨
شىلانىم⑩ كەگرۇدۇر⑪ سۇلەيماندەك،
جان - جانىۋارلار يەيدۇر مېھماندەك.
ھېچ مېۋە مېنىڭچە كەگرۇ ئېمەس،
ئۆزىگە مېۋەلەردەك ئال⑫ ماڭا تەگمەس.
شاخىم ئۆزرە چىقىپ ھەمە⑬ خۇبان ⑭
ئىرغاتۇرلار تۆكەلەشۇر⑮ مەرجان ⑯
يافراغىم ⑰ فەزىلەتىنى قىلاي زاھىر⑱
بەردى قۇرۇتغا ئەيۇبى ⑲ سابىر⑳.
20 ئاڭا بۇ بائىس㉑ نەجات ئولدى ㉒،
ئاڭا كۆپ زىنەت ھەيات ئولدى.
قىلدىلار ئۆز ئۆزىنى تەئرىفات ㉓،
ئۆزىدىن ئۆزىگە مېۋەلەرنى ياد.
ئۆزىدىن ئۆزگەلەرنى سىندۇردى،
تىز بىرىن ㉔ تۆپەسىگە ㉕ مىندۇردى.
ئۇجمە ئۆزىنى ئۆزى قىلىپ ئەئلەم ㉖،
قىلادۇر ئۆزگەسىن ㉗ ئۆزىدىن كەم.

ئۈجمە سۆزلەپ ئايدى ئۇشۇل سائەت،
ھەم ئۈرۈكلەرگە يەتتى بۇ نەۋبەت (28).
ئۈرۈك ئايدى ئەي ئاۋاق ئۈژمە،
تولا ھەددىن زىياد (29) لاف ئۇرمە.
بەئۈزلۈك (30) ئوخشايسەن قاپ قارا قۇلغا.
كىشى ئالماس سېنى ساتىپ پۇلغا.
سەنى يەيدۇر غىرب شاھۇ گەدا،
تۆشكەنلىك (31) بولادۇر ئىشەككە غىزا.
تۆكەدۇر سېنىكى يەپ قۇچقاچلار،
كى زەرۇرەتدىن (32) يەر سېنى ئاچلار.
ھەممەدىن ئىلگەرى بولۇرسەن خىزان (33)،
بىر زەمان سەندە يوقتۇر ھەرگىز ئامان.
سورسا مەندۇرمەن ئاشقى سادىق،
ئول سەبەبدىن مېنىڭ يۈزۈم سارىق (34)
گەر بەھار بولسا يەر مېنى خاس ئام (35)
بۇ سۆزۈمنى قىلاي ئەمدى تەمام.
ئەھلى ئالەم ئىچىندە بولدۇم ئەزىز.
مېنى چاقسا ئىچىمدە كۆپتۇر مەغىز (36)
ھەرزەمانىكى بولسا غورا ئۈرۈك،
بولادۇر غوراغا جۇۋانلار يۈرۈك (37).
چوڭلارىم ئاسدۇر (38) جانانە،
ھەلقى (39) كۆرمەسكى ئانداغ ئەئيانە (40).
خەلق ئىچرە يۈزۈم چىرايلىقدۇر،
ئول سەبەبدىن ھەمە (41) ئەھلىكى ئاشقدۇر.
بۇ جەھان ئىچرە مەندۇرمەن ئەفزۇن (42)
ماڭا شاكىر (43) مۇۋافىق مەمنۇن.
تولادۇر چاقسالار ئىچىمدە مەغىز.
بارمۇ ئالەمدە ئۇشبۇ يەڭلىغ (44) قىز.
قىلاي ئەمدى سۆزۈمنى قىسقا تەمام،
قىلماسۇن ئەيب چولق كىچىك خاس ئام.
بۇ ئۈرۈكنىڭ ھىكايەسىن ئېشىتىپ،
يۈگۈرۈپ كەلدىلەر ئالمالار يېتىشىپ.
ئالما ئاچچىقلاشىپ ئۈرۈك بىرلەن،
ماجەرا سالدى ئول زەمان بىرلەن.
ئالما ئايتتىكى ئەي ئۈرۈك مەھنەت (45)،
سارغىرىپسەن تولا چېكىپ زەھمەت.
مەغزى بار دەپ سېنى چاقىپ باقسا،
پىچەك (46) چىقارسەن سېنى يارىپ باقسا.

سېنى ئاچىغ (47) دەپ ئەھل (48) يېمەي قۇرۇتۇر،
سېنى يېمەكلىكنى نەچە كۈن ئۇناتۇر.
قۇرۇغاندىن كېيىن بولۇر سەن گۇلە (49)،
تۇل خاتۇنلار ئۈرۈپ ئېتەرلەر چۇلە (50).
بىر ئاسسىغدۇر (51) سېنىڭ ئاچىغ ئۈرۈك،
سېنى يەيدۇر خاتۇنلار بولسا يۈرۈك.
ئالما ئايتتىكى مەندۇرمەن مەھبۇب،
بارمۇ ئەسلا چەمەندە (52) مەندىن خۇب.
مەندۇرمەن باغ ئارا شاھى خۇبان (53)،
يۈزلەرىم قىپ قىزىل يەنە تابان.
ئالما تۇرسا ھەممە تويىماس،
چىش قاماغۇنچە (54) يېسە ھەم تويىماس.
بارمۇ ئالەمدە مەن كەبى خۇش بۇي،
چەمەن ئىچرە بولۇرمەن زىبىا رۇي (55)
ئارزۇلۇقدۇر يەنە بۇ ئەھلى جەھان،
تۇتادۇر بىر - بىرىگە ئەر ۋە جۇۋان.
شاھى شافتالۇغا (56) نەۋبەت (57) يەتتى،
ئالما بۇ سۆزنى تەمام ئەتتى.
دىبدى شافتالۇ ئەي قۇرۇت ئالما،
سەن كەبى يەردە كۆپ ياتار چالما.
نە يۈزۈڭ بىرلە بىزگە سۆزلەرسەن،
يۈز ئالمانى ئۆزۈڭگە كۆزلەرسەن.
سېنى ھەركىم يېسە سوغاقى ئاشار،
قوساقى ئاغرىبان بولۇر بىمار.
ئالما دەپ بىر ئاتىڭ ئۆزۈڭ بىرلە،
سېنى كىم ئالسۇن بۇ سۆزۈڭ بىرلە.
مەن تۇرۇپ ئالمانى يېگەن كىمدۇر،
تاكى مەن بولماغاندا يەيدۇر زەرۇر (58).
ئايدى شافتالۇ مەندۇرمەن زىبا،
تاتلىق ئابدار (59) خۇش رەڭنا.
ھەركىم ئاسسىمنى ئاغزىغا ئالسا،
قانار ئول سائەت ئۇسساغان بولسا.
قويۇپ ئاغزىمنى ئاغزىغا قويار،
يۈز تۈمەن زەۋق (60) بىرلە لەبىمنى شورار.
بولسا ھەركىم ئەگەرچە قارنى توق،
مېنى كۆرسە يېمەي قارارى يوق.
سۆيۈنۈر ھەر كىشى مېنى يەردە،
روزا تۇتقاي كىشى يېسە تۇشدە.

ئۇشبۇ سۆزنى ياڭاق ئىشتىلار،
قەھرى بىرلە ئارانغا كەلدىلەر (61).
كەلدى ئاچىغلابان ياڭاق بۇ زەمان،
قىلدى شافتالۇ بىرلە كۆپ مەيدان.
شاھى شافتالۇنىڭ سۆزىن ئاڭلاپ،
كەلدى جەڭ قىلغالى قوشۇن باشلاپ.
ياڭاق ئايدى ئەي يۈزى تۈكلۈك،
گەر يۈزۈڭ بولسا سۆزلەمە بول شۈك.
ئەي ئۇلۇس (62) شافتالۇ بۇ ئالەمدە،
سەن كەبى يوق جەھاندا شەرمەندە.
تۈك ئۈنۈبدۇر يۈزۈڭگە ئەي ھەيۋان،
سەن كەبى يوق جەھاندا نۇكتە (63) جەۋان.
يېسە ھەركىم بەش ئالتە شافتالۇ،
ئاغزى بولماس بولۇر ئاڭا ئاغۇ (64).
ماجەرانى (65) تەمام قىلدى ياڭاق،
ئۆزىنىڭ تەئرىفگە قويدى ئاياق.
ياڭاق ئايتتىكى مەندۇرمەن دىلدار،
قىز - ئوغۇللار مېنى تۇتۇپ ئوينار.
ھەممە خەلق ئايتادۇركى ۋەسفى (66) ياڭاق،
ئىشتسەڭ تاش ئىلە مەغزىنى چاق.
بارمۇ ئالەمدە مەن كەبى تاتلىق،
مەغزى مېنىڭ ئىچىمدە جىق تاتلىق.
ھەركىشىنىڭ ياراسى قىلسا ئەلەم (67)
چاپار ئېزىپ ياڭاق بىلە مەلھەم.
ياڭاقنىڭ سۆزىنى ئىشتتى ئانار،
ئىچ تاشىغا تۇتاشتى ئولدەم (68) نار (69).
كىلىبان ھۆشىغە ئۇشۇل سائەت.
ماجەرا ئەيلەدى ئۇشۇل سۈرئەت.
يالاڭغاچلاپ (70) يەنە تېرەڭنى سويۇپ،
ئالادۇر كۆلگە سالىبان قۇرۇتۇپ.
ماجەرانى تەمام ئەتتى ئانار،
ئۆزىنى تەئرىف (71) ئەيلەدى بىسيار (72).
ئانار ئايتتىكى مەندۇرمەن دىلخاھ (73)،
مېنى كۆرگەن كىشى ئۇرارلار ئاھ.
مەندۇرمەن باغ ئارا شاھى خۇبان،
بىر يۈزۈم قىزىل بىرىسى تابان (74).
ئانار ئايتۇر سۆزۈمنى ئۇتكەزدىم،
ياخشى ۋەسفىمنى تەخى (75) كەم قىلدىم.

ئىشتىپ بۇ ھېكايەلەرنى چىلان،
يۈگۈرۈپ كەلدى بولۇبان نالان (76).
چىلان ئايتتىكى ئەي ئانار تەلبە (77)،
بىزگە مۇنچە سۆزۈڭنى ئۆتكۈزمە.
قىزارىپدۇر يەنە خەستە (78) يۈزۈڭ،
تولا ھەددىن زىيادە ئۆتتى سۆزۈڭ.
قىلادۇر ھەركىشى سېنى پارە،
پارە قىلسا بولۇرسەن ئاۋارە.
چىلان ئايدىكى مەندۇرمەن ناياب (79)،
ھەممە ئاغرىق دەۋاسىغا ئەسباب (80).
چىلان ئەمدى ئۆزىنى تەئرىف ئېتىپ،
نەۋبەت ئەمدى بۇ بېھىغا يېتىپ.
بېھى كەلدى ھەمىن (81) زەمان يۈگۈرۈپ،
چىلاننىڭ يۈزىگە كۆپ تۈكۈرۈپ.
دېدى ئەي بېھىيا (82) شەرمەندە،
بىزگە سۆز قىلغانلى نە ھەد (83) سەندە.
نە شاھنىڭ بىرلە بىزگە سۆزلەرسەن،
مېۋەلەرنى ئۆزۈڭگە تەڭ قىلارسەن.
بېھى ئايتتى مەندۇرمەن جانى باغ،
باغ ئاراسىدا شاھى خۇباندۇر.
مەندۇرمەن باغدا مېۋەئى ئەئلەم،
ھەممەنىڭ تۈپەدە ئەفزەل ھەم.
ياخشى ۋەسفىمنى تېخى قىلدىم كەم،
ئۆزگەلەرگە بولماغاي زەم (84).
ئىشتىپ نەشبەت (85) بۇ مۇجادەلەنى (86)،
كېلىپ ئايدىلار نەچچەند مۇدەللەلەنى (87).
مېنىڭ ئۈچۈن بار شادەمان (88) نەۋبەت،
ئۆزگەدە بارمۇ مەندەكى راھەت.
بولسا ھەركىمنىڭ تەمىزۇ (89) دانىش (90)،
مېنى ساقلاپ يېسە بولۇر يازۇ قىش.
مەندۇرمەن مېۋەلەر ئارا قەند نەبات (91)،
بەلكى ئاندىن ئۆتۈپ دېسەم ئابىھايات.
بولماسام قەند نۇقلىدىن (92) ئوبدان،
نېگە نەقل قىلۇرلار ھىندۇستان.
مەندۇرمەن ھىند شاھىغا مەئقۇل (93)،
ئۆزگەگە يوقتۇر ئاندا بارغالى يول.
سۆزىنى قىلدى نەشبەتى ئاخىر،
كى جىنەستە تۇرۇپ ئېدى ھازىر.

www.uyghurkitap.com



بۇ ھېكايەنى شۇل زەمان ئېشتىپ،
ماجىرا ئەيلەدى جىنەستە كېلىپ.
بۇ جىنەستە دېدىكى ئەي نادان،
بۇ دېگەن سۆزلەرنىڭ بارى يالغان.
چەمەن ئىچرە بىھىشت مەندۇرمەن،
مېۋەلەر ئىچرە ئۆزگە رەگدۇرمەن.
ھەر بىرىم گەۋھەرىكى (94) يا مەرجان (95)،
مېنى كۆرگەن كىشى قالۇر ھەيران.
چۇن (96) جىنەستە ئايدىكى ئەي نادان،
مېۋەلەر ئارا مەسل (97) قىند مەن تابان.
ئۇشبۇ يەردە جىنەستە سۆزلەندى،
ئۆزىنىڭ تەئرىفىنى ئۆرلەتتى.
بۇ ئېشدىن قوغۇنغا خەبەر يېتىپ،
راستلانىپ چىقتى ماجىرا ئېشتىپ.
قوغۇن ئايدى ئەي سىنە (98) جىنەستە،
مېۋەلەر ئاراسىدا ھەممەدىن پەستە.
گەر كىشى يېسە سېنى بىرغىنە توق،
سەرۇ (99) بولۇپ پات بولغۇسى يوق.
مېۋەلەر ئارا مەن كەبى كەگرۇ (100) قايدا،
شالىنىم (101) كەگرۇ شاھۇ گەدا ئۆيلەرى بايدا.
مەن ھەم ئۆزۈمنى ئەيان ئەيلەي،
ھەممەڭىز دېدىڭىز مەن ھەم بەيان ئەيلەي.
گەر ئىنساپ (102) ئەيلەسەڭ قىلساڭ تەمىز،
جۇملە مېۋەلەر ئىچرە مەندۇرمەن ئەزىز.
گەر بىلىپ ئۆلسە بولدى شەھىد،
رەۋايەت (103) ئەشھەر (104) قىلىندى سەئىد (105).
بارچە مېۋەلەر ئارا خەربۇز (106) يېمىش،
يەتتە يىل تېرىسا سەۋابى ھەج دېمىش.
خەبەر يېتىپ كەلدى ئەڭگۈرگە (107) ھەم،
ئۆزگەلەرگە ئەيلەپ زەم (108).
قوغۇنغا ئايدى ئەي سىنە قالتاق (109)،
گەر كىشى يېسە سېنى بولۇر ئاغىز يۈزنى شالتاق.
ئىنساپ بىرلەن كۆرسەڭ مېنى،
مەن كەبى چەمەن ئىچرە مېۋەلەر قېنى.
مەن ئۇچۇن شېئىرلار ۋەسفلار ئايتىپ،
پارسى تىلدا نۇكتەلار قېتىپ.
خۇدايى ما ئىمز خۇردەنى دۇر (110)،
ئەگەر خۇردى بىخۇردى نانۇ ئەڭگۇر (111).

مۇنچە تەئرىف ماڭا قىلمىش،
نە ھەد ئۆزگەلەرگە زىيادە سۆز قىلمىش.
بۇماجىرالارنى ئەنجۈر كەلدى ئاڭلاپ،
ئاچچىقى بىلەن ئۆز-ئۆزىنى داغلاپ.
مەن ئېرۇرمەن تەمام مېۋەلەر شاھى،
سۈرەتىمدۇر ئاسماندىكى ماھى (112).
تاپىلماسمەن بارچە گەدايلارغا،
قىسمەتىم بولدى شاھ بايلارغا.
قۇۋۋەتىم بارچەدىن كۈچلۈق.
پوستۇم ئىچىدە مەغزىم كۆپ گوشلۇق.
بۇ مۇجادەلەنى ئېشتىپ كېلىپ خۇرما،
ئاچچىقلانىپ سۆزلەنىپ بۇ ئايتقانلىرىڭ خوما (113).
دۇنيادا بارچە مېۋەدىندۇر زىيادە،
مېۋەلەر ئىچرە شاھدۇرمەن ئۆزگەلەر...
كەلتۈرۇرلەر مېنى ھىندۇستاندىن،
تۆھفە ئالىپ بارغالى كېلۇرلار چىنىستاندىن (114)،
سۈننەت ئولدۇم (115) روزادا روزادارلارغا،
.... (116)

تەييارلىغۇچى: ئابلىمىت قۇدرەت ھەمراھ
(ئاپتور: جۇڭگو ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ خادىمى)

---

①بېشى ئالدىنقى ساندا، ② بۇ تېكىست ھەققىدىكى تەپسىلىي ئۇچۇرلار مەزكۇر ژۇرنالنىڭ ئالدىنقى ساندا، ③ بۇ پارىسچە بىرىكمە بولۇپ «بەس-مۇنازىرە بېيىتى» دېگەن مەنىدە، ④ شۇ ۋاقىتتا، ⑤ ئېيتىكى، سۆزلىدىكى، ⑥ [ئەرەبچە] ئەۋزەل، ئارتۇق، ⑦ ھەممىسىدىن، بارلىق، تامام، ⑧ بۇرۇن، ⑨ [پارسچە] سۈرمە، ⑩ [ئەرەبچە] زىيادەت، مول غىزا، تاماق ئۈستىلى، ⑪ كەگرى، ⑫ چاقماق، ⑬ ھەممە، ⑭ [پارىسچە] گۈزەللەر، چىرايلىقلار، ⑮ تۆكۈلۈش، ⑯ [ئەرەبچە] مارجان، ⑰ ياپراق، بەرگ، ⑱ [ئەرەبچە] روشەن، پارلاق، يورۇق، ⑲ ئەييۇب ئەلەيھىسسالام، ⑳ سەبىر[ئەرەبچە] سەۋر، ㉑ [ئەرەبچە] سەۋەب، ۋەج، ㉒ [ئەرەبچە] نىجات بولدى، قۇتۇلدى، ㉓ [ئەرەبچە] تەئرىف، تەرىپلەش، ماختاش، ㉔ بىرسىنى، ㉕ ئۈستىگە، ㉖ [ئەرەبچە] كاتتا، دانىشمەن، بىلىم ئىگىسى، ㉗ باشقا، ئۆزگە، ㉘ [ئەرەبچە] قېتىم، نۆۋەت، ㉙ [پارسچە] ئارتۇق، كۆپ، ㉚ بەزى، بەزىلىرى، بەزىلىرىنىڭ، ㉛ چۇشۇش، تۆكۈلۈش، ㉜ [ئەرەبچە] لازىم، كېرەك، زۆرۈر، ㉝ [ئەرەبچە] خازان، ياپراق، يوپۇرماق، ㉞ سېرىق، [ئەرەبچە] بارچە، ھەممە، ㉟ مېغىز، ㊱ سىزىلىك بولۇش، ㊲ مەزمۇندىن قارىغاندا تېكىستتە بۇ سۆز خاتا يېزىلىپ

قالغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ سۆز ئۇيغۇر تىلىنىڭ جەنۇب شىۋە دىيالېكىلىرىدا «ئاز» شەكلىدە كېلىدۇ. بۇنداق بولغاندا «ئامراق، ئىستەك ـ ئارزۇ» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ ـ دە، تېكىستىنىڭ مەزمۇنىغا ماسلىشىدۇ. (38) [ئەرەبچە] گال، بوغۇز، (39) [ئەرەبچە] ئەئيان، مۆھتەرەم، يۇقىرى تەبىقە، ئاقسۆڭەك، (40) ھەممە، (41) [پارسچە] ئارتۇق، زىيادە، كۆپ، (42) [ئەرەبچە] «شۈكرى» سۆزىنىڭ كۆپلۈك قوشۇمچىسى، شۈكرى قىلغۇچى، رەھمەت ئېيتقۇچى، (43) دەك، تەك، ئوخشاش، (44) مەينەت، ناچار، (45) ئۇرۇقسىز، ئۇرۇقى يوق، مېغىزى يوق، (46) ئاچچىق، (47) [ئەرەبچە] ئىگە، ساھىب، (48) ئۆرۈك، شاپتۇل، قوغۇن ۋە باشقا مېۋىلەرنىڭ قۇرۇتۇلغىنى، كۆپرەك ئۆرۈك قېقىغا قارىتىلىدۇ. (49) مېۋە شىرىنىسىدىن ياسالغان ئۇسسۇلۇق. (50) ئارتۇقچىلىق، ئالاھىدىلىك، ئەۋزەللىك، (51) [پارسچە] چىمەن، گۈللۈك، چىملىق، (52) [پارسچە] گۈزەللەر، چىرايلىقلار، (53) چىش قاماش، كۆچى قالماسلىق، دەرماندىن كەتمەك، (54) [پارسچە] يۈز، بەت، چىراي، چېھرە، (55) شاپتۇل، (56) [پارسچە] نۆۋەت، قېتىم، (57)، (58) [ئەرەبچە] لازىم، كېرەك، ۋاجىب، زۆرۈر، (59) [پارسچە] يۈز، بەت، چىراي، چېھرە، (60) [ئەرەبچە] زوق، لەززەت، مەززە، ھۇزۇر، كەيپ، (61) ئارىغا چۈشتى، (62) بۇ سۆزدە بىر ئاز ئېنىقسىزلىق بار، بۇ سۆز قەدىمكى ئۇيغۇرچىدىكى «خەلق»، «ئەل» دېگەن مەنىدە چۈشىنىلسە «ئۇلۇس شاپتالۇ» دېگەن بىرىكمىدىن ھېچقانداق مەنە چىقمايدۇ. ئېھتىمال بۇ سۆزنىڭ ئىملاسىدا مەسىلە بولۇشى، ئەسلىدە «ئۆلۈش» بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر مۇنداق بولغاندا بۇ سۆز بىر خىل تەملىك شاپتۇلنى كۆرسىتىدۇ. (63) [ئەرەبچە] نازۇك، (64) زەھەر، ئوغا، (65) [ئەرەبچە] ماجرا، (66) [ئەرەبچە] تەرپىلەش، ماختاش، (67) دەرد، ئازاب، (68) شۇ زامان، شۇدەم، (69) [ئەرەبچە] ئوت، يالقۇن، (70) يالىڭاچلاش، (71) تەرپىلەش، ماختاش، (72) [پارسچە] كۆپ، مول، (73) [پارسچە] كۆڭۈلگە يېقىن، كۆڭۈل تارتقان، يېقىملىق، (74) [پارسچە] يورۇق، نۇرلۇق، پارلاق، يارقىن، (75) تېخى،

(76) [پارسچە] نالە قىلىش، يىغلاش، دات ـ پەرياد قىلىش، (77) [پارسچە] تەلۋە، مەجنۇن، سەۋدا، (78) كېسەل، زەئىپ، (79) ئاز تېپىلىدىغان، كەم ئۇچرايدىغان، (80) [ئەرەبچە] ئەسۋاب، قورال ـ سايمان، (81) [پارسچە] شۇ، ئۇشبۇ، مانا شۇ، (82) [پارسچە] ھاياسىز، (83) نېمە ھەددى، (84) [ئەرەبچە] سۆكۈش، كەمسىتىش، (85) نەشپۈت، (86) دەتالاش، تالاش ـ تارتىش، (87) [ئەرەبچە] دەلىل، ئىسپات، (88) [پارسچە] شاد، خۇشال، خۇرسەن، (89) سەممى، ساپ دىل، (90) ئەقىللىق، (91) [پارسچە] ناۋات، (92) [ئەرەبچە] مېۋە ـ چېۋە، قەنت ـ گېزەك، (93) [ئەرەبچە] ئەقلىغا مۇۋاپىق، قوبۇل قىلارلىق، دۇرۇس، (94) [پارسچە] گۆھەر، (95) [ئەرەبچە]، مارجان، (96) [پارسچە] شۇ چاغ، ۋاقتىكى، (97) ئوخشاش، (98) [پارسچە] پىخسىق، سېسىق، كۆكۈرۈك، پۈراق، (99) [ئەرەبچە] تۇتقاقلىق كېسەل، خاپىغان، (100) كەگرى، (101) ئومۇمىي تاماق؛ ئومۇمىي زىياپەت، دەستۇرخان، (102) [ئەرەبچە] ئىنساب، (103) رىۋايەت، (104) [ئەرەبچە] ئەڭ مەشھۇر، (105) [ئەرەبچە] بەختلىك، راھەتلىك، مەسئۇد، (106) قوغۇننىڭ بىر خىل تۈرى، (107) [پارسچە] ئۈزۈم، (108) سۆكۈك، (109) [پارسچە] ئىگە، ئاتىنىڭ ئىگىرى، ئىگە ياغىچى، كۆچمە مەنىسى «بۇزۇق، بۇزۇق خوتۇن، دەللە، ئوغرى» دېگەندەك تىللاش مەنىسىدىمۇ كېلىدۇ. بۇ يەردە بۇ سۆزنىڭ كۆچمە مەنىسى ئىشلىتىلگەن. (110) بۇ پارسچە مىسرا «بىزنىڭ خۇدايىمىز يېمەكلىكتىن يىراق خالىدۇر» دېگەن مەنىدە، (111) بۇ پارسچە مىسرا «ئەگەر يېسەڭ يېگەيسەن نان بىلەن ئەڭگۈر (ئۈزۈم)» دېگەن مەنىدە، (112) [پارسچە] ئاي، (113) [خەنزۇچە] بۇ سۆز «خويمۇ» دېگەن كۆچەيتمە رەۋىشنىڭ بۇزۇپ تەلەپپۇز قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن. شۇنداقلا يەنە خەنزۇچىدىكى « 好吗 ياخشىمۇ» دېگەن سۆزدىن ئۆزلەشكەن بولۇشىمۇ مۇمكىن. (114) جۇڭگونى كۆرسىتىدۇ، (115) بولدۇم، (116) ئاخىرى يوقالغان.


## بىلدۈرگۈ

ژۇرنىلىمىز نەشر قىلىنىپ بوگۈنگىچە قەدەر ئوقۇرمەنلەر، ئاپتورلار ۋە ھەرقايسى ساھەدىكى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشىپ كەلدى. ژۇرنىلىمىز ئۇنىۋان ئالماقچى بولغان قېرىنداشلىرىمىزغا قولايلىق يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدىكى، مەكتەپلەردىكى ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ۋە تەتقىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ ماقالىلىرىنى قوبۇل قىلىدۇ.

سەمىگىزدە بولسۇن، «مىراس»تا ئېلان قىلىنغان ماقالىڭىز ئۇنىۋان باھالاش ھەيئىتى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىدۇ.

تېلېفون نومۇرى: 0991 ـ 4554017

ھۆرمەت بىلەن: «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى



# ئىلمىي ژۇرنال تەھرىرلىرىنىڭ ئارگىنال بېكىتىش ئۇسۇللىرى

غالىب مۇھەممەد قارلۇق

ئارگىنال بېكىتىش نەشرىياتچىلىق كەسپىي نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا ئارگىنالغا قارىتا ئىلمىي تەھلىل ۋە ھۆكۈملەش ئېلىپ بېرىش پائالىيىتىدىن ئىبارەت. ئىلمىي ژۇرنال تەھرىرلىرىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ئارگىنال بېكىتىش ئىلمىي ژۇرنال تەھرىرلىك خىزمىتىدىكى مەركىزىي ھالقا، ئىلمىي ژۇرنال سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتىكى بىر مۇھىم قەدەم، شۇنداقلا ئەڭ ئاساسلىق ۋەزىپە. ئىلمىي ژۇرناللارنىڭ خاراكتېرى ئىلمىي ژۇرنال تەھرىرلىرىنىڭ ئارگىنال بېكىتىش مەزمۇنى ۋە مەقسىتىگە قارىتا زور چەكلىمە ئېلىپ كېلىدۇ. چۈنكى ئىلمىي ژۇرناللار سىستېمىلاشقان، مەخسۇسلاشقان، ئىجادچانلىققا ئىگە ئىلمىي ماقالىلەرنى ئېلان قىلىشنى ئاساس قىلىدۇ؛ يۇقىرى سەۋىيەلىك، يۇقىرى سۈپەتلىك پەن تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا نەزەرىيە جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىشنى نىشان قىلىدۇ. شۇڭا ئىلمىي ژۇرنال تەھرىرلىرىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى نەزەرىيەشۇناسلارغا خاس سوغۇققانلىق بىلەن ئارگىنالنىڭ مەزمۇنى، ئىدىيەسى، ئىلمىي قىممىتىگە قارىتا تەكشۈرۈپ دەلىللەش ئېلىپ بېرىش؛ بۇ ئارقىلىق ئاكتىپ پىكىر ۋە تەكلىپلەر ئاساسىدا ئاپتور بىلەن ئالاقىلىشىپ، تۈزىتىپ ۋە تولۇقلاشقا ئۇيۇشتۇرۇش؛ ئاخىرىدا سىياسىيۋىلىكى كۈچلۈك، ئىلمىي سەۋىيەسى يۇقىرى، ئىلمىيلىكى قويۇق، ماقالىلەرنى جەمئىيەتكە تەقدىم قىلىشتىن ئىبارەت. بۇنداق ئېغىر ھەم جاپالىق ئارگىنال بېكىتىش ۋەزىپىسىنى تاماملاش ئۈچۈن ئىلمىي ژۇرنال تەھرىرلىرى ئىلمىي بولغان ئارگىنال بېكىتىش ئۇسۇللىرىنى يىغىشى، بۇ ئارقىلىق ئۆز خىزمىتىنىڭ ھۆددىسىدىن ئۈنۈملۈك چىقىشقا تىرىشىشى لازىم. تۆۋەندە مەن ئۆزۈمنىڭ تەھرىرلىك خىزمەت ئەمەلىيىتىم جەريانىدىكى تەجرىبە-ساۋاقلىرىمغا بىرلەشتۈرۈپ، ئارگىنال بېكىتىشنىڭ ئۇسۇللىرىغا مۇناسىۋەتلىك مۇنداق ئۈچ خىل ئۇسۇلنى كەسپداشلارنىڭ مۇھاكىمە ۋە پايدىلىنىشىغا سۇنماقچىمەن.

### 1. سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلى

سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلى دېگىنىمىز — نۇقتىئىنەزەر، مەزمۇن ياكى شەكىل جەھەتتىن بەلگىلىك مۇناسىۋىتى بولغان ماقالىلەرنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ، تەھلىل قىلىش ئارقىلىق ئارگىنالنى بېكىتىش دېگەنلىكتۇر. قەدىمكىلەردە: «مال تونۇماسلىقتىن قورقما، بەلكى مال بىلەن مالنى سېلىشتۇرۇشتىن قورق» دەيدىغان گەپ بار. بۇ گەپ ھەقىقەتەن بىكار ئېيتىلمىغان. ھەرقانداق شەيئىنى پەقەت سېلىشتۇرۇش ئارقىلىقلا ناھايىتى ئېنىق ھېس قىلغىلى بولىدۇ. شۇڭا جۇڭگونىڭ مەدەنىيەت ئۇستازلىرىدىن بولغان ۋېن يىدۇ ئەپەندى شۇنداق دېگەنىدى: «بارلىق قىممەتنى سېلىشتۇرغاندىلا كۆرگىلى بولىدۇ». دېمەككى، مەلۇم ماقالىنىڭ ئارتۇقچىلىقى، يېتەرسىزلىكى، ئىدىيەۋى مەزمۇنى، سەنئەت ۋە ئىلمىي قىممىتى قاتارلىقلار شۇ تۈردىكى باشقا ماقالىلەر بىلەن سېلىشتۇرۇش ئارقىلىقلا روشەن گەۋدىلىنىپ چىقىدۇ. بىز ئارگىنالنى بېكىتكەن ۋاقتىمىزدا ئەڭ ئاۋۋال قىلىدىغىنىمىز — ئارگىنالدا يېڭى بىر ئىدىيەنىڭ بار-يوقلۇقىغا، ئۇنىڭ جەمئىيەتنى تەمىنلەيدىغان قىممىتىنىڭ قانچىلىكلىكىگە، كونا پىكىر كۆز قاراشلارنىڭ تەكرارلىنىش دەرىجىسىگە ھۆكۈم قىلىشتۇر. تەھرىرنىڭ ئىگىلىگەن ئۇچۇر مىقدارى ھەرقانچە كۆپ، بىلىم دائىرىسى ھەرقانچە مول بولغان تەقدىردىمۇ، بىراق ئۇ ئۆزىنىڭ

چەكلىك بىلىشى بىلەن ھەر بىر ماقالە ئارگىنالغا مۇكەمـ
مەل دىياگنوز قويۇپ كېتەلىشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭ
ئۈستىگە تەھرىرنىڭ ئىلگىرىكى ماقالە مەزمۇنلىرىنىمۇ پۇـ
تۇنلەي ئەستە تۇتۇپ كېتەلىشىمۇ ناتايىن. بۇنداق ئەھۋالـ
دا بىر پارچە ئىلمىي ماقالىدىكى كۆز قاراشلارنىڭ كونا
ياكى يېڭىلىقى، تەكرارلانغان ياكى تەكرارلانمىغانلىقى،
بەلگىلىك ئىجادىي كۆز قاراشنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلغان ياكى
قويۇلمىغانلىقى، مەلۇم بۆسۈش خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەشـ
نىڭ بولغان ياكى بولمىغانلىقى قاتارلىقلارغا ھۆكۈم قىلىشتا
يەنىلا سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلىغا مۇراجىئەت قىلىشقا توغرا
كېلىدۇ. ئۇنداقتا ئارگىنال بېكىتىش جەريانىدا سېلىشتۇـ
رۇشنى قانداق ئېلىپ بېرىش كېرەك؟

ئالدى بىلەن سېلىشتۇرۇلىدىغان ئوبيېكتنى مۇقىمـ
لاشتۇرۇۋېلىش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ماقالىلەردىكى
ئوخشاشلىقلارنى بايقاشقا ماھىر بولۇش لازىم. ئادەتتە
ئوخشىمىغان ماقالىلەر ئىچىدە مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتـ
تىن ئۆزئارا باغلىنىشلىقى بولغان بىر تۈردىكى ماقالىلەر
بولىدۇ، ھەتتا بۇ بىر تۈركۈم ماقالىلەر مەلۇم مۇناسىۋەت
يىقىدىن ئىنتايىن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. بۇ بىزگە
سېلىشتۇرۇلىدىغان ماقالىلەرنىڭ ئىمكانىنى بېرىدۇ. مانا
مۇشۇنداق مۇۋاپىق بولغان سېلىشتۇرۇش ئوبيېكتىنى
ياخشى تاللاش ئۈچۈن تەھرىر كەڭ نۇقتىئىنەزەر، مول
تەسەۋۋۇر ۋە تەپەككۇر كۈچىگە ئىگە بولۇشى؛ ئىلمىي
ساھەدە ئېلان قىلىنغان، نەشر قىلىنغان ماقالە - ئەسەر،
كىتابلاردىن خەۋەردار بولۇشى؛ قانچىلىك ئىلمىي مەسىلـ
لەرنىڭ ھەل بولغانلىقىنى بىلىشى؛ ئىلىم ساھەسىدە يەنە
قانداق ئىلمىي مۇنازىرىلەرنىڭ ساقلىنىۋاتقانلىقىدىن خەـ
ۋەردار بولۇشى؛ بۇلارنىڭ مەزكۇر ماقالە ئارگىنالى بىلەن
باغلىنىشلىقى بار-يوقلۇقى، بولسا قانچىلىكلىكى... دېگەنـ
دەك مەزمۇنلاردىكى بىلىشكە ئىگە بولۇشى لازىم. سېلىشـ
تۇرۇلىدىغان ئوبيېكتنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن تۆۋەنـ
دىكىدەك سېلىشتۇرۇش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىپ بېقىشقا بوـ
لىدۇ، دەپ قارايمەن: (1) ئوخشاش تۈردىكىلەرنى سېلىشـ
تۇرۇش. مەسىلەن، مەلۇم بىر تېمىدا ئىلگىرىمۇ يېزىلغان.
بۇ قېتىم يېزىلغىنىدا تەتقىقاتتا ئىلگىرىلەش بولدىمۇ-يوق،
قانچىلىك بولدى... دېگەندەك؛ (2) ئوخشىمىغان تۈرلەرـ
نى سېلىشتۇرۇش. مەسىلەن، مۇشۇ تېمىدا تەتقىقات ئېلىپ
بېرىلدىمۇ-يوق... دېگەندەك؛ (3) يۆنىلىش جەھەتتىن
سېلىشتۇرۇش. يەنى مۇشۇ تەتقىقاتقا قارىتا تارىخىي تەكـ
شۈرۈش ئېلىپ بېرىش؛ (4) پاراللېل سېلىشتۇرۇش، يەنى
مۇشۇ تەتقىقاتقا ياندىشىقان باشقا تەتقىقاتلارنى بىر يەرگە
ئېلىپ كېلىپ، مەزكۇر تەتقىقات بىلەن سېلىشتۇرۇش.

## 2. ئانالىز ئۇسۇلى

ئانالىز ئۇسۇلى دېگەنلىك ماقالە ئارگىنالىنىڭ قۇرۇلـ
مىسىنى تەھلىل قىلىپ، نېگىزلىك قىسمىنى ئايرىۋېلىپ،
ئارتۇقچىلىقىنى تەھلىل قىلىدىغان بىر خىل ئارگىنال بېكىـ
تىش ئۇسۇلىنى كۆرسىتىدۇ. سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلىدا ئورىـ
گىنالدا يېڭىلىقنىڭ بار-يوقلۇقىنى سېلىشتۇرۇپ تېپىپ چىـ
قىشنىڭ ئۆزى ئارگىنالنى بېكىتىشنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىدىن
دېرەك بەرمەيدۇ. چوقۇم يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ماقاـ
لىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان (تۇرغۇزۇلغان) نەزەرىيەنىڭ ئاـ
ساسى ۋە لوگىكىسى تەتقىقات ئاساسىدىن كەلگەنمۇ-يوق،
دېگەننى ئېنىقلاشقا توغرا كېلىدۇ. ئاۋۋال نەزەرىيەۋى
تەھلىل ئېلىپ بېرىش كېرەك. يەنى ماقالىدىكى كۆز
قاراش پۇت تىرەپ تۇرالامدۇ-يوق؟ ماركسىزم-لېنىنىزم،
ماۋزېدۇڭ ئىدىيەسى ۋە پارتىيەنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى
نۇقتىسىدىن ئالغاندا ماقالىدە سىياسىي مەسىلە بارمۇ يوق؟
نەزەرىيەۋى ئاساس پۇت دەسسەپ تۇرالامدۇ؟ دېگەنـ
دەك شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئارگىنالغا قارىتا قۇرۇلما ۋە لوـ
گىكا جەھەتتىن ئانالىز ئېلىپ بېرىش لازىم. بېكىتىلمەكچى
بولغان ئارگىنالدىكى چوڭ-كىچىك نۇقتىئىنەزەرلەر ئۆزئاـ
را باغلىنىشلىقمۇ، ھەرقايسى ماتېرىياللارنىڭ نۇقتىئىنەزەر
بىلەن مۇناسىۋىتى قانچىلىك؛ شۇ ماتېرىياللاردىن قايسىلـ
رى نۇقتىئىنەزەرنى ھەقىقىي چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ،
قايسىلىرى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ، تارماق نۇقتىئىنەـ
زەر بىلەن غول نۇقتىئىنەزەر ئارىسىدا لوگىكىلىق باغلەـ
نىش بارمۇ-يوق، ئۇقۇم ئېنىقمۇ ئەمەس، ئاغدۇرۇۋېتىلـ
گەن ياكى تىكلەنگەن (تۇرغۇزۇلغان) ھۆكۈم ئەمەلىيەتكە
ئۇيغۇنمۇ، پۈتۈن ئارگىنال مەزمۇنى ۋە قۇرۇلمىسى ئوبـ
يېكتىپ شەيئىلەرنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتى ۋە ئىچكى باغـ
لىنىشىنى ئەكس ئەتتۈرەلىدىمۇ-يوق، ئۇ ئاساسىي تېما ئېھـ
تىياجىغا بويسۇندىمۇ؟... دېگەنلەرنى ئېنىقلاپ چىقىش
لازىم. ئۇنىڭدىن باشقا ماقالە ئارگىنالنىڭ تىلى، يېزىقى،
گىراماتىكىسى ۋە ئاساسىي ئۇقۇمىغا قارىتامۇ مۇۋاپىق

تەكشۇرۇپ باھالاشنى ئىلىپ بىرىش لازىم.

### 3. تەكشۇرۇش ئۇسۇلى

تەكشۇرۇش ئۇسۇلى دىگىنىمىز ئارگىنالغا مۇناسىۋەتلىك ماتىرىياللارغا قارىتا تەكشۇرۇش ئىلىپ بىرىلىدىغان بىر خىل ئارگىنال بىكىتىش ئۇسۇلىدىن ئىبارەت. بۇنىڭ ئاساسلىق رولى ئارگىنال ماتىرىياللىرىنىڭ توغرا-خاتالىقىغا، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇنلۇقىغا، پاكىتلارنىڭ توغرىلىقىغا، ئىملاسىنىڭ خاتا ئەمەسلىكىگە، ئاپتورنىڭ ماقالىدە نىمە دىمەكچى بولغانلىقىنى ئىنىق ئاڭقىرىشقا توغرا بولغان ھۆكۈم چىقىرىش بىلەن تەمىنلەيدۇ. ماتىرىيالنىڭ ئۆزىنى نەزەرىيەۋى ئاساس دىيىشكە بولىدۇ؛ نۇقتىئىنەزەر ئەمەلىيەت ئاساسىدا پۈت تىرەپ تۇرىدۇ؛ ئەگەر ماتىرىيال ئويدۇرما بولسا، ئۇ ھالدا نۇقتىئىنەزەرنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلاپ بەرگىلى بولمايدۇ، ئۇ چاغدا مەزكۇر ماقالە ئىلمىي قىممىتىنى يوقىتىدۇ.

ئادەتتە ماتىرىيال ئىككى تۇرلۇك بولىدۇ: بىرى، نەزەرىيەۋى ئاساس؛ يەنە بىرى ئەمەلىيەت ئارقىلىق ئىرىشىلگەن ماتىرىياللار. ئومۇمەن تەھرىر تەكشۇرۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق ماقالىدىكى ماتىرىياللارنىڭ تىخىمۇ توغرا بولۇشىغا، ئىپادىلەشنىڭ مۇۋاپىقلىقىغا، چۈشەندۇرۇش-ئىزاھلاشنىڭ توغرىلىقىغا، تىلنىڭ ئوبرازلىقىغا تۆرتكە بولىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئەڭ ياخشى ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە يىتەلەيدۇ.

بىز يۇقىرىدا ئىلمىي ژۇرنال تەھرىرلىرىنىڭ ماقالە ئارگىنالىنى بىكىتىشتە دائىملىق قوللىنىدىغان ئۈچ خىل ئاساسلىق ئۇسۇلىنى يۇزەكىرەك ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتتۇق. ئەمەلىيەتتە بۇ ئۈچ خىل ئۇسۇل ھەرگىزمۇ ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئەمەس، بەلكى ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك ھالدا كىرىشتۇرۇلۇپ قوللىنىلىپ، ئارگىنالنىڭ سۈپىتى، ئىلمىي قىممىتى، ئىشلىتىلىشى، شۇنداقلا تەتقىقات خادىملىرىنى تەربىيەلەش جەھەتلەردە كاپالەتلىك قىلىش رولىنى ئوينايدۇ. لىكىن بۇ ئۇسۇللارنىمۇ مۇتلەق مۇكەممەللىككە ئىگە دىگىلى بولمايدۇ. چۈنكى، تەھرىرلىك جەريانى قېلىپقا چۈشمەيدۇ، كىلىۋاتقان ماقالە-ئەسەرلەر تىخىمۇ شۇنداق، تەھرىرلىك جەريانىدا يىڭى-يىڭى خىرىسلارغا دۇچ كىلىدىغان گەپ. شۇنىڭغا ماس ھالدا ئارگىنال بىكىتىش ئۇسۇللىرى توختىماي ئۆزلۈكسىز ئىزدىنىپ، يىڭى بوشلۇقلارنى ئىچىشقا توغرا كىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تەھرىر ئىلمىي ژۇرناللارنىڭ ئارگىنال بىكىتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشى، بۇ جەرياندا تەجرىبە-ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ مىڭىشقا كۈچىشى، مۇشۇ ئارقىلىق ئارگىنال بىكىتىشنىڭ يىڭى ئۇسۇللىرىنى تىپىپ چىقىپ ئۇنى تەھرىرلىك ئەمەلىيىتى جەريانىدا جانلىق ئىشلىتىشكە ماھىر بولۇشى، توغرا بولغان ئارگىنال بىكىتىش پوزىتسىيەسىدە بولۇشى، جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسيالىزم نەزەرىيەسىنى ئارگىنال بىكىتىشتىكى سىياسىي يىتەكچى قىلىشى، «سۈپەت بىرىنچى، ئىجتىمائىي ئۈنۈم بىرىنچى ۋە ئارگىنال ئالدىدا ھەممە ئادەم باباراۋەر بولۇش» پىرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇشى، ئاپتور ۋە ماقالىنى ئومۇمىيۈزلۈك چۈشىنىشى، ماقالىدىكى سۇبيېكتىپلىقنى ئىگىلىشى، ئوبيېكتىپ باھا بىرىشكە تىرىشىشى لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن سەۋىيەسى يۇقىرى، يۇقىرى سۈپەتتىكى ئىلمىي ژۇرنالنى نەشر قىلىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ.

(ئاپتور شىنجاڭ پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ژۇرناللىرى نەشرىياتىدا)


## بىلدۇرگۇ

ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان بارلىق ئەسەرلەرنىڭ نەشر ھوقۇقى بىزدە.

رۇخسەتسىز ئىشلىتىۋالغۇچىلارنىڭ قانۇنىي جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلىدۇ!

«مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى



# ئەجدادلار مىراسى —

# ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى كىيىم - كېچەكلىرىدىن ئۈرنەكلەر



تۇردى ئىمىن سىزغان






① يالقۇن هابىل تارتقان

② ئەزىزە تۇيغۇن تارتقان

③ مۇتەللىپ مەتتوختى تارتقان

